

# شنجاڭ

# تاريخ ماتيرياللرى

# ( 49 )


جۇڭگو خەلق سياسي مەسلھەت كېڭشى ش ئۇ ئا ر كومتېتى
تاريخ ماتېرياللرى ـ ئۆگننش كومتېتى تۈزدى

# شىنجاڭ

# تارىخ ماتېرىياللىرى

( 49 )

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى
تارىخ ماتېرىياللىرى ـ ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (49)**
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى - ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي يېڭەنكۆل يولى 135 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830063

---

ئۈرۈمچى شىنشىي باسما ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 47 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830002
190000 خەت، چوڭ 32 فورمات، باسما تاۋاق 10.94
2008 - يىل 2 - ئايدا بېسىلدى
تىراژى: 1 ~ 1000
(ئىچكى ماتېرىيال ھەقسىز تارقىتىلىدۇ)

---

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىچكى ماتېرىياللارنى بېسىشقا
رۇخسەت قىلىش ئىجازەت نومۇرى (2008) 002

---

## مۇندەرىجە

مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن
........................................ مامۇتوپ قۇربان (1)
ئۇيغۇر سايرانىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى نەشرگە
تەييارلاش خىزمىتى ھەققىدىكى ئەسلىمىسى...............
............. رەتلىگۈچى مەخمۇتجان مۇھەممەت (69)
شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان قول سانائىتى ھەققىدە......
........................... نۇرۇللا مۇئمىن يۇلغۇن (79)
بۇگۇر مائارىپى توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە ..........
........................................ جۇمە سېتى (109)
شىنجاڭنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 50 نەچچە يىل-
لىق دىن خىزمىتىگە نەزەر ........... ۋاڭ ۋېنخېڭ (155)
شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشتى-
كى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ...... كېرەم ھاشىم (220)
كونا ۋە يېڭى كۇرەدە ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىم........
........................................ سىدىق ئىمىن (224)
دىلمۇك تېغى ۋە دىلمۇك تېغى باغرىدىكى يېزىلارنىڭ بارلىق-
قا كېلىشى ...................... يۇسۇپجان ئەيسا (252)
مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ

35 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈمىكى ھەققىدە ئەسلىمە ........................................ ۋاڭ شاگرىن (278)
جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇنجى نېفىتلىكنىڭ ئېچىلىشى ... ........................................ ئىمىنجان سادىق (302)
چىڭ ۋەنچىڭنىڭ خوتەنگە ھاكىم بولۇپ كېلىشى ...... ........................ مۇھەممەت ئابدۇللا ھاجى (311)



# مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن

مامۇتوپ قۇربان

مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ بىزدىن ئايرىلغىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. مەرھۇم خەلقىمىزنىڭ ھەقىقىي چاكىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، پارتىيە ۋە خەلقىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن دىيانەتلىك، ئىقتىدارلىق رەھبىرىي كادىرى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنىڭ يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىسى ئىدى. ئۇ كەڭ سەپداشلىرى، كەڭ خەلق ئاممىسى ئېتىراپ قىلغان ئالىيجاناپ پەزىلەت ئىگىسى ئىدى. شۇڭلاشقا كەڭ سەپداشلىرى، خىزمەتداشلىرى، خەلق ئاممىسى مەرھۇمنى يىل سايىن چوڭقۇر سېغىنىپ، چوڭقۇر ياد ئېتىپ، قەلب تۆرلىرىدىن ھۆرمەت ئورنىنى بېرىپ، ئېھتىرام بىلدۈرۈپ كەلمەكتە.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقلىرى بۇ ئالىيجاناب زاتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىقى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئېزىز جېنىنىمۇ ئايىماي بارلىقىنى قۇربان بېرىپ ئىشلىگەن ئىش ـ ئىزلىرىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھۆرمەت ھېسسىياتلىرى بىلەن مەدھىيىلەر ئوقۇپ كەلمەكتە. مەرھۇم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت

خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات.

- 1 -

مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ 1915 - يىلى 8 - ئايدا ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 6 يېشىدا، يەنى 1921 - يىلى ئاتىسى ياخشى كۆرىدىغان مۇھەممەتئىمىننى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستاننىڭ قاراقول رايونىغا ئېلىپ چىقىپ، روسچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇشقا بېرىدۇ. 1926 - يىلى يەنە ياركەنتتىكى روسچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. ئەقىللىق مۇھەممەتئىمىن روسچە باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ تىرىشىپ ئوقۇپ، ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرىدۇ. 16 يېشىدىن يەنى 1931 - يىلدىن 1935 - يىلغىچە ئاتىسىنىڭ ئۆزبېكىستان بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا يېڭىدىن باشلىنىپ كېلىۋاتقان مالغا مال ئالماشتۇرۇش چېگرا سودا تىجارىتىنىڭ روسچە تەرجىمانى ھەم ياراملىق بالا تىجارەتچى بولۇپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ سىرتقا تاقاقلىق دەرۋازىسىنى قېقىپ، رايونىمىز چېگرا سودا تىجارىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ياش تالانت ئىگىسى مۇھەممەتئىمىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ۋاقتى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى گۈللىنىۋاتقان، پۈتۈن جەمئىيەت يېڭىلىققا يۈزلىنىۋاتقان قاينام - تاشقىنلىق دەۋرگە توغرا كەلدى.

ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر مۇھەممەتئىمىننىڭ مېڭىسىدە ئىنكاس



قوزغىدى. ئۇ چەت ئەلدە كۆرگەن تەرەققىيات ۋە يېڭىلىقلاردىن ئىلھاملىنىپ، يۇرتىمىزنىڭ نادانلىق ۋە نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش تەسەۋۋۇرىنى كۆڭلىگە پۈكتى.

مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ياشلىقىنىڭ دەسلىپىدىلا «ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، خەلق ئۈچۈن ياشاش» دىن ئىبارەت ھاياتلىقىنىڭ توغرا يولىنى تاللىۋالغان، بەلكىم ئۆمۈر بويى خەلق ئۈچۈن ئىشلەشنى تەڭداشسىز شان - شەرەپ بىلگەن.

مەرھۇم خىيالپەرەستلەردىن ئەمەس ئىدى، قولىدىن كەلمەيدىغىنىغا قارىغۇلارچە ئۇرۇنمايتتى، ئەمما قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشاتتى. قولىدىن كېلىدىغان ۋە تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ ئۈنۈملۈك ئىشلەيتتى.

مەرھۇم 20 يېشىدا (1935 - يىلى) يۇرتى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپلا خەلققە بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە تەقەززا بولدى. مەرھۇم ئەقىللىق، زېرەك رېئالىست ئىدى. ئۇ شۇ شارائىتتا ھەدەپ چوڭ ئىش قىلىشنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. مەيلى قانداق بولمىسۇن خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىش قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنەتتى. ئاخىرى ئۇ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان سۇچىلىق ئىشىنى تاللىدى. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكى كۆلىمى كىچىك، سۈپىتى تۆۋەن، مادارى ئاجىز، قالاق ناتۇرال ئىگىلىك ئىدى. بۇ رېئاللىقنى كۆرۈپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىگە، ئەمما دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈچۈن ئاددىي، كىچىك كۆلەمدىكى سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا بولىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا پايدىسى تېگىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قال-

دى. بۇ مەرھۇم ئۇچۇن ھاياتلىقىنىڭ بىرىنچى توغرا تاللىشى
بولدى.

مەرھۇم شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، 1935 ـ يىلىدىن 1938
ـ يىلىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن شېڭ شىسەي
ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ سۇ مەنبەسىنى
ئېچىش» كېلىشىمى بويىچە قۇرۇلغان سوۋېت ۋە بىز تەرەپ
قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىغا تەرجىمان بولۇپ كىر-
دى. ئاسان قولغا كەلمەيدىغان بۇ ياخشى پۇرسەتنىڭ قولغا كېلىپ
قالغانلىقىدىن روھلىنىپ، مۇتەخەسسىسلەرگە تەرجىمانلىق قى-
لىش ئورنىنى ھەم خەنزۇچە، روسچە تىل سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈ-
ۋېلىشنىڭ ھەم سۇ قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنى ياخشى ئۆگىنىۋېلىش-
نىڭ مەكتىپىگە ئايلاندۇرۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان قىلچىلىك
پۇرسەت بولسىمۇ زادى قولدىن بەرمەي، بىر تەرەپتىن ئۆگى-
نىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلىدى. ئۇ كىتابى بىلىم بىلەن ئەمەلىي
تەجرىبىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى توغرىسى-
دىكى مەلۇمات ۋە سۇ بايلىقىنى ئېچىش بىلىملىرى قاتارلىقلارنى
ئىگىلەپ، تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
قۇرۇلۇش نازارىتى سۇ ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ ئىختىساسلىق خادى-
مى بولۇپ قالدى. مەرھۇم بۇنچىلىك بىلىم ئىقتىدارىدىن زادى
قانائەتلەنمىدى. ئۇرۇمچى سۇ ئىشلىرى تېخنىكومىنى، شىنجاڭ
ئىنىستىتۇتىنىڭ سۇ ئىشلىرى فاكۇلتېتىنى خىزمىتىگە كىرىش-
تۈرۈپ كارامەت تىرىشچانلىقى بىلەن ئەلا پۈتتۈرۈپ، كىشىلەر
تېخىمۇ كۆز تىكىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان ئىقتىدارلىق مۇتەخەس-
سىسكە ئايلاندى. ئۇ 1938 ـ يىلىدىن 1944 ـ يىلىنىڭ 8 ـ
ئايلىرىغىچە ئالتاي، مايتاغ، بوغدا، خۇتۇبى، ماناس، ساۋان
قاتارلىق كەڭ رايونلارنىڭ سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش



قۇرۇلۇشلىرىغا سۇ ئىنژېنېرى سالاھىيىتى بىلەن قاتنىشىپ،
كۆرۈش، تەھلىل يۈرگۈزۈش، مۇۋاپىق پىكىر قىلىش، توغرا
ھۆكۈم قىلىشتەك ئالاھىدە ئىقتىدارى بىلەن كۆرۈنەرلىك رول
ئويناپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆچمەس ئىز-
لىرىنى قالدۇردى. بۇ ئىختىساسلىق ئىنژېنېر ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلابى دەۋرىدە تازا ئەسقىتىپ، سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئا-
ۋىن نازىرى بولۇپ، سۇ ئىشلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش باشقۇرۇلۇشىدا
تايانچلىق رول ئوينىدى.

مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ ياشلىقىدىن تارتىپلا
خەلق ئۈچۈن ياشاش، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، بىلىم ئىزدەش،
ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، جاپاغا چىداش، مىننەت قىلماسلىق-
تەك يۈكسەك ئىرادىسى بىلەن ئېسىل پەزىلىتى بىزنىڭ ئۆگىنى-
شىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ـ 2 ـ

مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغان
رايونلارنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرى ۋە مەھەللىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ،
دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ، يىللىقچى، مەدىكار ئىشلەمچىلەرنىڭ
ئاھ ـ زارىنى ئاڭلىدى، دەرد ـ ھەسرىتى، ئاچ ـ توق، يېلىڭ
ـ يىرتىق، غېرىبانە تۇرمۇشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەپەككۇرى يېڭى
تۈس ئالدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھەر
مىللەت خەلقى ئۈستىدە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىقتىسادىي جەھەتتە قان
ـ تەرىنى شوراش، سىياسىي جەھەتتە تەڭسىزلىك ئاسارىتىدە
خورلاش، مەدەنىيەت جەھەتتە جاھالەت سىرتمىقىغا باغلاپ يۈرگۈ-
زۈۋاتقان مۇدھىش زۇلمەتلىرى مەرھۇمنىڭ يۈرەك باغرىنى پۇچۇ-

لىۋەتتى. ئۇ خەلقنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش يوللىرى
ئۈستىدە ئىزدەندى ۋە ئاخىرى كۈرەش قىلىش يولىنى تاللىۋال-
دى. لېنىن پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە نىجاتلىق تاپقان سوۋېت
خەلقىدەك، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە
تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ۋە ئىچكى ئەكسىيەتچى كۈچ-
لەرنىڭ مۇستەبىتلىكىگە قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلىۋاتقان ئىچ-
كىرى ئۆلكىلەردىكى ھەر مىللەت خەلقىدەك ئىنقىلاب يولىغا
مېڭىش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

1944 ـ يىلى ماناس دەرياسى ۋادىسىدىكى سۇ قۇرۇلۇشىدا
ئىشلەۋاتقىنىدا مەرھۇم ئاساسىي دىققەت ـ ئېتىبارىنى سۇ قۇرۇ-
لۇشىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەمدە ماناس، ساۋەن ۋادى-
لىرىدىكى خەلقنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەيپىيات-
لىرىنى بىلىشكە، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، تەشۋىقات
يۈرگۈزۈپ تەشكىللەشكە قاراتتى. 1944 ـ يىلنىڭ ئاخىرى ئۇ
سۇ قۇرۇلۇشىدىكى 4 ~ 5 جىگەرلىك يىگىتلەرنى باشلاپ،
ماناس دەريا ياقىسىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى پارتى-
زانلىق ھەرىكەتلىرىگە، ئاندىن بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە قوشۇلۇپ، جىڭ، شىخولارنى
ئازاد قىلىش چوڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتى. مەرھۇم جەڭدىكى
ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىق شىجائىتى، ئۇرۇش قىلىش-
تىكى پەم ـ پاراستى، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى توغرا مۆلچەرلەش
ئىقتىدارى بىلەن تېزلا تونۇلۇپ، ۋىزۋود (پەي) كوماندىرلىقى-
دىن بىراقلا ئېسكادرون كوماندىرلىقىغا كۆتۈرۈلۈپ، جىڭ، شى-
خو ئۇرۇشلىرىدا كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتتى.

خەلق ئۈچۈن ئىشلەش ئابستراكت بولمايدۇ، كونكرېت بو-
لىدۇ، يەنى بارلىقىنى خەلققە بېغىشلاپ، خەلق ئاممىسىغا مەنپە-



ئەت يەتكۈزۈش رېئاللىقىدىن ئىبارەت بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئې-
غىزدىكى قۇرۇق گەپ بولمايدۇ. بىز چوڭقۇر ياد ئېتىۋاتقان
مەرھۇم ئىمىنوۋنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق يەكدىللىق بىلەن خەلق
ئۈچۈن ئىشلەپ ئۆتكەن پارلاق ھايات ئىدى.

مەرھۇم ئىلگىرى سۇ قۇرۇلۇشى ساھەسىدە خەلق ئىگىلىكى-
نى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئۆگەنگەن ۋە
ئىشلىگەن بولسا، ئەمدى جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، بيۇروك-
رات كاپىتالىزم ۋەكىللىكىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىنجاڭ خەل-
قىنى ئازادلىققا چىقىرىش يولىنى تاللىۋېلىپ، خەلقنىڭ ئازادلى-
قى ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ مەردانە قەدەم تاشلىدى.

مەرھۇم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا «ئازادلىق تەشكىلاتى»،
«خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» گە قاتناشقان. «خەلق ئىنقىلابىي
پارتىيىسى» ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، پارتىيىنىڭ
رەھبەرلىك كوللېكتىپىدا تېگىشلىك رول ئوينىغان. ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش شتاب 1 ـ سىياسىي
بۆلۈمىدە ئوفىتسېر، باش شتاب ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بۆلۈم باشلىقى، باش شتابنىڭ جەنۇبىي
يۆنىلىش رازۋېدكا پونكىتىنىڭ مەسئۇلى، ئاتلىق پولىك كوماندى-
رى، باش شتابنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى قاتارلىق مۇھىم
ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مەن 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە باش شتاب
سىياسىي بۆلۈمىگە تەشۋىقات كادىرى بولۇپ خىزمەتكە تەيىنلەن-
دىم. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ باش شتاب ئاساسلىق
بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ئىكەن. باش شتابنىڭ مۇھىم بۆلۈملىرى
بىر چوڭ قورۇدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئوفىتسېر ۋە باشلىقلار بىلەن

ھەرقاچان دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدىكەن. مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ نام شەرىپىنى يېقىندىن بۇيان جىق ئاڭلاپ، كۆرۈشۈش پۇرسىتىنىڭ بولۇشىغا تەشنا ئىدىم. سىياسىي بۆلۈمگە ئىشقا چۈشۈپ بىرنەچچە ھەپتىلەردىن كېيىن ئەتىگەندە ئىشقا كېلىپ باش شتاب قورۇسىدا قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، چەبدەس، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، ئىسسىق چىراي پودپولكوۋنىك مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋغا دوقۇرۇشۇپ قالدىم ـ دە، ھەربىيچە سالام بىلەن ھۆرمەت بىلدۈردۈم. پودپولكوۋنىك سالىمىمنى قوبۇل قىلىپ: «خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، بىر تەرەپتىن ئىشلەيمىز، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىمىز، ئىككىسى ئايرىلمايدۇ، بىرگە ماڭىدۇ، ئىشنىڭ يولى شۇنداق بولىدۇ، ۋاقىت چىقىرىپ يەنە سۆزلىشىمىز» دەپ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. پودپولكوۋنىك كىبىرى يوق، ئاددىي ـ ساددا بولۇپ، جەلپ قىلىش خىسلىتى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. پودپولكوۋنىكنىڭ چاقىرتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدىم. ئۈچىنچى كۈنى ئىشقا چۈشۈپلا مېنى چاقىرتتى، ئىشخانىسىغا كىرىپ سالام بېرىشىمگىلا: «ياخشىمۇسىز، ئولتۇرۇڭ» دېدى ۋە ئالدىراش ئىشىنى يىغىشتۇردى، بىز ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق بىرەر سائەت پاراڭلاشتۇق. ئۇ: «ئۇياقنىڭ ئەھۋالىنى بىرەرقۇر بىلىمىز، بىز كۆرەش قىلدۇق، ھەممىمىز كۆرەش قىلدۇق، زۇلۇمغا قارشى كۆرەش قىلدۇق، قان ئىچەر جاللات شېڭ شىسەينىڭ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقىغا، گومىنداڭ ئىستىبداتلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇم ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەش قىلدۇق، نۇرغۇن قۇربان بەردۇق. . . سىلەر كەنجە، قاسىم قاتارلىق سەپداشلىرىڭلارنى قۇربان بەردىڭلار، ئوت يۈرەك، ئاتاقلىق شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە



بىلال ئەزىزى، ئابلا ياقۇپ قاتارلىق بىلىملىك ياشلىرىمىز ساۋاقداشلىرىڭلار ئىدى. ئابلا داۋۇتوۋ قاتارلىقلار ھۆرمەتلىك ئۇستازلار ئىدى، بۇلارنىڭ سېپى چوڭ ئىدى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زۇلمى، مىللىي كەمسىتىش، خورلۇقىغا قارشى باتۇرانە كۆرەش قىلىپ، دۈشمەننىڭ بىگۇناھ خەلقىمىزنىڭ قېنى تېمىپ تۇرغان قانلىق جادۇسىدا توغرىلىپ، قانلىق پالتىسىدا چانىلىپ قۇربان بولدى، بىز بىكار قۇربان بەرمىدۇق. . . نۆۋەتتىكى ئىشلىرىمىزنى ياخشى قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم؛ نۆۋەتتىكى كۆرىشىمىز قوراللىق كۆرەش ئەمەس، «تىنچلىق بىتىم» گە ئەمەل قىلىش، تولۇق يولغا قويۇش بىلەن تىنچلىق بىتىمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، يولغا قويۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش بولىدۇ، بىز تىنچلىق بىتىمىگە ئەمەل قىلىمىز، ماددىلار بويىچە يولغا قويىمىز، بۇ ئىنقىلابىي قۇربانلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىمىز بولىدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ ـ تىلىكىگە ئۇيغۇن بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندا ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ تەسىرلىك سۆزلىدى. پودپولكوۋنىكنىڭ سۆزى خۇددى مارجاندەك تىزىلىپ چىقاتتى، تەكرار سۆز، ئارتۇق سۆز يوق ئىدى.

بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى يولداش توختى ئىبراھىم ماڭا: «تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ ئېلان قىلىندى، پۈتۈن قىسىم ئىچىدە تىنچلىق كېلىشىمى ئاساس قىلىنغان سىياسىي تەشۋىقىي تەربىيە ئېلىپ بارىمىز، رەھبەرلىك تەشۋىقىي تەربىيە تېزىسىنى يېزىپ چىقىشىمىزنى تاپشۇردى، دەسلەپكى نۇسخىسىنى سىز يېزىپ چىقىڭ» دەپ تاپشۇرغان ئىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ پولكوۋنىك يولداش ئىمىنوۋ

مېنى يەنە چاقىرتتى. ئىشخانىسىغا كىرسەم، بېشىنى كۆتۈرمەي
هۆججەت ۋە خەت - چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىشۋېتىپتىكەن:
«قېنى ئولتۇرۇڭ، مانا هازىر بولىدۇ» دەپ 10 نەچچە مىنۇتتىن
كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «قارىمامسىز، تۇتمىسىلا ئىش بېسى-
ۋالىدۇ» دېدى. راست، ئىش ئۈستىلىگە ماتېرىيال، خەت -
چەكلەر دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. ئىمىنوۋ: «يەنە بىر سائەتتەك
ۋاقىت بار، قېنى ئەمدى پاراڭلىشىپ، چۈشلۈك تاماقنى بىرگە
يەيمىز» دەپ گەپنى باشلىدى. «تەشۋىقات ماتېرىيالى قانداق
بولدى؟» دەپ سورىدى. ئۇ مەلۇماتىمنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ:
«ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، سىياسىي تەشۋىقىي تەلىم - تەربىيە
ماتېرىيالىدا ئۈچ نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلسۇن، بىرىنچىسى، مەركى-
زىي هۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن بىزنىڭ ئالاھىدە رايون ۋەكىللىرى-
مىز ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتە «تىنچلىق بىتىم»
ئىمزالاندى، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ماهىيىتى — شىنجاڭدىكى قو-
راللىق توقۇنۇشنى تىنچلىق يولى بىلەن هەل قىلىشتىن ئىبا-
رەت. تىنچلىق يولى دېمەك دۈشمەنلىشىش يولى ئەمەس، تىنچ-
لىق بىتىمى — مەسىلىلەرنى تىنچلىق يولى بىلەن هەمكارلىشىپ
هەل قىلىش يولى، يەنى ئىتتىپاقلىشىش يولىدىن ئىبارەت.
تەشۋىقىي تەربىيە ماتېرىيالىدا مۇشۇ نۇقتا، يەنى تىنچلىق، ئىت-
تىپاقلىق، هەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، بولۇپمۇ يەرلىك هەر
مىللەت خەلقىمىز بىلەن خەنزۇ خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق،
ئىتتىپاقلىق هەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇهىم نۇقتا قىلى-
نىش لازىم؛ ئىككىنچىسى، «تىنچلىق بىتىم» شىنجاڭدىكى هەر
مىللەت خەلقىنىڭ هازىرقى جىددىي ئارزۇ - تەلىپىنى هەل
قىلدى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئاساسىي تەلەپ ئارزۇسى مىللىي
باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، دېموكراتىيە، ئەركىنلىكنى



يولغا قويۇش، هەر دەرىجىلىك هۆكۈمەت باشلىقلىرىنى خەلق
ئۆزى سايلاپ چىقىش، تىنچ تىرىكچىلىك قىلىشقا كاپالەتلىك
قىلىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت - مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-
تىن ئىبارەت. تىنچلىق بىتىمىدە بۇلار هەل قىلىندى، تەشۋىقىي
تەربىيە ماتېرىيالىدا بۇ بىر مۇهىم نۇقتا قىلىنىشى لازىم؛ ئۈ-
چىنچىسى، مەركىزىي هۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى
جاڭ جېجوڭ جياڭجۇن شىنجاڭ يېڭى بىرلەشمە هۆكۈمىتىنىڭ
رەئىسى. ئۇ ئىلىغا كەلمەكچى، بەزى ئورۇن ۋە جايلارنى كۆرى-
دۇ. هەر ساهە ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. جاڭ جېجوڭ
مەركىزىي هۆكۈمەت چوڭ ئەربابلىرىنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ، ئۇ
بىرنەچچە ئەمەلدارلارنى باشلاپ كېلىشى مۇمكىن، ئۇلارنى بىخە-
تەر، ياخشى كۈتۈۋېلىش بىزنىڭ مۇهىم خىزمىتىمىز هېسابلىنى-
دۇ. بۇ توغرىدا قىسىم ئىچى - سىرتىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ،
دوستلۇق ئەنئەنىمىزنى جارىي قىلدۇرۇپ، چىرايلىق، ياخشى
كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم. بۇ كۈتۈۋېلىشتا قىسمىمىز نەمۇنىلىك
رول ئويناپ، كۈتۈۋېلىشنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى
لازىم» دەپ ئېنىق يوليورۇق بەردى.
ياد ئېتىش بۇ يەرگە كەلگەندە ئىختىيارسىز تۇردە مۇنۇلار
ئويۇمنى ئۆزىگە تارتىۋالدى، 1958 - يىلىنىڭ باهارىدا ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكومنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش
مەركەز قىلىنغان ئىستىل تۈزۈتۈش يىغىنى» نىڭ چوڭ يىغىنىدا
يولداش مۇهەممەتئىمىن ئىمىنوۋ: «مەن بىرنەچچە كۈندىن بېرى
مەندىمۇ يەرلىك مىللەتچىلىك بارمىدۇ، دەپ كۆپ ئويلاندىم.
ئويلىسام مەندە يەرلىك مىللەتچىلىك يوق ئىكەن» دەپ ئېيتىش
بىلەن بىرگە، خىزمەتتىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا
قىسمەن مىللىي كەيپىيات كۆرۈلگەنلىكىنى پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ

ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ئۆتتى. ھەرقانداق ئەھۋالدا راست سۆزلەش مەرھۇمنىڭ ئەڭ گۈزەل دىيانىتى ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، 7 يىل كومپارتىيىنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىسىدە ئۆستۈرۈلگەن، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىدە ۋە ئەزەلدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆزقارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ كېلىۋاتقان رەھبىرىي كادىردا «يەرلىك مىللەتچىلىك» دېگەن نەرسە نەدە بولسۇن! ؟ شۇنداقتىمۇ، شۇ ۋاقىتتىكى ئىنتايىن ئېغىر سولچىللىق خاھىشى ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىغىندا مەرھۇم خاتا تەنقىد قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى. مەرھۇم ناھەق تەنقىدلەندى، خاتا جازالاندى. لېكىن ھەرگىز نارازى بولمىدى، مەيۇسلەنمىدى، بەل قويۇۋەتمىدى. خەلققە، پارتىيىگە چەكسىز سادىقلىقىغا داغ يۇقماس ئېسىل پەزىلىتى بىلەن خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەۋەردى.

ـ 3 ـ

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا شىنجاڭ تىنچلىق يولى بىلەن ئازاد بولۇپ، تارىخ بېتىدىن نۇرلۇق يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ بىڭتۇەنىنىڭ قوماندانى ۋاڭ جېن جياڭجۈننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ قوماندانلىقىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بىر



تۆەنى جەنۇبىي شىنجاڭغا چۈشۈش ئۈچۈن موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شوتا يېزىسىغا يۆتكىلىپ، يۈرۈش تەييارلىقى جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان قىسىم مىللىي ئارمىيىنىڭ تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكى، باش شتابىدىن قوشۇلغان زاپاس ئوفېتسىرلار، 1947 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەتكە ئۆتكەن يەتتە ۋىلايەتتىكى دېموكراتىك ئىلغار زاتلاردىن تەشكىللەندى. پولكوۋنىك ئىمىنوۋنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە شوتا يېزىسىغا جەم بولۇپ ئېلىپ بېرىلغان يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىدا يېڭى ۋەزىيەت ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش ۋەزىپىلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى. قىسىمىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ كۆز قاراشنى يېڭىلايدىغان بىر قېتىملىق يىپيېڭى ئىدىيىۋى ـ سىياسىي سەپەرۋەرلىك ئىدى.

چوڭ قوشۇن شوتا يېزىسىدىن قوزغىلىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى پولكوۋنىك ئىمىنوۋ مېنى چاقىرتىپ: «ئوقۇش ئېسكادرونى چوڭ قوشۇننىڭ ئالدىدا يۈرگۈچى قىسىمىمىز بولىدۇ، تەشۋىقات ئەترىتى (يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرى 22 نەپەر)، زاپاس ئوفىتسېرلار (20 نەچچە) سىلەر بىلەن بىرگە ماڭىدۇ، تەشۋىقات ئەترىتىدىكىلەر ئۆلكىلىك مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى، يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى، مۆھتىرەم ئەربابلار، ئۇلارغا ئوبدان قارايسىلەر، ۋاقتى قەرەلىدە ياخشى ئوزۇقلىنىشى ۋە ياخشى دەم ئالدۇرۇلۇشى لازىم. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى جەڭچىلەر باقىدۇ، مىندۈرۈش، چۈشۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىگە سىلەر مەسئۇل بولىسىلەر. . . زاپاس ئوفىتسېرلار كۆپرەك، مايوردىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەرمۇ بار، نېمە بولمىسۇن ئۇلار ھەربىي، دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سىلەرنىڭ باشقۇرۇشىڭلاردا بولىدۇ. ئۇلار جەڭچىلەرگە ئوخشاش پائالىيەتتە

بولۇشى لازىم. بۇ ھەربىي ئىنتىزام. . . ئېسكادىروننىڭ ۋەزىپىـ
ـسى ناھايىتى مۇشكۇل، ھەربىي يۈرۈش ۋەزىپىسىلا ئەمەس، ئەڭ
مۇھىمى ئاممىۋى خىزمەت ۋەزىپەڭلار بار، ياخشى تەسىرات،
ياخشى ئىزلار قالسۇنكى، بىرمۇ يامان تەسىر قالدۇرىدىغان ئىش
چىقىپ قالمىسۇن. . . ئەتە چۈشلۈك تاماقنى يەپلا يولغا چىقىسىدـ
ـلەر، تېخى يەنە بىر كۈندەك ۋاقىت بار، تەييارلىق پۇختا بولـ
ـسۇن» دەپ يولىيورۇق بەردى.

پولكوۋنىك ناھايىتى ئالدىراش بولسىمۇ كۈندۈزى بولمىسا
ئاخشىمى، ئاخشىمى بولمىسا ئەتىگىنى، ئۇمۇ بولمىسا چۈشلۈك،
كەچلىك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ قىسىمنى ئارىلايتـ
ـتى. جەڭچىلەرگە خۇددى ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئوخشاش كۆيۈنۈپ،
بېشىنى سىلاپ، كەڭ ـ كۇشادە مۇڭدىشاتتى. ئاتىدارچىلىق
مېھرى ـ شەپقىتىنى كۆرسىتىپ، جەڭچى ئوفىتسېرلارنىڭ روـ
ھىنى ئۇرغۇتۇپ باراتتى. مەنمۇ قىسىملاردا ئۇزۇن ئىشلىگەن،
لېكىن يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋدەك مېھرىبان، كۆيۈمـ
چان كوماندىرنى ئاز كۆرگەن ئىدىم.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىسكادىرونىمىز كۆتۈرەڭگۈ روھ
بىلەن «موزات غوجام» غا قاراپ يول ئالدى. 1 ـ قونالغۇ «خان
يايلىقى» دا بولدى. چۈنكى موزات داۋىنى 6 يىل توسۇلۇپ
قاتناش تامامەن خىتاپ كەتكەن، داۋان ئۈستى يوللىرىدا يول
سىزىقلىرىمۇ يوقاپ، مۇز ئەينەكتەكلا بولۇپ كەتكەن ئىدى. خان
يايلىقىدىن داۋان ئۈستىگە يېتىپ بارغۇچە بولغان ئۇزۇن ئارىلىقتا
مۇز چوقۇپ يول ئېچىش كۆپ ۋاقىت ئالاتتى. تەۋەككۇلچىلىك
قىلىشقا زادى بولمايتتى. خان يايلىقىنى قونالغۇ قىلىش بىردىنـ
بىر توغرا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى.

«خان يايلىقى» غا يېقىنلاشقىنىمىزدا قۇياش خانتەڭرى



چوققىسىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى. شامال قارا بورانغا، قار
ئۇچقۇنى قاتتىق قار ـ شىۋىرغانغا ئايلىنىشقا باشلىدى. مانا خان
يايلىقى، قاراڭ ما كۈننى، نەرىدىن كىرىپ، نەرىنى ئارامگاھ
قىلىمىز؟ كۈتۈلمىگەن ئاپەتلىك قار ـ شىۋىرغان ئاسماننى قاپلىدـ
ـدى، تازا پەللىسىگە چىققان قار ـ بوران بىزنى خان يايلىقىنىڭ
قارىغايلىرىغا ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك ھۆكۈرەپ كۆز ئاچقۇزمايتـ
ـتى. قىلىچتەك تېگىۋاتقان شىۋىرغان تىنىق ئالدۇرمايتتى. ئاتـ
ـلار كىشنەپ يۈگەن ـ نوقتىلىرىنى ئۈزۈۋېتىپ، بوي بەرمەي
قاچقىلى تۇردى. قانداق قىلىش كېرەك؟ قارىغايدەك مەزمۇت
تۇرۇپ ئېلىشىش كېرەك. جان تىكىپ قاتتىق ئېلىشىۋاتقىنىدـ
ـمىزدا: «باركاللا، چىڭ تۇرايلى! قارىغايغا ئاتلارنى يالغۇز ئەـ
مەس، ئۇچ ـ تۆتتىن باغلايلى، يىراق باغلىماي، قوشۇپ يېقىن
باغلايلى» دېگەن ئاۋاز خان يايلىقىنى جاراڭلىتىۋەتتى. بۇ تونۇش
ئاۋاز ئىدى. ئۇچىسىدا يا جۇۋىسى يوق، يا قولىدا پەلەي يوق،
يۈز ـ قولى قىزىرىپ كەتكەن، ئېتىنىڭ يۈگىنىدىن مەھكەم
تۇتۇۋېلىپ مىدىر قىلدۇرمىغان قوماندان جەڭچىلەر ئارىسىدا پەيدا
بولدى. ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاپقاراڭغۇ تۈندە، ئاـ
دەمنى ئۇچۇرۇپ كەتكۈدەك قار ـ بوراننىڭ جۇدۇنىدا قانداق
يېتىپ كەلگەندۇ، دېيىشىپ قاراپلا قېلىشتۇق: «جاپا تارتتىڭـ
ـلار، كەچكە يېقىنداپ كۈن بەك تۇتۇلۇپ كەتتى، بۇ تېخى ئېچىلـ
ـمىغان مۇز يولى تۇرسا، ئېسكادىرون قانداق قىلىۋاتقاندۇر، دەپ
خاتىرجەم بولالماي چېپىپ كەلسەم، قارىمامدىغان بۇ نېمە كۆرـ
گۈلۈك!» ئۇ ئاسمانغا بىر قارىۋېتىپ: «بىر ئات، بىر تال
قورال، بىر باغلام يۈك ـ تاقىنى بېرىپ قويماي قاتتىق ئېلىشايـ
ـلى!» دەپ چاقىرىق قىلدى.

ئىلھاملانغان ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر: «قوماندان، قار تېـ

خىمۇ چوڭىيىۋاتىدۇ، بوران تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ، شىۋىرغان قىلىچتەك ئۇرۇلۇپ، يۈز - قولنى يېرىۋاتىدۇ، سىز بۇنداق بىز بىلەن بىرگە جەڭ قىلىسىڭىز بىز خاتىرجەم بولالمايمىز. ئامانلىقىڭىز بىلەن بىخەتەرلىكىڭىزنى ساقلاش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، سىز مۇھاپىزەتچىڭىز بىلەن ئاۋۇ پەستىكى تۈگمەنگە كىرىپ ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ، شۇندىلا بىز خاتىرجەم بولۇپ، بۇ جۇدۇن - چاپقۇن ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۈمىدىڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز» دەپ چاقىرىشتۇق. پولكوۋنىك: «رەھمەت، ئۇنداق بولسا مەنمۇ ئوخشاشلا خاتىرجەم بولالمايمەن، بىرگە بولۇپ، ھەممىنى تەڭ كۆرىمىز» دەپ كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە بۇ دەھشەتلىك ئاپەتكە قارشى كۈرەشكە چۈشۈپ كەتتى. كۆرمىگەن ئىشەنمەيدۇ، بۇ جۇدۇن - چاپقۇن ھەقىقەتەن دەھشەتلىك، ھەقىقەتەن خەتەرلىك بولدى. ئاساسلىق رەھبەر قىيىن ئىشلاردا، خەتەر ئىچىدە قول ئاستىدىكىلەر بىلەن بىرگە بولۇش — غەلىبە قىلىشنىڭ كاپالىتى بولىدۇ. قوماندانىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە بەش سائەتتەك قاتتىق ئېلىشىپ ھېچ نېمىمىزدىن ئايرىلىپ قالمىدۇق. قار ئازايدى، بوران پەسەيدى، شىۋىرغان جىمىدى. ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ئات - ئۇلاق، قورال - ياراغ، نەرسە - كېرەكلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، تۈزەشتۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى. قوماندان موخۇركىسىنى قاتتىق شوراپ، كۈلۈمسىرەپ جەڭچى - ئوفىتسېرلەرگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئۇ: «قىسمىمىز بوش ئەمەس، يارايدۇ، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ - دەپ مەغرۇرانە كۈلدى. ئەمدىكى جەڭ - ئىسسىقىنا ياخشى غىزالىنىش جېڭىدىن ئىبارەت. قېنى تېز تۇتۇش قىلايلى، ئوفىتسېر - جەڭچىلەر غىزالىنىپ بىرنەچچە سائەت دەم ئېلىۋالسۇن، ئاتلارنىمۇ تويغۇزۇپ، ھەممىنى تەق



قىلىپ يولغا چىقىڭلار، ئامەت تىلەيمەن» دەپ تاڭ سۈزۈلمەي شوتىغا يۈرۈپ كەتتى.

قاراڭ! مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋدەك قىسىمدا جەڭچى - ئوفىتسېرلار بىلەن، قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلەر بىلەن، جاپا - ھالاۋەتتە ھەقىقىي بىرگە بولىدىغان رەھبەرلەر ئېيتىلغاندەك ئۇنداق جىق چىقمايدۇ. مەرھۇم خەلق ئاممىسىنىلا، جەڭچىلەرنىلا كۆڭلىگە پۈككەن تولىمۇ دىيانەتلىك رەھبەر ئىدى.

خان يايلىقى بىلەن داۋان ئارىلىقىدا مۇز چوقۇپ يول ئېچىش، مۇز ئۆرلەپ تۈپتۈز بولۇپ كەتكەن داۋان يولىنى چوقۇپ پەلەمپەي يول ياساش ئىنتايىن جاپالىق ئىش ئىدى. ئاۋانگارت ئەترەت بىلەن ئادەتتىكى ئىنژۇوت ۋە بەنلەرنى ئۆزئارا كىرىشتۇرۇپ، قۇيۇلۇپ تۇرغان تەر، يېرىلىپ، زەخىملىنىپ تۇرغان قوللاردىن ئېقىپ تۇرغان قانلارغا قارىماي، بەس - بەستە 10 سائەت قاتتىق ئىشلەپ، يوللارنى راۋانلاشتۇردۇق.

«موزات غوجام» شىجائىتىمىزگە تەن بېرىپ يول بەردى. كەچتە مۇز چوققىسىدا تېيىلىپ، كۆز يەتمەس چوڭقۇر مۇز غارىغا دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەن جەسۇر جەڭچىمىز ئەمەت مۇسانىمۇ ئۆز پاناھىدا سالامەت ساقلىدى. بىر - بىردىن قاتار تىزىلىپ، ئاتلارنى خۇددى غالتەكتە ئويناتقان ئوغلاقتەك تاقلىتىپ ماڭغۇزۇپ، ئەتىسى كۈن بىر غۇلاچ كۆتۈرۈلگەندە مۇز داۋاندىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ، تەڭرىتاغ باغرىدىكى ئوتلاقتا چۈشۈپ بولدۇق.

چوڭ قىسىمنى باشلاپ كېلىۋاتقان قوماندان مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ئېچىلغان يوللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تاڭ يورۇش ئالدىدا داۋان ئۈستىگە يېتىپ كېلىپ، ئاخىرقى ئىنژۇوتىمىز بىلەن داۋاندىن چۈشۈپ، ئوفىتسېر - جەڭچىلەر بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ، ھال سوراپ: «6 يىل توسۇلۇپ كەتكەن بۇ

جاھانغا مەشھۇر «مۇز داۋان» يولىنى يېڭىۋاشتىن ئاچتۇق. شىن-
جاڭنىڭ بۆلۈنۈپ تۇرۇش ھالىتىگىمۇ خاتىمە بېرىلدى. . . .
قاراڭلار، بۇ نېمە دېگەن ئوبدان ئوتلاق، قاراڭلار، كۈمۈشتەك
ئېقىن ۋە بۇلاق سۇلىرى نېمە دېگەن گۈزەل! بۈگۈن كۈن نېمە
دېگەن ياخشى، قېنى ئوبدان ناشتا قىلىۋېلىپ، سۇدا ئۈزۈپ
چىمەنلەر ئىچىدە ئېچىلىپ ئويناپ ھاردۇقىمىزنى چىقىرىۋالايلى»
. ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر كۆيۈمچان رەھبەرگە مىڭلارچە مەمنۇن-
لۇقىنى بىلدۈرۈشۈپ، ئۆز بەنلىرىگە خۇشال تارقىلىشتى.
يولداش ئىمىنوۋ ماڭا: «قېنى كېلىڭ، بىزمۇ ناشتا قىلىۋا-
لايلى» دەپ كۈنگە قاراپ بىرنەچچە كېرىلىۋېتىپ، راھەتلەنگەن
ھالدا پۇتلىرىنى ئۈزۈن سۇنۇپ ئولتۇردى. گەرچە ئۆزىگە تازا
ھاردۇق يەتكەن بولسىمۇ، چىرايىدىن خۇشاللىق يېغىپ، ۋۇجۇ-
دى كۈچكە توشۇپ تۇرۇپتۇ. ئادىتى بويىچە سەپەرگە ئېلىۋالغان
مايلىق توقاچ، كىشمىش، قەنت ـ گېزەكلىرى بىلەن چاي ئىچى-
ۋېتىپ: «شىنجاڭمۇ ئازاد بولدى، ماۋ جۇشىنىڭ، كوممۇنىس-
تىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن
تەڭ ئازاد بولدى. شىنجاڭ خەلقى جۇڭگو ئازادلىق ئارمىيىسى-
نىڭ ۋە بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسىنىڭ باتۇرانە كۈرە-
شى بىلەن ئازاد بولدى» دەپ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلەپ
كەتتى. قوماندانىنىڭ شوتىدىن تارتىپ مەلۇم بولۇۋاتقان خۇشاللى-
قىنى ئەمدى چۈشەندىم. مەن 1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ
بېشىدىن 1950 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە يولداش ئىمىنوۋنىڭ بىۋاسى-
تە رەھبەرلىكىدە بولدۇم. بۇ ۋاقىتتا ماڭا قالغان چوڭقۇر تەسى-
رات شۇ بولدىكى، يولداش ئىمىنوۋ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ
ئازاد بولغىنىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى. ماۋ جۇشىغا، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان ئەقىدىسى ناھايىتى چوڭقۇر



ئىدى. پارتىيە رەھبەرلىكىدە خەلققە، مىللەتكە بەخت ـ سائادەت
يارىتىشتەك ئۇلۇغۋار ئىشقا ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا جان پىدا
قىلغانىدى.

ـ 4 ـ

مۇز داۋاندىن يۇرۇپ، قىزىل، جام قاتارلىق 3 قونالغۇ
ئارقىلىق ئاقسۇ كونا شەھىرىگە كىردۇق ۋە سەل بۇرۇن ئاقسۇغا
ئورۇنلاشقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ بىڭتۇەن 2 ـ كور-
پۇس دىۋىزىيىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ئوفىتسېر ـ جەڭ-
چىلىرىنىڭ كوچىلاردا قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتۇق.
قېرىنداش قىسىملار جەڭچىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، غەلىبە
شادلىقىنى تەنتەنە قىلىشتۇق. ئاقسۇ كونا ـ يېڭى ئىككى شەھەر
خەلق ئاممىسى، بىرقانچە ناھىيە خەلق ۋەكىللىرى ۋە ھەربىي
قىسىملاردىن ھاسىل بولغان، خۇددى ئاقسۇ دەرياسىدەك ئاققان
قارشى ئېلىش توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن مەردانە قەدەملىرىمىز بى-
لەن رەھمەت، تەشەككۈرلىرىمىزنى ئىزھار قىلىپ ئۆتۈپ، ئال-
دىن تەييارلاپ قويۇلغان ھەربىي گازارمىغا ئورۇنلاشتۇق.
شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن يېڭىلا ئازاد بولغان، خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسىنىڭ 2 ـ كورپۇسى شىنجاڭغا يېڭىلا كىرگەن، كونا
ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى تېخى ئۆز پېتى ساقلانغان، قىسقىسى،
كونا تۈزۈلمىنىڭ تېخى ھېچ نېمىسىگە تېگىش قىلىنمىغان چاغلار
بولغاچقا، ۋەزىيەت مۇرەككەپ ئىدى. بولۇپمۇ ئاقسۇنىڭ ۋەزىيى-
تى تېخىمۇ جىددىي ئىدى. چۈنكى ئاقسۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ھەربىي كۈچى ۋە جا-
سۇسلۇق قۇرۇلۇشى ئالاھىدە كۈچەيتىلگەن، جۇڭگو كومپارتىيى-

سىگە، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابىغا، بولۇپمۇ
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتلار نەچچە
يىللار داۋامىدا كۆچەپ ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئەكسىيەتچىل كۈچلەر
كۆپ توپلانغان رايون ئىدى. بۇير ۇققا بىنائەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنـ
قىلابى ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا چۈشكەن قىسمىنىڭ
ئالدى بىلەن ئاقسۇغا ئورۇنلىشىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارـ
تىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنىڭ پەرـ
دىسىنى ئېچىپ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى
ياخشىلاش، ھەر مىللەت خەلقىگە مەنپەئەتلىك ئىجتىمائىي پائالىـ
يەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. جايـ
لاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشكىللىرى قۇرۇلـ
مىغان، يەرلىك مىللىي كادىرلار يوق دېيەرلىك ئىدى. مۇشۇنـ
داق شارائىتتا ئىش قىلماق، ئىش قىلغاندىمۇ بىر باشقا ئېلىپ
چىقماق ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەرلىرىدىن
مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ باشچىلىقىدىكى
مۇنداق كوممۇنىزم ئېڭىغا ئىگە ئوفىتسېرلاردىن قۇرۇلغان ئىنـ
قىلابىي قوشۇننىڭ جايلارغا يېڭىلا ئورۇنلاشقان ئازادلىق ئارمىيە
قىسىملىرىغا قوشۇلۇشى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ مۇقەررەر تەقەززاسى
بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنداقلا كومپارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىـ
نىڭ جىددىي تەلەپ ـ ئارزۇسى ئىدى. قىسمىمىز ئورۇنلىشىشى
بىلەن ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرى ئۈچۈن چەكلىنىپ تۇرغان
رايونلارنىڭ چەكلىرى ئېلىپ تاشلاندى. ئازادلىق ئارمىيە 5 ـ
دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى يولداش شۈيگوۋشەن، سىياسىي كوـ
مىسسارى يولداش لى چۈەن يولداش ئىمىنوۋ ۋە سەيپۇللايوۋلار
بىلەن ئاقسۇ رايونىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك يادروسى شەكىللىنىپ،



كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ خىزمەتلىرى ئوڭۇشلۇق قانات يېيىپ
كەتتى.

ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى بويىچە ئىدارە، ئورگانلاردا، مەكتەپ،
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئورۇنلىرىدا، ئاممىۋى تەشكىلات ۋە كەڭ
خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
قۇرۇلغانلىقى، جۇڭگو مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئۇزۇل
ـ كېسىل غەلىبە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تەشۋىقات داغدۇغىلىق
قانات يايدۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو مىللىي دېموكـ
راتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىـ
نىڭ قۇرۇلغانلىقى مەلۇم مەنىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭمۇ
ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبە قىلغانلىقى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ مەزـ
مۇننى ئورگانىك باغلاپ تەشۋىق قىلىش تېخىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە
ئىگە بولدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى
تەشۋىق قىلىش — جۇڭگو ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى
ماۋ جۇشىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ نىجاد يۇلتۇزى جۇڭگو كوممۇـ
نىستىك پارتىيىسىنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بىۋاسىتە رەھـ
بەرلىكىدىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى، جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى ھاكىمىيىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز
ھاكىمىيىتى ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىش مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىـ
چىگە ئالدى. ئەڭ دەسلەپكى تەشۋىقات ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇـ
رۇلۇپ داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىشىدا يولداش مۇھەممەتئىمىن
ئىمىنوۋ، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋلارنىڭ ئەستايىدىل يېتەكچىلىك
رولى ناھايىتى زور بولدى.

تەشۋىقاتقا زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىـ
لىك كونا ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرـ
تىپ قۇرۇش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى. ناھىيە ھاكىملىرى قىسمىـ

مىزنىڭ مۇنەۋۋەر كادىرلىرى ۋە يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ باشچىلىقىدىكى تەشۋىقات ئەترەتلىرىدىكى خادىملاردىن تەيىنلەندى. ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرىدىن ۋەكىللەر (ئەمەلىيەتتە پارتىيە ۋەكىللىرى) سەپلەندى؛ ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ باشلىقلىرى قىسمىمىزنىڭ سىياسىي خادىملىرى ۋە يەرلىك ئوقۇمۇشلۇق ئىلغارلاردىن سەپلەندى؛ ۋىلايەت ۋالىيسى ۋە ۋىلايەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئۈچ ۋىلايەت كادىرلىرى بىلەن ئازادلىق ئارمىيە قىسىم كادىرلىرى ۋە يەرلىك ئىلغار كەسىپ ئەھلىلىرىدىن قويۇلدى؛ تەشۋىقات ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلقنىڭ كۆزى ئېچىلدى، ئاڭ سەۋىيىسى كۆتۈرۈلدى، بۇ ئاساستا بەگلىك، بوجاڭلىق تۈزۈمى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا - كەنت باشلىقلىرى خەلقنىڭ كۆرسىتىشى، ماقۇللۇقى بىلەن يېڭىدىن بەلگىلەندى.

دېمەك، خەلق ئۆزىنىڭ ئازاد بولغانلىقىغا ئەمدى ئىشەندى، يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى خەلق دېموكراتىيىسىدىكى ھاكىمىيەت تۈسىنى ئېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى يەرلىك خەلق ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا ئايلاندى. خەلق ھەرىكەتكە كەلدى. خەلق دۈشمەنلىرى يېتىم قېلىپ دەككە - دۈككىدە قالدى. ماۋ جۇشى ياشىسۇن! جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ياشىسۇن! خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ياشىسۇن! دېگەن شوئارلار ھەر تەرەپتىن ياڭراپ، پەلەككە ئۆرلىدى.

يۇقىرىقىلار جۇڭگو مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تىنچ ئازاد بولغان رايونلاردا چوقۇم ئورۇندىلىشقا تېگىشلىك ئىنقىلاب بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشى ئورۇندىلىشى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئاساس سالاتتى. بۇ ئىنقىلابنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان مىللىي رايونلاردا ئېلىپ بېرىلىشى سىياسەتـ



چانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىش ئىدى. مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋدەك بىرقەدەر يۇقىرى بىلىملىك، تەجرىبىلىك، ئامما ئىچىدە نام شەرىپى بار ئابرۇيلۇق مىللىي رەھبىرىي كادىرلار بولمىسا، رايونىمىزدا ئىنقىلابىي ئىشلار ئۇنداق ئاسانغا چۈشمەس ئىدى.

گومىنداڭ ھاكىمىيىتى جەنۇبىي شىنجاڭنى تالاپ يەپ قۇرۇتۇپ بوپتۇ، ئاقسۇنىڭ 12 - ئېيىدا خېلى قاتتىق سوغۇق بولىدۇ. گازارمىلار سوغۇق، قالايدىغان ئوتۇن يوق، كۈنلۈك 3 ۋاخ تاماقنىڭ ئىككى ۋاقلىقى بىردىن گىردە، بىر ۋاقلىقى گۆش - ماي، كۆكتاتى ئاز سۇيۇق - سەلەڭ ئاش، ئەيتاۋۇر تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا يولۇققىلى تۇردۇق. «كىيىمنى ياماشقا بولىدۇ، قورساقنى ياماشقا بولمايدۇ». شۇنىڭغىمۇ لىۋىمىزنى چىڭ چىشلەپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت ئورنىمىزدا چىڭ تۇردۇق. ھەر نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ. يولۇققان ئېغىر قىيىنچىلىق كەڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئىستىبداتلىققا قارشى غەزەپ - نەپرىتىنى يەنىمۇ ئۇلغايتتى، خەلق ئازادلىقى، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى بېسىپ چۈشىدىغان جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇردى.

ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق ھەقىقەتكە قايتقان قىسىمنىڭ (بىر بىرىگادا) يېڭىلگىنىگە تەن بەرمىگەن ئايرىم بىرنەچچە كاتتىباشلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسىگە ھېلىمۇ قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلاتتى. ئاقسۇغا ئورۇنلاشقىنىمىزدىن باشلاپ بىزگە چېقىلىپ، چاتاق تېرىش ئۈچۈن ھە دېسە تېلېفون سىملىرىنى كېسىۋېتىپ، قىسمىمىزنى ئوچۇق - ئاشكارا رازۋېدكا قىلاتتى. گازارمىنىڭ ئورۇنلىشىش خەرىتىسىنى سىزىۋالاتتى. قوراللىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ، تەھدىت سالاتتى. قىلماقچى

بولغان شۇملۇقلىرىنىڭ ھېچ قايسىسىدىن قولىنى تارتمىدى.
لېكىن بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ نەقەدەر نازۇك ئىكەنلىـ
ـكىنى ھېسابقا ئالماي بولمايتتى.

ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت. ئەمەلىيەت ھەممىنى توغـ
ـرا باھالايدۇ، ھەممىگە توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ. قىسمىمىزنىڭ
تىزگىنى ئىمىنوۋنىڭ قولىدا ئىدى. قاياققا تارتسا شۇ ياققا ماڭاتـ
ـتۇق. چۈنكى مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۇنىڭ
قولىدىن كېلەتتى. ئۇ دائىم: «ئاقسۇنىڭ قىيىنچىلىقى ئېغىر،
ھازىر بىزنى شۇنچىلىكلا تەمىنلىيەلەيدۇ. بىز يولۇقۇۋاتقان قىـ
ـيىنچىلىق ۋە ئاۋارىچىلىقلار ۋاقىتلىق، تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ.
ھەقىقەتكە قايتقان قىسمىنىڭ كۆپچىلىكى ياخشى، بىرقەدەر ياخـ
ـشى، قۇتراۋاتقان جاھىللار ئازچىلىق، چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيـ
ـدۇ. ھېچ نېمە قىلالمايدۇ. . . شۇنداقتىمۇ بىز يۇقىرى ھوشيارـ
ـلىق ۋە جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇرۇپ تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم.
ئىشىنىشىمىز كېرەككى، مەسىلىلەر تېز بىر تەرەپ قىلىنىدۇ،
كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بار، خەلق ئارمىيىسىـ
ـنىڭ قوللىشى، كەڭ ئامما يېقىندىن قوللىشى بار، بۇلارغا
ۋە ئۆزىمىزگە تولۇق ئىشىنىشىمىز لازىم» دەپ تەربىيە بېرىپ،
تەشەببۇسكارلىقنى قولىدا تۇتۇپ كەلدى. پولكوۋنىك ئىمىنوۋ
ئېغىر قىيىنچىلىقنى ئوفىتسېر - جەڭچىلەر بىلەن تەڭ تارتتى.
ئۆزىگە خاس زېرەكلىكى بىلەن چوڭقۇر ئويلاپ، ھەممىنىڭ تېگىـ
ـگە يەتتى. ھەممىنى، بولۇپمۇ سىياسىيۋىلىكى كۈچلۈك، ناـ
ـزۇك، قىزىق نۇقتىلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن توغرا بىر تەرەپ
قىلدى. كەڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلەر قوماندانى يولداش مۇھەمـ
ـمەتئىمىن ئىمىنوۋدىن سۆيۈنەتتى، ئىمىنوۋ بىلەن پەخىرلىنەتـ
ـتى.



تازا جىددىي كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىم
سىلىڭبۇسى قىسمىمىزدىن ئىمىنوۋ باشلىق ئوندەك مۇھىم كوـ
ـماندىرنى چايغا تەكلىپ قىلدى. چايغا بېرىش ياكى بارماسلىق
مۇزاكىرە قىلىندى. بەزىلىرىمىز بۇ «بىر تۇزاق» دېيىشسەك،
بەزىلىرىمىز بۇ «بىر سۇيىقەست» دېيىشتۇق. بەزىلىرىمىز «بېـ
ـرىشقا بولمايدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتىشتۇق. يولداش ئىمىنوۋ
ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدى.
ئاخىرىدا ئۇ: «بۇنىڭ سۇيىقەسەت، سۇيىقەست ئەمەسلىكى توغرىـ
ـلىق كېسىپ بىر نېمە دېيەلمەيمىز، بىپەرۋالىق قىلىشتىن ساقـ
ـلانغىنىمىز، ھوشيار يۈرگىنىمىز ياخشى. خەلق ئازادلىق ئارمىـ
ـيىسى رەھبەرلىكى ئەتراپلىق ئويلىشىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى،
بىخەتەرلىكىمىز كاپالەتكە ئىگە، بىرەر مۇھاپىزەتچى ئېلىۋالـ
ـمىز، سىز (ماڭا) ئوقۇش ئىسكادىرونىدىن 5 نەپەر خىل جەڭـ
ـچىدىن ئېلىۋېلىپ، زىياپەت زالى ئىشىكى ئالدىغا ئورۇنلاشتۇـ
ـرۇڭ. بىز يوللۇق ئىش قىلىمىز، بارمىغاندىن بارغىنىمىز يولـ
ـلۇق بولىدۇ، ئېھتىيات قىلدىم دەپ قورۇنۇپ تۇرماي غۇرۇرىمىز
بىلەن كۆكرىكىمىزنى كېرىپ ئولتۇرىمىز. ئۇلارنى دۈشمەن دەپ
تۇگۈلۈپ ئولتۇرماي، «دوست» دەپ ئېچىلىپ ئولتۇرىمىز. زىـ
ـياپەتتە ئىش چىقمايدۇ، خاتىرجەم بولايلى» دەپ زىياپەتكە بارىدىـ
ـغان ۋە قىسمىنى جەڭگىۋار ھالەتتە تۇتۇپ تۇرىدىغان كوماندىرلارـ
ـنى تەسىرلەندۈرۈپ قايىل قىلدى. زىياپەت قائىداق بولمىسۇن،
راست - يالغاندىن بولسىمۇ ھېجىيىپ، كۈلۈشۈپ ياخشى ئۆتتى.
ئۇلار ئانى سۆزلىسە، ئىمىنوۋ ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلىدىغان
ئاساسلىق مېھمانلار ماۋ جۇشى ۋە مەركەزنىڭ ھەقىقەتكە قايتقۇـ
ـچىلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىنى، شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىـ
ـكى بۇيرۇقلارنى ھەم ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىـ

لىشنى سۆزلەپ، ئۇلارنى «بۇلار بوش ئەمەسكەن» دېگەن كۆز
قاراشقا كەلتۈردۇق.

## ـ 5 ـ

مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ شىنجاڭدىكى مۇدھىش كونا تۈزۈمـ
نى پاچاقلاپ، جۇڭگوچە گۈزەل سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ
ھۇلىنى سالغۇچى يۇقىرى ساپالىق بىرىنچى ئەۋلاد رەھبىرىي
تايانچىلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئېلىپ ئېيتـ
ساق، يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ يەرلىك ئاز سانلىق رەھـ
بىرىي كادىرلار ئىچىدىكى ئەڭ دىيانەتلىك بىرىنچى ئەۋلاد رەھبەر
ئىدى. ئېزىش ـ ئېزىلىشنىڭ بارلىق زۇلۇم ـ سىتەملىرىنى،
ھوقۇقسىزلىق، تەڭسىزلىكنىڭ چىدىغۇسىز خورلۇقلىرىنى ئۆـ
زىگە يىغىۋالغان مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە كونا جۇڭگو
تۈزۈمىنى ماۋ جۇشى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگونىڭ بىرىنچى ئەۋلاد
ئىنقىلابىي قوشۇنى پاچاقلاپ تاشلاپ، بۈگۈنكى نۇرلۇق يېڭى
جۇڭگونىڭ مۇستەھكەم ھۇلىنى سالدى. بۇ بىر ئەۋلادنىڭ تەڭـ
داشسىز باتۇرانە كۈرىشى بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى يېڭى جۇڭگو
بولمىغان بولاتتى. جۇڭگونىڭ ئايرىلماس قىسمى بولغان شىنجاڭـ
دا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو
خەلق ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، ئۈچ ۋىلايەتنى بازا
قىلىپ، يولداش ئىمىنوۋدەك بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر، كوممۇـ
نىزم ئېڭىغا ئىگە ئىلغار تايانچىلارنى رەھبەرلىك يادروسى قىلغان،
گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى ئۈچ ۋىلاـ
يەتتە پاچاقلاپ تاشلاپ، 7 ۋىلايەتتىكى گومىنداڭنىڭ كۈچەيتىلـ
گەن زور ھەربىي قوشۇنىنى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جۇڭگو



خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي شىمالدىكى غالىبانە ئىلگىـ
رىلىشىگە ماسلىشىپ، كۈرەشنى كۈچەيتىپ بارمىغان بولسا،
شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى، شىنجاڭ تىنچلىق
بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەربىي
قوشۇنى قۇچاقلىشىپ ئۇچرىشىپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭـ
دىن قول چىقىرىشىپ، مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ، بىرلىكتە
كۈرەش ئېلىپ بارمىغان بولسا، شىنجاڭدىكى كونا تۈزۈمنى ئۇـ
زۇل ـ كېسىل بىتچىت قىلىپ تاشلىشى، يېڭى سوتسىيالىزم
تۈزۈمىنىڭ ھۇلىنىڭ دەل قاراردا قۇرۇلۇپ، بۇنداق پۇختا قوـ
پۇرۇلۇشى خېلى قىيىن بولاتتى. مەن يولداش مۇھەممەتئىمىن
ئىمىنوۋنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە بىرگە بولغان ئاشۇ كۈنلەردە
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گۈزەل سوتسىيالىستىك يېڭى جەمئىيەت قۇـ
رۇش ئىدىيىسىنىڭ قەتئىيلىكىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇنىڭ بۇ
ئۇلۇغۋار غايىدىن تۇغۇلغان توغرا كۆزىتەلەيدىغان، توغرا باھا
بېرەلەيدىغان، جايىدا تەدبىر قوللىنالايدىغان ئەقىل ـ پاراسىتىـ
دىن، ھارماس ـ تالماس جاسارىتىدىن ھەيران قالاتتىم ۋە ئىلـ
ھاملىناتتىم.

1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تۈن يېرىمىدا
يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ:
«سىزنى قىسمىمىزنىڭ ئالدىن قەشقەرگە بېرىپ، ئازادلىق ئارـ
مىيە 2 ـ جۇڭنىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن ئالاقىلاشقۇچىسى قىلىپ
بەلگىلىدۇق، ئەتە بىر كۈن ۋاقىت بېرىمىز، ياخشى تەييارلىنىپ
ۋاقتىدا يولغا چىقىڭ، 26 ـ دېكابىردىن قالماي قەشقەرگە يېتىپ
بېرىپ، كورپۇس كوماندىرى گوجىفېڭ، كومىسسار ۋاڭ ئىنماۋ،
مۇدىر زېچې ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ،

ئەھۋالىمىزدىن مەلۇمات بېرىڭ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە
كۆرسەتمىلىرىنى بىزگە خەۋەر قىلىپ تۇرۇڭ» دەپ ۋەزىپە تاپ-
شۇردى. 21 - دېكابىر 6 نەپەر مۇھاپىزەتچى بىلەن ئاتلىق يولغا
چىقىپ، يول بويى كۇتۇۋالغۇچى يۇرت باشلىقلىرى بىلەن ئاممىغا
ئازادلىقىمىزنى تەشۋىق قىلىپ مېڭىپ، قەشقەردە 2 - جۇن
رەھبەرلىرىگە قىسمىمىزنىڭ ئەھۋالى بىلەن رەھبەرلىرىمىزنىڭ
سالام ۋە تىلەك - ئارزۇلىرىنى يەتكۇزۇپ، ماۋجۇشى ۋە مەركەز-
نىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى يېقىنقى يوليورۇقلىرى
بويىچە ئاقسۇدىكى 5 - دىۋىزىيە بىلەن يېقىن ھەمكارلىشىپ
ئىشلەۋاتقانلىقىمىزنى، ئاقسۇنىڭ ئىشلىرى يۇرۇشۇپ، جەمئى-
يەت ئامانلىقىنىڭ ياخشىلىنىپ بېرىۋاتقانلىقى قاتارلىقلاردىن مە-
لۇمات بەردۇق ھەم بۇ رەھبەرلەرنىڭ سالام ۋە تۇرلۇك ئورۇنلاش-
تۇرۇش، تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا پولكوۋنىك
ئىمىنوۋغا يەتكۇزۇپ، ئۇنىڭ يوليورۇقلىرى بويىچە كۇتۇۋېلىش
خىزمەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ باردۇق. قىسمىمىزنىڭ ئورۇن-
لاشتۇرۇلۇشى قەشقەر كونا شەھىرىدىكى «سىبو» قاتارلىق بىر-
قانچە مۇھىم جايلار بولدى. پولكوۋنىك مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ-
نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قەشقەردىكى ئابدۇرېھىم ئىمىن (پە-
تەك)، ئابدۇلھەق ئېزىز، ياقۇپ ھاجى قاتارلىقلارنىڭ يېقىندىن
ھەمكارلىشىشلىرى، 2 - جۇننىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن پولكوۋ-
نىك ئىمىنوۋ تاپشۇرغان ۋەزىپىلەر ياخشى ئىشلەندى.

1950 - يىلى 3 - يانۋار بولۇشى كېرەك، پولكوۋنىك
مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا چوڭ قوشۇ-
نىمىز قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. قارشى ئېلىش ئۇچۇن شەھەر
سىرتىغا چىققان ئازادلىق ئارمىيە 2 - جۇننىڭ باشلىقلىرى،
ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى ۋە قەشقەر خەلقىنىڭ قارشى ئالغۇچىلار



توپىنىڭ بۇ بېشى بىلەن ئۇ بېشىغا كۆز يەتمەي قالدى. قەشقەر
داغدۇغىلىق بايرام تۇسىگە چۆمدى، قەشقەر ئاسمىنىنى قاپلىغان
ناغرا - سۇناي، دۇتتار - تەمبۇر، راۋاب - ساپايى، داقا -
دۇمباق ساداسى ئىچىدە قىسمىمىز «سىبو» غا كىردى.

قەشقەر چوڭ شەھەر ئىدى، يەنە كېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭ-
نىڭ مەركىزى ئىدى. قەشقەر خىزمىتىنىڭ قانداق ئىشلىنىشى
ۋە قەشقەر ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى پۇتۇن شىنجاڭغا تەسىر
كۆرسىتەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كو-
مىتېتى 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۇنى يولداش پېڭ
دېخۇەيگە ئۇچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش
ھەققىدە بەرگەن تېلېگراممىسىدا: «ئۆتكەنكى بىرقانچە يىلدا ئۇ-
زىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى-
نىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جۇڭگو
ئىنقىلابىغا ماسلىشىش جەھەتتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى،
شۇڭا 14 مىڭ كىشىلىك مىللىي ئارمىيىنى خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە پۇتۇن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلى-
رىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
يەرلىك مىللەتلەر بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى كۆۋرۇك قىلىپ،
خەلق ھاكىمىيىتى، يەرلىك قوراللىق كۇچ ۋە يەرلىك پارتىيە
تەشكىلاتلىرى قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش كېرەك»
دەپ مۇھىم يوليورۇق بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن يەنە پارتىيە مەر-
كىزىي كومىتېتى، ماۋ جۇشى شۇ مەزمۇندا بىرنەچچە قېتىم
يوليورۇق بەرگەن.

مەركەزنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئۇچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە-
سى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قۇرۇش تۇزۇمى بويىچە
جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - جۇنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ

قۇرۇلدى. پولكوۋنىك مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ بۇ قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم يېتەكچىلىرىنىڭ بىرى سالاھىيىتى بىلەن مۇھىم رول ئوينىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكى، 5 ـ جۇن، 2 ـ جۇنلەرنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە پولكوۋنىك ئىمىنوۋ باش بولۇپ 5 ـ جۇننىڭ 13 ـ دىۋىزىيىسىنى ۋە قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەنلەردە تۇرۇشلۇق بۇ دىۋىزىيىنىڭ 37 ـ، 38 ـ، 39 ـ پولكلىرى بىلەن بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلىرىنى 1950 ـ يىلىنىڭ 4 ـ ئايلىرىغىچە مۇكەممەل قۇرۇپ چىقتى. ئۆزى دىۋىزىيە كوماندىرى، دىۋىزىيە پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 ـ جۇنى قىلىپ قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ 13 ـ، 14 ـ دىۋىزىيىسى، 7 پولكى شىنجاڭغا كىرگەن ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلىشىپ، شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە يېپيېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە خىزمەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ قەشقەردە كومپارتىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رەھبەرلىك يادروسىنىڭ غول رەھبەرلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار يەرلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرى، يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتى.

پارتىيىمىز 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىسىدىن 1950 ـ يىلىنىڭ 4 ـ ئېيىغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۈركۈم بويىچە يولداش سەيپىدىن ئەزىزى باشلىق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ناھىيە، پولك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كوممۇنىزم ئېڭىغا ئىگە مۇنەۋۋەر كادىرلىرىنى



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا كاندىداتسىز ۋە كاندىداتلىق قوبۇل قىلدى. ئالدىن قوبۇل قىلىنغان ئىككى تۈركۈمدىكىلەر ئىمىنوۋ قاتارلىق رەھبەرلەر بولۇپ، كاندىداتسىز قوبۇل قىلىندى. بۇلار شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەر ئىچىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىنغان كوممۇنىستلار بولۇپ، پارتىيىنىڭ شىنجاڭدا پارتىيە قۇرۇش تارىخىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن پارلاق سەھىپىسىنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئاساس قىلىپ يەرلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇشنىڭ ھەم يەرلىك كومپارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشنىڭ نېگىزلىك شەرتى ھازىرلاندى. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان يەرلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ساپاسىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىگە، خەلققە، مىللەتكە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن كېچىلەپ ئىشلەپ، شۇنچە كۆپ ساندىكى مىللىي كادىرلار بىلەن كومپارتىيىنىڭ كادىرلار ئۆلچىمى بويىچە بىر ـ بىرلەپ تونۇشۇپ، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىي، ھاكىملىرىنى، سىياسىي ـ قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى، يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئاساسلىق كادىرلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا چۈشكەن مىللىي ئارمىيە قىسمى ئىچىدىن، ئۈچ ۋىلايەتكە ئۆتكەن خەلق ۋەكىللىرىدىن ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىپ كەلگەن يەرلىك ئىلغار كۈچلەر ئىچىدىن تاللاپ ۋە سەپلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەرلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرىنى ۋاقتىدا قۇرۇپ چىقىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىشلارنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇۋەتتى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گەۋدىلىك مەسىلە مىللىي كادىرلار

ئاز، ئېھتىياج زور بولۇش مەسىلىسى ئىدى. مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ، سەيپۇللايوۋ باشلىق يولداشلار جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە ئالاقىدار يوليورۇقلىرىنىڭ روھى، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ تەلەپى بويىچە شىنجاڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، مىللىي كادىرلارنى «مەخسۇس كۇرسلاردا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش»، «خىزمەت ئورنىدا ئىشىنىپ دادىل ئىشلىتىپ يېتىشتۈرۈش» قوش فاڭجېننى چىڭ تۇتۇپ، مىللىي كادىرلارنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشىنى تېزلەتتى. 13 - دىۋىزىيە شۇنداق ئىشلىدى، يەرلىك شۇنداق ئىشلىدى، ۋەزىيەت ئومۇمەن ياخشى بولۇپ، جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان مىللىي كادىرلار ئارقا - ئارقىدىن يېتىشتۈرۈلۈپ، خىزمەتلەرنىڭ يۈرۈشتۈرۈلۈشى كاپالەتلەندۈرۈلدى.

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ يۇقىرى ساپالىق كادىر يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇنىڭغا ئۆزىنى يېتىشتۈرۈشنى نەمۇنە قىلىپ ماڭدى. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ئۇزلۇكسىز تۇردە ئۆزىنى ھەم دىيانەتلىك، ھەم قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئىختىساس ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈچۈن شانلىق نەمۇنە تىكلەپ بەردى. مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ مىللىي كادىرلارغا خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش قاتتىق تەلەپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر جەھەتتىن كۆيۈنەتتى. كادىرلارنىڭ كەمچىلىك، خاتالىقلىرىغا ھەرگىز سۈكۈت قىلمايتتى، ئاشكارە، يۈزمۇ - يۈز كۆرسىتىپ بېرەتتى، تەنقىد قىلاتتى. بەزىدە قاتتىق تەنقىد قىلاتتى، لېكىن كادىرلارنىڭ ئەدىۋىنى بەرمەيتتى. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ بىلەن بىرگە قول ئاستىدا ئىشلەيدىغانلار ئىمىنوۋدىن تەپ تارتىشاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلىشاتتى. سۆز-



سىزكى، ئۇنىڭدا رەھبىرىي كادىرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە ئالىي پەزىلەت مۇجەسسەم ئىدى.

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ مىللىي كادىرلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىپ بېرىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ساپاسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ پۈتۈن دۆلىتىمىز ۋە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئوبيېكتىپ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللىي كادىرلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىپ بېرىشى، خىزمەتلەرگە ئائىت پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلەپ بېرىشى، ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ بېرىشى، ئۆز پىكرىنى تولۇق ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆز رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرالايدىغان بولۇشى ئۈچۈن چوقۇم خەنزۇچە تىل - يېزىقنى ئۆگىنىپ چىقىشنى ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بۇ ئىشتا قەدەمنى پۇختا بېسىپ، باشقىلارغا ئۆزىگە قويۇپ كېلىۋاتقاندەك قاتتىق تەلەپ قويماي كەڭرى ۋە جانلىق تەدبىر قوللىناتتى، يەنى بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ياش، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى مىللىي كادىرلارنى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، خەنزۇچە تىل - يېزىقنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ خىزمەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خەنزۇچە تىل - يېزىقنى تولىمۇ ئىخلاس بىلەن ئۆگىنەتتى ۋە ئۆگەنگىنىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتەتتى. ئۇ بۇ توغرىلىق بىر نۆۋەت: «ئۆگىنىش ئاسان، ئىشلىتىشنى بىلسە، ئۆگىنىش تەس، ئىشلىتىشنى بىلمىسە» دېگەن ئىدى. ئىمىنوۋ تەرجىمانغا قاراپ قالغان ئەمەس، شۇ ۋاقىتتا بىز مىللىي كادىرلاردىكى ئاساسىي مەسىلىلەردىن بىرى خەنزۇچىنى ئوقۇيالماسلىق ياكى ئوقۇساقمۇ تولۇق چۈشى-

نىپ كېتەلمەسلىك بولسا، يەنە بىرى دېمەكچى بولغىنىمىزنى
توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىك ئىدى. ئىمىنوۋ بۇلاردىن خالىي
ئىدى. ئوقۇپ چۈشىنەتتى، چۈشىنەلمىگىنىنى لۇغەت ئارقىلىق
چۈشىنەتتى. ئەڭ قىممەتلىكى تازا چۈشىنىۋالمىغۇچە ھەرگىز
بولدى قىلمايتتى. 1955 ـ يىلى 2 ـ ئايدا بولسا كېرەك، بىر
كۈنى ئىمىنوۋ ماڭا: «كەلگىنىڭىزگە بىر ئايدىن ئاشتى، سىز
ئەتىگەندە خىزمەتكە چۈشۈش بىلەن بىر سائەت مىللىي كادىرلار-
نىڭ خەنزۇچە تىل ـ يېزىق ئۆگىنىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇڭ،
بۇنىڭ بىلەن خەنزۇچە تىل ـ يېزىق ئۆگىنىشنى پۈتۈن ئىدارە
بويىچە (جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكوم ئىدارىسى بويىچە) قانات يايدۇ-
رايلى» دەپ كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۆگىنىش باشلاندى،
ئۇنۇمى تېز كۆرۈلۈشكە باشلاپ، ئىدارە رەھبەرلىكىنىڭ كۆڭۈل
بۆلۈشىنى قوزغىدى. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ئىچىمىز-
دە ھەقىقىي ھوقۇق يۈرگۈزەلىگەن ئىقتىدارلىق رەھبەر ئىدى.
چۈنكى ئۇنىڭدا دائىم ئۆزى دەپ كېلىۋاتقاندەك، بىرى كەسىپنى
بىلەتتى، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق كەسىپ ئىگىسى ئىدى؛ يەنە
بىرى ئۇنىڭدا كەسپىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ بارىدىغان خەنزۇچە
تىل ـ يېزىق، رۇسچە تىل ـ يېزىق قورالى بار ئىدى، شۇنداقلا
خىزمەتنى ئەستايىدىل بېرىلىپ ئىشلەيتتى. خىزمەتتىن سىرتقى
ۋاقتىنى ھەرگىز مەنىسىز ئۆتكۈزمەي ئەتىكى ئىشنى ياخشى ئىش-
لەش ئۈچۈن يېڭى ـ يېڭى بىلىملەرنى بېرىلىپ ئۆگىنەتتى.

ـ 6 ـ

1950 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 5 ـ كورپۇس
كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ بىرىنچى قارا-



رىدا ئوقۇۋاتاتتىم. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بولۇشى كېرەك،
غەربىي بىنادا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد
بولغانلىقىنى تەبرىكلەش زىياپىتىدە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك دۆلەت بايرىمىغا قاتنىشىدى-
غان 5 ـ كورپۇسنىڭ مۇراسىمغا قاتنىشىدىغان ئۆمىكىنىڭ تەر-
كىبىدە مېنىڭ بارلىقىم ئوقتۇرۇلدى. چۈشۈمگىمۇ كىرمەيدىغان
بۇ خۇش خەۋەردىن ھاڭ ـ تاڭ بولدۇم ھەم ھاياجىنىمنى باسالماي
قالدىم. بۇ ئۆمەك مەركەزدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىپتۇ. ئۆ-
مەك 5 ـ كورپۇسنىڭ ئاساسلىق مۇھىم رەھبەرلىرى، كورپۇس-
نىڭ 13 ـ، 14 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى، سىياسىي كو-
مىسسارى ۋە ئايرىم پولىك رەھبەرلىرىدىن بولۇپ 13 كىشىدىن
تەركىب تاپتى. ئۆمەك باشلىقى كورپۇس كوماندىرى پولكوۋنىك
لېسكىن، ئۆمەك پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى پولكوۋنىك مۇھەم-
مەتئىمىن ئىمىنوۋ ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۆمەكنىڭ رەھبىرى ئى-
مىنوۋ ئىدى.
9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن
يولغا چىقىپ، جيۇچۈەن، لەنجۇ، شىئەن شەھەرلىرىنىڭ رەھ-
بەرلىكى، بولۇپمۇ شىئەندە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى-
نىڭ مۇئاۋىن قوماندانى پېڭ دېخۇەينىڭ قىزغىن قۇچاقلاپ قار-
شى ئېلىشى بىلەن دەرىجىدىن تاشقىرى كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر
بولدۇق. بېيجىڭدا ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدىكى ئالىي مېھمانخانا —
بېيجىڭ مېھمانخانىسىنىڭ يۇقىرى قەۋەتلىرىنىڭ ياخشى ياتاقلى-
رىدا كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدۇق. 30 ـ سېنتەبىر ئەتىگەن-
لىك تاماقتىن كېيىنلا كەچتە دۆلەت باشلىقى ماۋ جۇشى بېرىدى-
غان تەنتەنىلىك دۆلەت ئالىي زىياپىتىگە ئۆمىكىمىز بويىچە تولۇق
قاتنىشىدىغانلىقىمىز، زىياپەت باشلىنىش ئالدىدا ماۋ جۇشى باش-

لىق پارتىيە، دۆلەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلى-
دىغانلىقى توغرىسىدىكى ھاياتىمىزدا كەم ئۇچرايدىغان خۇش خە-
ۋەرنى ئاڭلاپ: «ياشىسۇن ماۋ جۇشى!» ، «ياشىسۇن جۇڭگو
گۇڭچەنداڭى!» دېگەن شوئارنى ياڭرىتىپ سەكرىشىپ كەتتۇق.
چاقماق تېزلىكىدە ئۆمەك يىغىنى ئېچىلدى. سېكرېتار مۇھەممەت-
ئىمىن ئىمىنوۋ ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىقىدا ھەربىي بۇيرۇقچە
ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش، ئەدەپ - قائىدە، كىيىنىش، روھىي -
قىياپەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئەستايىدىل تەييارلىنىشىمىزنى ئو-
رۇنلاشتۇردى. ئارمىيىمىزنىڭ كىيىم فورمىلىرى قاتارغا ئۆتى-
دىكەن، بىر - بىرىمىزنى تۈزەشتۇردۇق، تەييارلىقىمىز شۇنچى-
لىك ياخشى ئىشلەندىكى، دۆلەت زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىنغان
سوۋېت ئىتتىپاقى، چاۋشيەن خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق دۆ-
لەتلەرنىڭ ئارمىيە ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىدىن زادىلا قېلىشمىدۇق.
ھەممىمىز زارىقىپ كۈتكەن بەختلىك مىنۇتلار بىزنى ئۇلۇغ
داھىي، ئۇلۇغ پارتىيە پارلاق نۇرىنى چاچقان ھەيۋەتلىك زىياپەت
زالىنىڭ ئىشىكىگە ئېلىپ كەلدى. ئۆمىكىمىزنىڭ زىياپەت زالىغا
كىرىدىغان رەت نومۇرى ئالدىنقى قاتارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئى-
كەن. زىياپەت زالى ئىشىكىنىڭ ئىككى قانىتىدا سۆيۈملۈك جۇ
ئېنلەي زۇڭلى، دېڭ يىڭچاۋ ئاچىلار ئىسسىق قوللىرى بىلەن
بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ: «خۇش كەپسىز، قارشى ئالىمىز»
، «مەرھەمەت قىلىڭىزلەر» دەپ يېقىملىق، ئوچۇق چىرايلىرى
بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىشىپ، زىياپەت تۆرىنى كۆرسىتىپ
تۇرۇشتى. زىياپەت تۆرىدىن تەرەپ - تەرەپكە چاقناۋاتقان پارلاق
نۇرلار كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ، پۈتۈن زىياپەت زالىنى نۇرغا
چۆمدۈرۈپ تۇراتتى. ئاجايىپ قامەتلىك ماۋ جۇشى ۋە جۇشىغا
ھەمراھ بولغۇچى ليۇ شاۋچى، جۇدې قاتارلىق پارتىيە - دۆلەت-



نىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئىنتايىن خۇشال كەيپىياتتا مېھماندى-
لارغا قول سۇنۇۋاتاتتى. ماۋ جۇشى ھەربىرىمىز بىلەن بىر -
بىرلەپ قول ئېلىشىپ: «ياخشىمۇسىز، ئامانلىق ھەمراھ بول-
غاي!» دەپ تىنچلىق سوراپ خۇشاللىقتىن خۇشاللىققا چۆمدۈرۈ-
ۋەتتى. رەھبىرىمىز يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ خەنزۇچە
تىلنى خېلى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ماۋ جۇشىنىڭ قولىنى چىڭ
تۇتۇپ تۇرۇپ، جۇشىغا چەكسىز رەھمەتلىرىمىزنى بايان قىلىپ،
ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ ئۇلۇغ داھىسىغا، شىنجاڭ پارتىيە،
ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىنىڭ، سابىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقى-
لابى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ كەڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىنىڭ
ۋە شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يوللىغان سالام، ئالىي ھۆر-
مەتلىرىنى ۋە ئەڭ ياخشى تىلەك - ئارزۇلىرىنى يەتكۈزۈپ،
جۇشىنىڭ تېنىغا سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدى.
بىرىنچى ئۆكتەبىر تيەنئەنمېن مەيدانىدا جۇڭخۇا خەلق جۇم-
ھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ تۇنجى قېتىملىق چوڭ تەنتەنىلىك
بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى. كۆرۈش مۇنبىرىدىن ئۆمىكىمىزگە ئورۇن-
لاشتۇرۇلغان ئورۇن تيەنئەنمېن راۋىقىغا يېقىن، ماۋ جۇشى
باشلىق رەھبەرلىرىمىزنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدىغان ياخشى جاي
ئىكەن. بايرام كۈنى ھاۋا ئوچۇق ئىدى، قۇياش ئۆزىنىڭ يارقىن
نۇرىنى تيەنئەنمېن ئۈستىگە چېچىپ تۇراتتى، بىر كۆزىمىز تيەن-
ئەنمېن راۋىقى ئۈستىدە، ماۋجۇشىدا، ئۇنىڭ يېقىن سەپداشلىرى-
دا، يەنە بىر كۆزىمىز تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل
مەنزىرىسىدە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەيۋەتلىك پارات
قوشۇنىدا. چەكسىز ھاياجان ئىچىدە «ياشىسۇن ماۋجۇشى!» ،
«ياشىسۇن كومپارتىيە!» دەپ جاھاننى زىل - زىلىگە سېلىپ
سەكرىشىپ كەتتۇق. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ تېخىمۇ

بەك شادلاندى. ئۇ ماۋجۇشىدىن، رەھبەرلەردىن زادى كۆز ئۈز-
مىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن چەكسىز ھاياجان، خۇشاللىق، ئۈمىد
نۇرى يېغىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قەلبىدە «ماۋجۇشى ئۈمىدىڭىزنى
ھەرگىز يەردە قويمايمىز» ، «كومپارتىيە كۆرسەتكەن يول بىلەن
قەتئىي ئالغا باسىمىز» ، «مېھرىبان ئانا ۋەتەن بەرگەن ئاق سۈ-
تۈڭنى قەدىرلەپ، سېنى مەڭگۈ سۆيىمىز» دەپ سوقۇۋاتقانلىقى
روشەن سېزىلىپ تۇراتتى. ئەتىسى ئۇ موخوركىسىنى تازا خۇشال-
لانغاندا شورىغاندەك ھۇزۇرلىنىپ شوراپ: «ئاھ! ماۋجۇشىنىڭ
كېلىشكەن قەددى - قامىتىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇلۇغ داھىغا مۇناسىپ-
كەن» دېدى. بۇ بىر جۈملە سۆزگە ئۇنىڭ ماۋجۇشىغا، پارتىيە
ۋە ۋەتەنگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى مۇجەسسەملەشكەن ئىدى.

3 - ئۆكتەبىر جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ باش
قوماندانى جۇدې خۇەيرىنتاڭ سارىيىدا ئۆمىكىمىزنى قوبۇل قىل-
دى. ئالىي جياڭجۈنلەردىن نې رۇڭجېن، لو رۇيخۇەنلەر قوبۇل
قىلىشتا بىرگە بولدى. باش قوماندان 5 - كورپۇسىمىزنىڭ
(ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى) ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىنى خورىتىش، 100 مىڭدىن ئارتۇق
ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن
ئازاد قىلىنىشى، غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئازاد قىلىنىشىدا
ئوينىغان مۇھىم رولى ۋە تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى. شىن-
جاڭ ئازاد بولۇشى بىلەنلا ئىككى قېرىنداش قوشۇن قوشۇلۇپ
بىر بولغانلىقى، شىنجاڭ خىزمەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ
بېرىشىدا يېقىندىن ھەمكارلىشىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولدى،
باش قوماندان: «شىنجاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى
ساغلام، كۈچلۈك بولىدىكەن، سىلەر ئات مىنىشقا ماھىر، ئازاد-



لىق ئارمىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئاتلىق قىسمىنى سىلەردىن
ئېلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، يەرلىك قوراللىق قوشۇنلارغىمۇ
سىلەردىن كۆپرەك ئېلىش، ھەتتا سىلەردىن ھاۋا ئارمىيىسىگىمۇ
قوبۇل قىلىش كېرەك» . . . دېگەن مەزمۇندا سۆزلەپ، بىزنى
ئىلھاملاندۇردى. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ئۆمەك نامى-
دىن باش قوماندانغا، ئالىي جياڭجۈنلەرگە سەمىمىي ھۆرمىتى-
مىزنى بىلدۈرۈپ، كۆپتىن - كۆپ مىننەتدارلىقىمىزنى ئىزھار
قىلدى: «باش قوماندان شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدۇ،
باش قوماندان كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، شىنجاڭ يەرلىك مىللەت
خەلقىنىڭ بەدەن سۈپىتى ياخشىراق كېلىدۇ، ياشلىرى ھەربىي
ئىشلارغا ھەۋەس قىلىدىغان يارامىلىق كېلىدۇ. خەلق ئازادلىق
ئارمىيىمىزنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇشىدا شىنجاڭ خەلق پەرزەنتلىرى-
دىن قوبۇل قىلىپ يېتىشتۈرۈپ بېرىشقا مەركىزىي ھەربىي كو-
مىتېتىنىڭ كۆپرەك غەمخورلۇق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز»
.

ئۆمىكىمىزدىكى ھەممىمىزنىڭ بېيجىڭگە بىرىنچى قېتىم
بېرىشىمىز ئىدى. دەرۋەقە ئۇ ۋاقىتتىكى بېيجىڭ ھازىرقى بېي-
جىڭگە ئوخشىمايتتى. ھازىر ئالەمچە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.
قانداقلا بولمىسۇن، شۇ ۋاقىتتىكى بېيجىڭ يەنىلا ئالدىنقى قاتار-
دىكى چوڭ شەھەرلەردىن ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇ جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئىدى. بىز شىنجاڭدىن باردۇق،
شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدىن باردۇق. شۇ ۋاقىتتىكى ئۈ-
رۈمچىنى بېيجىڭ بىلەن زادى سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ئۇ
چاغدا ئۈرۈمچى كىچىك، كۆرۈمسىز، قالاق ئىدى، شۇ ۋاقىتتا
ئۇ ئىچكىرىدىكى بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان چوڭراق ناھىيە بازىرى-
غا ئوخشاپ كېتەتتى. بېيجىڭ ئۈرۈمچىدىن يەنىلا خېلى جىق

تەرەققىي قىلغان، مەنزىرىسى خىلمۇ خىل كۆركەم ئىدى. شەھەر
قۇرۇلۇشىدا ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ بەزى زامانىۋى قۇرۇلۇشلىرى
بار ئىدى، بولۇپمۇ گۆگۈك، تيەنئەنمىندەك مەشھۇر تارىخىي
قۇرۇلۇشلىرى بار ئىدى. بىباھا ئاسارە ـ ئەتىقىلىرى ۋە ۋاڭفۇ-
جىڭدەك ئاتاقلىق سودا ـ سېتىق كوچىلىرىمۇ بار ئىدى. ئىش
قىلىپ بىز ئۈچۈن ھەممە نېمىسى بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ
تۇرغان چوڭ شەھەر ئىدى.
بىز تۇرۇۋاتقان بېيجىڭ مېھمانخانىسىغا ياندىش قايناق سودا
كوچىسى ۋاڭفۇجىڭ بار ئىدى. دەل شۇ كۈنلەردە ۋاڭفۇجىڭ
كوچىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى قانىتىغا يېيىلغان كونا
ماللار سېتىلىدىغان يايما بازار بېيجىڭگە سىرتتىن كەلگەنلەرنى
ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلىپ تۇراتتى. ۋاڭفۇجىڭ دۇكانلىرى
يېڭى ماللارنى ساتاتتى. كونا ماللار بازىرى گومىنداڭنىڭ بېيىپ
كەتكەن ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ، تەيۋەنگە كەتكەن
ئەمەلدارلار، گومىنداڭنىڭ ھىمايىسىدە بېيىپ كەتكەن سودا ـ
سانائەتچىلەرنىڭ ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ
ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلىرى، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى قاتار-
لىق ھەر خىل بۇيۇملارنى ساتاتتى. كونا بۇيۇملارنىڭ بەزىلىرى
كۆپ، بەزىلىرى ئاز ـ تولا، بەزىلىرى بىرنەچچە قېتىملا ئىشلە-
تىلگەن بولۇپ، ھەيران قالغۇدەك ئەرزان ئىدى. ۋاقتىمىز چىق-
سىلا كونا ماللار بازىرىغا چاپاتتۇق. يولداش مۇھەممەتئىمىن
ئىمىنوۋ ئۇنداق قىلمىدى. بىزنىڭ كاللىمىز ئوخشاش ئەمەس
ئىدى، ئۇنىڭ كاللىسىدا خەلق، مىللەتلا بار ئىكەن. ئىمىنوۋ
بۇ قېتىمقى شان ـ شۆھرەت سەپىرىنى قولغا ئاسان كەلمەيدىغان
پۇرسەت دەپ بىلگەن. ئىمىنوۋمۇ بوش ۋاقىتلىرىدا بازارغا چىقات-
تى. دۇكانمۇ ـ دۇكان ئارىلايتتى. يايما ئورۇنلىرىغا سىنچىلاپ



قاراپ ئىزدەيدىغىنى باشقىلىرىمىز ئۈچۈن «نەدىكى بىرنېمە» لەر
ئىدى. يەنى شىنجاڭ يەرلىك قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگە، قاتناش
ئىشلىرىغا، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىقىغا ھەتتا ئاياللىرىمىز ئا-
ئىلە تۇرمۇشىدا ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلىرىغا كېرەكلىك زاپچاس،
سېخىما، ئۆزگەرتىپ ياساشقا ئائىت قوللانمىلار ئىدى. بۇلارمۇ
ھۈنەر ـ سەنئىتىمىزنى، قول سانائىتىمىزنى يېڭى باسقۇچقا
ئېلىپ كىرىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، مېهنەتكەشلىرىمىزنىڭ
ئېغىر ئەمگەك سىجىللىقىنى يەڭگىللىتىشتە كېرەكلىك نەرسىلەر
ئىدى. بۇمۇ بىر يېڭىلىق، بىر ئىنقىلاب ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەت-
تە. ھېلىقى كونا ماللار بازىرى ئەسلىدە چەتتىن كەلگۈچىلەر
ئۈچۈن ئامەت ئىدى. نەچچە مىڭ يۈەنلىك كۆزنى قاماشتۇرىدىغان
مەرۋايىت، ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەت جابدۇقلار باھاسى بىكارنىڭ
ئورنىدا تۇرسىمۇ، ئارىمىزدىن ئىمىنوۋدەك نەزەر كۆزىنى سېلىپ
قويماي، خەلق غېمىنى يېگۈچىلەردىن ئىككىنچى بىرىمىز چىقمى-
دۇق. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، رەھبىرىي قاتلامدىن ئاشۇن-
داق ئازراق پايدىغا قول ئۇزاتماي «خەلق» لا دەپ بارلىقىنى خەلق
ۋە مىللەتكە ئاتىۋەتكەن ئالىيجاپ كىشىلەرنى ئۇچرىتىش بەك تەس
بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.
ئۆمىكىمىز تيەنجىنگە زىيارەتكە باردى. تيەنجىندە تۇرۇش-
لۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 20 ـ بىڭتۇەنىنىڭ ئادەتتىن
تاشقىرى قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. رەھبەرلىك تيەن-
جىن شەھەر مەنزىرىلىرىنى، تارىخىي ئورۇنلارنى، ئاسارە ـ
ئەتىقىلەرنى، بىڭتۇەنىنىڭ ھەممە مۇھىم ئورۇنلىرىنى دېگۈدەك
ساياھەت قىلدۇرۇپ ئويناتتى. ئاخىرقى كۈنى بىڭتۇەنىنىڭ قو-
شۇمچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇ-
رۇۋاتقان يولداش ئىمىنوۋنىڭ كۆزى شال پاخىلىدىن ئارغامچا

قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان «ئاددى» قول
مەشغۇلاتىغا زەن سېلىپ تۇرۇپ قالدى. بىرنەچچە جەڭچى خۇددى
ۋېلىسىپىتتەك پۇتتا، قولدا ئايلاندۇرىدىغان «كۆلە» (پاخال ئار-
غامچىسى) تاغار، يىپ قاتارلىق قوشۇمچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقى-
رىدىكەن، بۇنداق بىر ئىشقا كىممۇ نەزەر سالسۇن، يەنە شۇ خەلق
غەمگۇزارى مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ئۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت
قىلدى. بىگتۇەن رەھبەرلىرى: «بىزدە نۇرغۇن شال پاخاللىرى
ئىسراپ بولۇپ كېتەتتى، ھازىر مانا مۇنداق ئاددىي ئۇسكۇنىلەر
بىلەن كۆلە، پالاس، تاغار قاتارلىقلارنى توقۇپ كىرىم قىلىۋاتى-
مىز، بۇنىڭ بازىرى ئىتتىك، تەننەرخى تۆۋەن، كىرىمى ياخشى»
دەپ تونۇشتۇردى. ئىمىنوۋ: «شۇ ئەمەسمۇ، بىزدىمۇ شال پاخال-
لىرى ھەم شۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا پاخاللار جىق، ئۇلار
ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. بىزدە ئارغامچا كۆپ ئىشلىنىدۇ، ئەمما
يۇگدىن ئېشىمىز، شۇنىڭدەك ھەممىگىلا ئىشلەيدىغان پالاس،
تاغارلارنىمۇ يۇگدىن، پاختا يىپىدىن توقۇيمىز، يۇڭ، پاختا كۆپ
ئىسراپ بولىدۇ. مال باققۇچىلىرىمىز يۇگدىن، كېۋەز تېرىغۇ-
چىلىرىمىز پاختىدىن ھېچقانچە كىرىم قىلىشالمايدۇ. بولمىسا
يۇڭ، پاختىنىڭ ئىچكى - سىرتقى بازىرى ئوبدان، بىز بەك
چارىسىزكەنمىز» دېدى ۋە ئارغامچا ئەشكۈچى ماشىنىغا سەپسې-
لىپ قاراپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: «ئۆزى ئاددىي، توك تە-
لەپ قىلمايدۇ، ھەرقانداق يەردە ئىشلەتكىلى بولۇۋېرىدۇ، ھەر-
قانداق ئادەممۇ بىمالال ئىشلىتەلەيدىكەن، قاراڭ! قارىماققا شۇن-
چە ئاددىي، توپىغا كۆمۈلۈپ تۇرغان ئالتۇننىڭ قىممىتى نېمە
دېگەن چوڭ ھە!» بىز ئەھمىيەت بەرمىگەن بۇ ئاددىي ئۇسكۇنىلەر
نېمە ئۈچۈن يولداش ئىمىنوۋنىڭ شۇنچە دىققىتىنى تارتتى؟
ئېكسكۇرسىيىدىن قايتقۇچە ئىمىنوۋ بۇنىڭ دېھقان - چارۋىچىلار-



غا بېرىدىغان پايدىسىنى ھېساب قىلىپ بوپتۇ.
كەچلىك زىياپەتتە ئۆمىكىمىزنىڭ بېيجىڭگە قايتىشى، ئەتى-
سى يولداش لى ۋېخەننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرىگە
بېرىدىغان دوكلاتىغا قاتنىشىمىز كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلدى. زىيا-
پەتتىن چىقىشىمىزغا ھېلىقى ماشىنىلاردىن سوۋغىلار تەييار قى-
لىنىپ قويۇلۇپتۇ. ئىمىنوۋ كۆپتىن - كۆپ رەھمەتلىرىمىزنى
ئېيتىپ: «يولىمىز يىراق، قاتناش قىيىن، بۇلارنى ئۆز پېتى
ئېلىپ كېتەلمەيمىز، ماۋۇ بىرنىلا ئەۋرىشكە قىلىپ ئېلىۋالايلى»
دەپ ئارغامچا ئېشىدىغان ماشىنىنى كۆرسەتتى. كەچ سائەت 8
نىڭ پويىزىدا مېڭىشقا ئالدىراپ قالدۇق. سوۋغات بۇ قېتىمقى
پويىزدا ئېلىپ مېڭىشقا ئۈلگۈرمىگەنلىكتىن كېيىنكى پويىزدا
يەتكۈزۈپ بېرىلدى. قاراڭ! بىزنىڭ شىنجاڭىمىز ئاشۇ ۋاقىتلار-
دا نېمە دېگەن كەمبەغەل، نېمە دېگەن قالاق، جاپاكەش دېھقان
- چارۋىچىلىرىمىزغا ئاشۇنچىلىك بىر نېمىلەرمۇ ياساپ بېرىلمى-
گەن ئىكەن، خەلققە، مىللەتكە پايدا بېرىدىغان نۇرغۇن - نۇرغۇن
ئىشلارنى ئويلاۋاتقانلار باردۇر. بەلكىم بۇلاردىنمۇ يېڭى، ئۇنۇم-
لۈك، زامانىۋى ئۇسكۇنىلەرنى ياساپ بېرىشنى ئويلاۋاتقانلار بار-
دۇر. خەلقنى، مىللەتنى نامراتلىق، قالاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا
پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر يولداش مۇ-
ھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ئاشۇلارنىڭ ۋەكىلى بولالىسا كېرەك.

\- 7 -

1951 - يىلى قەشقەردە چەت ئەلگە باغلانغان، مەلۇم دۆلەت-
نىڭ پىلانلىشى، قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن يېڭى ھاكىمىيەتكە
قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. «ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغۇچى تەشكى-

ـلات» پاش قىلىنىپ، بىرمۇنچە كىشى قامالدى، بىرمۇنچىلىرى
خەلق نازارىتىگە تاپشۇرۇلدى. ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش تەشكىلا-
تىغا 13 ـ دېۋىزىيىمىزدىن ئون نەچچە ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر
قاتناشقان، بىرقانچىلىرى تەشكىلاتنىڭ غول ئۇنسۇرلىرى ھېساب-
لانغان. بۇ چەت ئەلنىڭ قولىدىكى ئىنتايىن خەتەرلىك تەشكىلات
بولغانلىقى ئۈچۈن، قەشقەردىن ئۆلكىگىچە، ئۆلكىدىن غەربىي
شىمالغىچە، ھەتتا مەركەزگىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە
رەھبەرلىكىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان ئىدى.
1952 ـ يىلى 9 ـ ياكى 10 ـ ئاي بولۇشى كېرەك، يولداش
مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ غۇلجىغا كېلىپ 3 ~ 4 كۈن تۇرۇپ
قەشقەرگە قايتتى. ئىمىنوۋ كورپۇس رەھبەرلىرىنى يوقلاپ،
ئائىلىلەرنى پەتىلىدى. پېقىرنىڭ ئۆيىدە پاراڭلىشىۋېتىپ: «.
. . بۇ دېلو كورپۇسنىڭ تەستىقىغا يوللىنىپ قالار، دېلو ئەھۋا-
لىنى تەتقىق قىلغۇچى ئايرىم كەسپ ئەھلىلىرىنىڭ باشقىچە پىكى-
رى بار ئوخشايدۇ» دېگەن سۆزنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى.
1953 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەزكۇر دېلو 5 ـ كورپۇسنىڭ تەستىقلى-
شىغا تاپشۇرۇلدى. تەستىقلاشقا سۇنۇلغان ماتېرىيالدا 13 ـ دىۋى-
زىيىمىزدىن مەزكۇر دېلوغا قاتناشقان 6 نەپەر باش جىنايەتچىگە
ئۆلۈم جازاسى، بىرقانچىلىرىغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم
قىلىنغان ئىكەن. كورپۇس رەھبەرلىكى دېلونى ئاۋۋال كورپۇس
سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللۇقىدا مۇھاپىزەت، رازۋېدكا تار-
ماقلىرى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆرۈپ چىقىپ، كورپۇس
پارتكومىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى ئۈچۈن كونكرېت پىكىر تەييارلى-
شىغا تاپشۇردى.
ئۈچ ئايدىن كېيىن بىر نەپەر كورپۇس رەھبىرىنىڭ باشقۇ-
رۇشىدا كورپۇس سىياسىي بۆلۈمى، سوت، مۇھاپىزەت، تەشكى-



لات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى قاتنىشىپ، كورپۇس
پارتكومىنىڭ مۇزاكىرىسىگە پىكىر تەييارلاش ئۈچۈن دېلونى ئال-
دىن مۇزاكىرە قىلىشنى باشلىدۇق. بىرىنچى كۈنى سوت، مۇھا-
پىزەت بۆلۈملىرى دېلونى كۆرۈپ چىققانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات
بەردى. ئەتىسىدىن باشلاپ، دېلونى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىشقا
چۈشتۇق. بىر كۈن تالاش ـ تارتىش قىلىپ، ئاخىرى كۆپچىلىك
بىرىنچى باش جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھۆكۈمىگە قو-
شۇلۇشتۇق. ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنلىرى 2 ـ 3 ـ نومۇرلۇق
باش جىنايەتچىلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، مۇزاكىرە
قىلغاندا تالاش ـ تارتىش كۆپ بولدى. ئۇلارغىمۇ ئۆلۈم جازاسى
بېرىش ھۆكۈمى ئۈستىدە بىر پىكىرگە كېلىشەلمىدۇق. تۆتىنچى
كۈندىكى مۇزاكىرىدە دېلو مۇزاكىرە قىلىنمىدى. مۇھىمى:
دېلو قەشقەردە يۈز بەرگەن، دېلونى پاش قىلىپ، سوراقنى تۈگى-
تىپ ئەنزە ئاياقلاشتۇرغۇچى كورپۇسىمىزنىڭ قانۇن ساھەلىرى
بۇ ئىشقا ئارىلاشمىدى. بىر قىسىم كىشىلەرگە ئۆلۈم جازاسى،
يەنە بىر قىسىملىرىغا مۇددەتسىز ۋە مۇددەتلىك قاماق جازاسى
بېرىلدى. بىز بۇ دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلمەيتتۇق. شۇ-
ڭا، كورپۇس پارتكومىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بۇ دېلونى تەستىقلى-
شى تەس ئىدى. بىز مۇشۇنداق ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ
كورپۇس پارتكومىغا «بۇ دېلونى مۇزاكىرە قىلماي قايتۇرۇۋې-
تىش، زۆرۈر بولسا، كورپۇس مەسئۇل ئادەم چىقىرىپ، دېلو
يۈز بەرگەن ئورۇنغا ئەۋەتىپ، دېلونى ئىشلىگۈچىلەر بىلەن بىر-
لىكتە قايتا كۆرۈپ چىقىپ، دوكلات سۇنغاندىن كېيىن مۇزاكىرە
قىلىش لازىم» دېگەن پىكرىمىزنى بېرىپ، مۇزاكىرىنى توختى-
تىش قارارىغا كەلدۇق.
يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بىرقەدەر يۇقىرى سىياسىي سەۋىيىگە

ئىگە رەھبەرلەر ئىدى. دېلو ئۈستىدە يۇقىرىقىدەك غۇلغۇلا ۋە
ئوخشاشمىغان قاراشلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى. يولداش مۇ-
ھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ يېرىم يىل ئىلگىرى بۇ دېلو ئۈستىدە
ماڭا بەرگەن بىر جۈملىلىك بېشارىتى يەنە باشقا ئۈچ نەپەر مەس-
ئۇل خادىمغىمۇ بېرىلىپتىكەن. بۇ بېشارەت بىزنىڭ ئېھتىياتچاند-
لىقىمىزنى ئاشۇرۇپ، مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى كۈچەيتىشتە مۇ-
ھىم رول ئوينىدى.

1953 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەرگە ئائىلە يوقلاپ باردىم.
بۇ چاغدا مەرھۇم ئىمىنوۋ ھامۇت جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايو-
نىنىڭ سەنمۇجاڭى ئىدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا يېڭى شەھەرگە
چىقىپ جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى، ھەربىي رايون باشلىقلىرىغا
سالام بېرىپ يوقلىدىم. جەنۇبىي شىنجاڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل
بولۇۋاتقان يولداش زو چى بىلەن كۆرۈشكىنىمدە ئۇ: «ئوبدان
بولدى، ياخشى كەلدىڭىز، سىز 5 - كورپۇس سىياسىي بۆلۈمى-
نىڭ مەسئۇلى، سىز قايتماي قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ،
5 - كورپۇسقا ۋاكالىتەن ھازىرغىچە بىر تەرەپ قىلىنماي كېلى-
ۋاتقان ھېلىقى «ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغۇچى تەشكىلات» دېلوسى-
نى بىر تەرەپ قىلىشىپ كېتىڭ، ھازىرلا 5 - كورپۇسقا
تېلېگرامما يوللايمەن» دەپلا تېلېگرامما تېكىستىنى يېزىپ، كا-
تىپىنىڭ يوللىشىغا تاپشۇردى. ئاندىن يولداش چىگو (جەنۇ-
بىي شىنجاڭ پارتكومىنىڭ دائىمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل 3 -
سېكرېتارى) قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇلارمۇ يولداش زو-
چىدەك گەپلەرنى قىلىشتى. كونا شەھەرگە قايتىشىپ، يولداش
ئىمىنوۋ ھامۇت ماڭا: «بۇرادەرلەر ئالدىرمايلى، قەشقەردە كۆپ-
رەك تۇرايلى، قەشقەرنىڭ تازا ئوبدان ۋاقتى ئەمەسمۇ؟ ھېلىقى
پىكىرلەر ئەسلى يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ تەكلىپى،



بۇنىڭغا جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى، ھەربىي رايون رەھبەرلىرى
قوشۇلۇشقان، بىرلىكتە بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىشىۋېتەيلى» دې-
دى. ئىككىنچى كۈنى سېكرېتار (جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومىنىڭ
4 - سېكرېتارى) مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ بىلەن ئايرىم ئۇچ-
راشتىم، ئۇ: «بۇ دېلو ناھايىتى چوڭ ئىش بولۇپ كەتتى، بۇ
يەردىكىلەردىن باشقا جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىلەن شىن-
جاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگىنىمۇ قول سالدى.
غەربىي شىمال ھەربىي، مەمۇرىي رايونى كۆڭۈل بۆلدى، مەركەز
خەۋەر تېپىپ، بۇ ئىشقا بەك جىددىي قاراۋاتىدۇ. جامائەت خەۋپ-
سىزلىكى مىنىستىرلىكى، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇنا-
سىۋەتلىك ئورگىنى «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئېھتى-
ياتچانلىق بىلەن توغرا بىر تەرەپ قىلىش» يوللىرىنى كۆرسىتىپ
تۇردى، قوغلاپ پاش قىلىپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، سوراق ئا-
خىرلىشىپ «جىنايەتچى» لەر ئۈستىدىن ھۆكۈم بېكىتىلىپ،
دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلۇۋاتقاندا، بىر قىسىم جىنايەتچىلەرنىڭ ھۆ-
كۈمەتكە نارازىلىقى بولدى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ
ئاتاقلىق رازۋېدچىكلىرىنىڭ بۇ دېلوغا قايتا ئوخشىمايدىغان پىك-
رى بوپتۇ. غەربىي شىمال ھەربىي رايونىنىڭ دېلونى تەتقىق
قىلغۇچى خادىملىرىدىمۇ ئوخشىمىغان پىكىرلەر باردەك قىلىدۇ،
جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكوم، ھەربىي رايونى رەھبىرىي يولداشلىرى-
مۇ دېلونى قايتا قاراپ چىقىش لازىم دەپ قارايدۇ. مەيلى قانداق
بولمىسۇن، دېلونى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قايتا قاراپ چىقىشى-
مىز لازىم؛ پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن
ئىزدەش، بولۇپمۇ ئادەم مەسىلىسىدە تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى
لازىم؛ دېلو پاش قىلىنىپ ئاخىرىغىچە ئىشلىگەن خادىملارنىڭ
ھەممىسى بار، ھەربىي رايون، غەربىي شىمال ھەربىي رايونىدىن

قول سېلىپ تەتقىق قىلغۇچى خادىملارنىڭ بىرقانچىلىرى بار،
دېلونى قايتا قاراپ چىقىشتا پاكىتنى ئاساس، سىياسەتنى تۇتقا
قىلىشىمىز، ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنى يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قو-
يالىشىمىز ۋە كۆڭۈل قويۇپ ئويلىشىشىمىز لازىم. يولۇققان
مەسىلىلەرنى رەھبەرلىككە ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ، رەھبەرلىكنىڭ
يوليورۇقى ۋە قوللاشلىرىغا ئېرىشىپ تۇرۇشىمىز لازىم» دەپ
تەكىتلەپ كۆرسەتتى.

11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئىككى يېرىم ئاي
جەريانىدا، ھەرقايسى تەرەپ يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە
قاتتىق تىرىشىش ئارقىلىق «دېلونى قايتا قاراپ چىقىش» ئىشى
ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ، رەھبەرلىككە دوكلات سۇنۇلدى. خۇلاسە ئو-
مۇمەن مۇنداق بولدى: «چەت ئەلگە باغلانغان، ۋەتەنگە ئاسىيلىق
قىلىش دېلوسى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس، دېلو بىكار قىلىنىد-
شى لازىم، قاماقتىكىلەر قويۇپ بېرىلىشى، ئامىمىنىڭ نازارىتى
ئېلىپ تاشلىنىشى، خەلق كۆڭلى خاتىرجەم قىلىنىپ، جەمئىد-
يەت تىنچلاندۇرۇلۇشى لازىم. دېلوغا چېتىشلىق كىشىلەرنىڭ
ئاخىرقى خىزمەتلىرى ھەركىمنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بويىچە تو-
لۇق، توغرا بىر تەرەپ قىلىنىشى لازىم» دېگەندىن ئىبارەت
بولدى. دېلونىڭ خاراكتېرىنى ئىلگىرىكىدەك بېكىتىشتە ئاساس
قىلىنغان «××× دۆلەت كونسۇلىنىڭ دەل ئۆز ئىمزاسى،
كونسۇلخانىنىڭ سوقۇچاق ئۆيىدىكى مەجلىستىكى تاپشۇرۇقلىد-
رى» دېگەندەك «قىل سىغمايدىغان پاكىت» لار يالغان بولۇپ
كۆيدۈرۈپ تاشلاندى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرى
تۇرلۇك ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللار سەۋەبىدىن ھەقىقەت-
نى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش ئانچە ئاسان ئەمەس



ئىدى. لېكىن، مەيلى يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلاملاردا بول-
سۇن، پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەن، فاڭجېن - سىياسەتلىرىدە
چىڭ تۇرىدىغان رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ بولۇشى ھەل قىلد-
غۇچ ئامىل ھېسابلىنىدۇ. توغرا رەھبەرلىك كوللېكتىپى يول-
داش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋغا ئوخشاش شەخسىي پايدا - زىيان
بىلەن ھېسابلاشماي، ئومۇمنى كۆزدە تۇتىدىغان، ئېغىزدا ئە-
مەس، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەي-
دىغان، كەمچىلىكنى تۈزىتىپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان، پاك
- دىيانەتلىك، توغرا - ناتوغرىنى پەرق ئېتەلەيدىغان يۇقىرى
ساپالىق خادىملاردىن تەشكىل تېپىش ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن.
ئۇنداق بولمىسا، توغرا رەھبەرلىك كوللېكتىپى شەكىللىنەلمەي-
دۇ. پارتىيە لۇشيەن - سىياسەتلىرىنىڭ توغرا بولۇشى ئىنتايىن
مۇھىم، لېكىن بۇنىڭ ئۆزى تېخى كۇپايە قىلمايدۇ، يەنىلا توغرا
لۇشيەن، توغرا فاڭجېن - سىياسەتتە چىڭ تۇرىدىغان، ئۇنى ئۆز
ئەمەلىيىتىگە توغرا تەدبىقلاپ ئىجادىي ئىجرا قىلالايدىغان ھەم
ساپ، ھەم ئىقتىدارلىق كادىرلار بولۇشى لازىم، «پارتىيە لۇشيە-
نى بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن كادىر ھەل قىلغۇچ ئامىل»
دېگەن تەلىمنىڭ تۈپكى ئاساسى دەل مۇشۇ يەردە.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن دېلو بىرمۇنچە ياخشى كادىر-
لارغا بېرىپ چېتىلاتتى، بىرنەچچە ياخشى كادىرلار ئۈستىدە گۇ-
مان تۇغدۇرغان ئىدى. بۇ يەردە رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ
كادىرلارغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كادىرلار سىيا-
ستى بويىچە قارىشى ناھايىتى مۇھىم رول ئويناىدۇ. يۇقىرىقى
دېلو مەسىلىسىدە يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ مۇھىم رەھ-
بەرلىك ئورنىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. ئېخىمۇ قىممەت-
لىكى، بۇ تالانت ئىگىسى قابىل قىلىش ئىقتىدارى بىلەن جەنۇ-

بىي شىنجاڭ پارتكومى، ھەربىي رايونىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىـ
رى بىلەن بىرلىشىپ مۇھىم رول ئوينىدى.
يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ كادىرلارغا نىسبەتەن
پرىنسىپچانلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ يېقىنلىرىنى ئەمەس، ياخشىـ
لارنى ئىشقا قوياتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ شەخسىيەتچىلىك بىلەن غۇژـ
مەكلىشىۋالىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ كادىرلارنىڭ ھەر
جاي، ھەر ساھە، ھەر مىللەتتىن بولۇشىنى تەشەببۇس قىلاتتى
ۋە شۇنداق بولۇشىغا كۈچ چىقىراتتى. 1955 - يىلنىڭ خېلى
بىر ۋاقىتلىرىغىچە ھېلىقى دېلودىكى «تايانچ» لاردىن بىرنەچچىـ
سىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىدى، بۇ بىر نەچچىسىنىڭ
ئەسلىدىكى خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەي، ئۆزلىرىگە لايىق
يېڭىدىن خىزمەت تەقسىم قىلىنغان لايىھىنى سېكرېتار مۇھەمـ
مەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردۇق. ئىمىنوۋ لايىھىـ
گە قوشۇلدى ۋە مۇنداق دېدى: «بۇ 7 كىشى تۈرمىدىن قويۇپ
بېرىلدى، ئاقلاندى، ئۇنداق چوڭ جىنايىتى بولمىغىنى بىلەن
باشقا ياقلاردىن ئېغىر كەمچىلىك - خاتالىقلىرى بار. ئۇلار
ئارمىيىمىزنىڭ شەنىگە، 13 - دىۋىزىيىمىزنىڭ شەنىگە يامان
تەسىر بېرىشتى، ئىلگىرىكى خىزمىتى ھەربىي ئوفىتسېرلىك
خىزمەت ئىدى. بۇ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەرگىز
بولمايدۇ، يىراق يەرلىككە مەمۇرىي خىزمەت بىلەن چۈشۈرۈش
توغرا. ئۇلارغا كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلىرىنى ئوچۇق كۆرسىـ
تىپ بېرىپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش، كەمچىلىكلىرىنى تۈـ
زىتىپ ياخشى كادىرلاردىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك. مانا
بۇ ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىك بولىدۇ». ئاخىرىدا ئىمىنوۋ بۇ كىشىـ
لەرنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، ياردەم قىلىپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ
تۈرۈشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قايتىدىن ئالاھىدە تەكىتلىدى.





يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ قەلەمدىمۇ - ئەلەمدىمۇ
بار، ئەتراپلىق يېتىلىۋاتقان ئۇمىدلىك ئىختىساس ئىگىسى ئىـ
دى. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان،
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەربىيىسىدە يېتىلگەن، ساـ
نائەت - قاتناش ساھەسىدىكى كەسىپ ئەھلى بولۇپ، كۆزگە كۆـ
رۈنگەن رەھبەر ئىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن 60
- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك
ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش،
بولۇپمۇ سانائەت - قاتناش قۇرۇلۇشى كەسپىدە يولداش مۇھەمـ
مەتئىمىن ئىمىنوۋدەك كەسىپ بىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرى ئىچىدىن ئىككىنچى بىرى تېخى يېتىشىپ چىقمىغان
ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئۆز ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان
سانائەت - قاتناشنىڭ بۇ نوپۇزلۇق رەھبىرى بىلەن پەخىرلىنەتـ
تى.

مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوۋ مائارىپقا كۆڭۈل بۆلەتتى. تۆـ
ۋەنگە چۈشۈپ، ئامما ئىچىگە بارغاندا مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئاساـ
سىي مائارىپ ئەھۋالى بىلەن تونۇشاتتى. مەكتەپ مۇدىرى، ئوـ
قۇتقۇچىلار بىلەن پاراڭلىشىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش
ئەھۋالىنى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى
سۈرۈشتۈرەتتى.

ئۇ ئوقۇتقۇچىلارنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيتتى، دوست تۇتاتتى،
ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىمىزگە بەرگەن تەكلىپلىرىنى، پىكىر -
تەنقىدلىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئاڭلايتتى. 1957 - يىلى خوـ
تەندە ئىككى رايوننىڭ مەركىزى مەكتەپلىرىنى كۆزدىن كەچۈـ

رۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش سۇپىتىمىزنىڭ بەك تۆۋەنلىكىنى،
مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ تولىمۇ ئاجىزلىقى-
نى كۆرگەندىن كېيىن ھەسرەتلەندى، مەكتەپ ئەتراپىدىكى مە-
ھەللىلەرنىڭ غېرىبانە قىياپىتىگە، مۇكچىيىپ يۇرگەن دېھقانلى-
رىمىزنىڭ نۇرسىز چىرايلىرىغا بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك
ئالاھىدە سەپسېلىپ، ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ: «كەمبە-
غەللىك مانا، كەمبەغەللىكنىڭ يىلتىزى مانا. خەلقىمىز بېيىسا،
مائارىپىمىز تەرەققىي تاپالايدۇ، مائارىپىمىز تەرەققىي قىلىپ
خەلقىمىزنىڭ غېرىبانە قىياپىتى ئۆزگەرسە، ساپاسى يېڭىلانسا،
خەلقىمىزنىڭ بېيىشى تېزلىشىدۇ» دېگەنىدى.

مەھەللە ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، سائەت 11 بولاي دەپ قاپتۇ،
ئىمىنوۋ: «مۇشۇ يەردە بىر ـ ئىككى ئائىلىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى»
دەپ ماشىنىنى توختاتقۇزدى. ئېرىق بويىدىكى خېلى كۆركەم بىر
ھويلىغا كىردۇق. ئائىلىدە 5 جان بار ئىكەن، ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرا
ياش چامىسىدا بولۇپ، بىر ئوغۇل، بىر قىزى ئەمدىلەتىن ئەمە-
گەككە يارىغان، ئۆزلىرى خېلىلا تېمەن كىشىلەردىن ئىكەن. بىز
كىرگەندە ھويلا پېشايۋىنىدا ئوماچ ئىچىشىۋېتىپتۇ. ئىچىۋاتقىنى
بىدە كۆكىنى قورۇق سوغىلا سېلىپ ئەتكەن ئوماچ ئىكەن.
يولداش ئىمىنوۋ تەكلىپ قىلىنغان ئورۇندا چەزانى قورۇپ چى-
رايلىق ئولتۇرۇپ، سۇنغان بىر ساپال قاچا ئوماچنى پاكپاكىز
ئىچىۋېتىپ، خۇش چىرايى بىلەن ئېچىلىپ تۇرۇپ رەھمەت دۇئا-
سىنى بەردى. ئىمىنوۋ: «بۇ چۇشلۇك تامىقىڭىزلارمۇ؟» دەپ
سورىدى. «يوقسۇنا، ئەتىگەنلىك تامىقىمىز» دېدى دېھقان. «ھا-
زىر چۇش بولاي دەپ قالدىغۇ؟» دەپ سورىدى ئىمونوۋ، «ئەتى-
گەندە ئۇلاققا قارىۋېتىپ ئەمگەككە كېتىمىز، نورمىمىزنى تۇگى-
تىپ كېلىپ تاماق يېيەلەيمىز» دەپ جاۋاب بەردى دېھقان. «بۇ-



گۇن ئوماچ ئىچتۇق، ئەتىچۇ؟» دەپ سورىدى ئىمىنوۋ، «بۇنىڭ
بولغىنىغىمۇ مىڭ شۇكرى خوجام، بەك كەمبەغەلمىز!» دېدى
دېھقان. «سىلىچە قانداق قىلساق باي بولالايمىز؟» دەپ يەنە
سورىدى ئىمىنوۋ، «باي بولۇش؟ چۇشۇمىزدىمۇ يوق خوجام،
بۇنىڭغىمۇ شۇكرە، پارتىيە بار، ئاللا بار» دېدى دېھقان،
—«سىلەرنىڭمۇ ئويلايدىغىنىڭلار باردۇ؟» — «ياقەي، خوجام،
دېھقان دېگەن مالغا ئوخشايمىز، نەگە دېسە شۇ ياققا ماڭىمىز،
بىز قانداقمۇ ئويلىيالايمىز!» — «باللار ئوقۇمدۇ، ئىككىڭلار
ئوقۇغانمۇ؟»، — «ياق، ھەممىمىز قارا تۇرۇك دېسىلە!»

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ يول بويى ئۇندىمەي ئويلاپ
ماڭدى. بىر يەرگە كەلگەندە ماشىنىنى توختاتتى. ھەممىمىز
ماشىنىدىن چۇشۇپ، بىرئاز ئارام ئالدۇق. ئىمىنوۋ تاماكىسىنى
چېكىۋېتىپ مۇنداق دېدى: «ئويلاپ كۆردۇڭلارمۇ، مەسئۇلىيە-
تىمىز نېمىدېگەن ئېغىر ـ ھە! مۇشۇ كەمبەغەللىكنى، ئاشۇ
نادانلىقنى يوقىتىشىمىز كېرەك. بىلەمسىلەر، بىز شۇنىڭ ئۇ-
چۇن ئىشلەيمىز، ماۋ جۇشىنىڭ، پارتىيىمىزنىڭ دانا رەھبەرلى-
كى بار، مەركەزنىڭ غەمخورلۇقى بار، ئاق كۆڭۈل، ياۋاش
ئەمگەكچان خەلقىمىز بار، ئەھۋال چوقۇم ئۆزگىرىدۇ. ئاشۇ
بىچارىلەرنى بەختلىك تۇرمۇشقا يەتكۇزۇش ئۇچۇن بىز يەنە كۆپ
تەر تۆكۇشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق ئەمەلدار بولۇپ نېمە
قىلىمىز؟ بىز ئەمەلدار ئەمەس، بىز ئاشۇ ئويلاشنى بىلمەيدىغان،
نەگە باشلىسا شۇياققا كېتىۋېرىدىغان جاپاكەش، ھەقىقىي ئىنسان-
لارنىڭ چاكىرىمىز؛ بىز چوقۇم مائارىپىمىزنى، ئىقتىسادىمىزنى
تەرەققىي قىلدۇرىمىز. دەرۋەقە بۇ مۇشكۇل ۋەزىپە، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مائارىپنى تەرەققىي
قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى يېڭىچە بەختلىك ھاياتنى ئۆز قولى بىلەن

قۇرۇپ چىقىدىغان ھەقىقىي ئىنسانلار قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىد-
شىمىز لازىم. بۇ تارىخنىڭ بىزگە يۈكلىگەن مەسئۇلىيىتى» .
شۇ تەرىقىدە ئۇ تولىمۇ چوڭقۇر، تولىمۇ تەسىرلىك سۆزلەپ
كەتتى. بۈگۈن بىز گۈللىنىۋاتقان مائارىپىمىزغا نەزەر تاشلىغى-
نىمىزدا ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار غايىنى قەلبىگە پۈككەن مەرھۇمنى
چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەيمىز. بۇ غايە بۈگۈن دېڭ شياۋ-
پىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقى ئاستىدا، پارتىيە ئاساسىي
لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئەمەلگە ئېشىد-
ۋاتقانلىقىنى مەرھۇم كۆرەلمەي ئارماندا كەتتى.

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ
تەرەققىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتى-
مىزنىڭ پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل - چېچەكلىرىدىن سۆيۈنۈپ
شادلىناتتى. قەشقەردە، خوتەندە، ئۈرۈمچىلەردە يولداش مۇھەم-
مەتئىمىن ئىمىنوۋ بىلەن ئۇچراشقانلىرىمدا، ئۇ ئۇيغۇر خەلق
داستانلىرىنى، شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەرنى، ئۇيغۇر ياز-
غۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرغانلىقىنى ئۇچراتتىم.
ئۇ قولىدىكى كىتابنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ۋاقىت يوق، ۋاقىت
چىقىپ قالغاندا، ئاساسلىقى ئەتىگەن، ئاخشىمى ۋە دەم ئېلىش
كۈنلىرى ئوقۇيمەن، ۋاقىت يوق دېگەندىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ ئانچە
- مۇنچە بولسىمۇ ئوقۇپ تۇرىمەن، كىتاب ئوقۇش — بىلىم
ئېلىش ئۈچۈن، ئۆتمۈشنى بىلىش — بۈگۈنكىنى ياخشى ئىشلەش-
نىڭ ئەينىكى بولىدۇ» دەيتتى. ئۇ ھەقىقەتەن كىتاب خۇمار
ئىدى، ۋاقىتنى ھەرگىز بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى، كىتاب ئو-
قۇيتتى، ئوقۇغاندىمۇ ئوقۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بىلىش، پايدىلى-
نىش، ئىشلىتىش ئۈچۈن ئوقۇيتتى. نېمە بولسا شۇنى ئوقۇۋەر-
مەي، تاللاپ ئوقۇيتتى، مېغىزىنى چاقاتتى. ئۇ كلاسسىك ئەدەبى-



ياتىمىزنىڭ نامايەندىلىرىنىمۇ، شۇنداقلا ئۆزىگە زاماندا بولغان
ئەدىب ۋە سەنئەتچىلەرنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن تولىمۇ زوقلىناتتى.
شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ-
نىڭ كۆڭلىدىكى ئەڭ يېقىن دوستلىرى ئىچىدە يازغۇچىلار، سەن-
ئەتچىلەر كۆپ ئىدى. ئالايلۇق، تۇردى ئاخۇن ئاكا، تېيىپجان
ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجايوف قاتارلىقلار ئەڭ يېقىن دوستلى-
رى ئىدى.

1955 - يىلى 1 - ئايدا ھەربىيدىن يەرلىككە كەسىپ
ئۆزگەرتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ
خىزمىتىگە باردىم. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ جەنۇبىي
شىنجاڭ پارتكومىنىڭ 4 - سېكرېتارى، (يولداش ۋاڭ ئىنماۋ
1 - سېكرېتارى، زوچى 2 - سېكرېتارى، چىگو 3 - سېكرېتا-
رى، ئىمىنوۋ 4 - سېكرېتارى ئىدى. يولداش چىگو كۈندىلىك
ئىشلارغا مەسئۇل سېكرېتار، ئەمەلىيەتتە چىگو، ئىمىنوۋ بىلەن
جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى)
جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى ئىدى. يول-
داش قاسىمجان قەمبىرى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدى-
رى، يولداش مۇھەممەتئىمىن خەلپەت ھاجىموۋ باش كاتىپ ئى-
دى. مەن خىزمەتكە چۈشۈپ بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بىر
كۈنى ئىمىنوۋ، قاسىمجان ئاكىلار 12 مۇقامنىڭ پېشىۋاسى تۇر-
دى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئېيتقان مۇقامىنى سىنىغا ئېلىۋاتقان سورۇنغا
مېنىمۇ ئېلىپ باردى. ئىمىنوۋلار مىدىر قىلىشماي ئاڭلاشتىكى،
ئۆتۈپ كەتكەن 3 سائەت ۋاقىتنى بىلمەي قېلىشتى. شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن مېنىمۇ تاشلىماي ئېلىپ بارىدىغان بولدى. كېيىنرەك
بىر نۆۋەت يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋغا: «بۆلۈمدە كادىر
ئاز، ئىش بېسىپ كەتتى، مەن بارمىساممۇ بولار؟» دەپ سورۇ-

دۇم. ئىمىنوۋ: «بولمايدۇ، 12 مۇقام ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز-
نىڭ جەۋھىرى، بىباھا گۆھەر، تارىخى ئۇزۇن، نۇرغۇن نۇرلۇق
قىسىملىرى كۆمۈلۈپ يېتىپتۇ، بەختىمىزگە تۇردى ئاخۇن ئاكا
12 مۇقامنىڭ ئاساسىنى بىزگە يەتكۈزۈپ كەلدى. قېرىش، رەت-
لەش، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ھازىر ئەڭ چوڭ ئىشىمىز
بولۇپ قالدى؛ سىز ئادەم (كادىر) خىزمىتىنى ئىشلەيسىز،
بىلەمسىز، 12 مۇقامنى سىنغا ئېلىۋاتقان سورۇندا مۇھىم كادىر
خىزمىتى بار. تۇردى ئاخۇن ئاكىدىن سىنغا ئېلىۋېلىپ، كېيىن-
كى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىمىز. تۇردى ئاخۇن ئاكا، ئوغۇللىرى
قاتارلىقلار چوڭ ئالىملار. كادىرلار تۈزۈمىمىز بويىچە بۇلارنى
دۆلەت كادىرلىرى ئىچىگە ئېلىشىمىز، دۆلەت كادىرلىرى بەھرى-
مەن بولىدىغان تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلىشىمىز، بەلكىم ئۇلارغا
يۇقىرى پەخرىي نام، ھۆرمەت ئورنى بېرىپ، خىزمەت ۋە تۇر-
مۇش شارائىتى، مائاش، تۇرار جايلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈ-
شىمىزنىڭ ئۆزى كادىرلار خىزمىتى ھېسابلىنىدۇ؛ شۇنداق قىلا-
لىساق 12 مۇقام تولۇق قېزىلىدۇ، تولۇق سىنغا ئېلىنىدۇ،
ئەسلىسى ئاساسىدا قايتا رەتلىنىپ، پارلاق نۇرىنى چېچىپ،
خەلقىمىزگە، سوتسىيالىستىك ئېلىمىزگە ئوبدان خىزمەت قىلا-
لايدۇ، شۇنداققۇ دەيمەن؟» دەپ تەسىرلەندۈردى ۋە بىرگە ئېلىپ
باردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى
ئارقىسىدا يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ تەشەببۇسكارلىق بى-
لەن تۇردى ئاخۇن ئاكىنى ئىزدەپ تاپتى ۋە يەكەندىن قەشقەرگە
كۆچۈرۈپ كەلدى، قىيىنچىلىقلارغا قارىماي چىرايلىق ئورۇنلاش-
تۇردى. خۇددى ئۆز ئاتىسىدەك قاراپ، ئەھۋالىدىن خەۋەر ئې-
لىپ كەلدى. تۇرمۇشىغا، داۋالىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ياخ-



شى مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، كۆڭۈللۈك مەشغۇلات
شارائىتلىرى بىلەن تەمىنلىدى. مەبلەغنى ھەل قىلىپ، ئاپتونوم
رايونىمىز دائىرىسىدىن كەسىپ ئەھلىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ 12
مۇقامنى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن بىرىنچى بولۇپ
باشتىن ـ ئاخىرىغىچە سىنغا ئېلىشنى كاپالەتلەندۈردى؛ سىنغا
ئېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەردىن كۈچ ئۇ-
يۇشتۇرۇپ، قايتىدىن رەتلەپ چىقىشقا ئاساس سالدى.

ئەپسۇس، ھازىر 12 مۇقام بايلىقىنىڭ قېزىلىشى (قۇتۇل-
دۇرۇش دېيىلىۋاتىدۇ)، رەتلىنىشى، نەشر قىلىنىشى، ئەسلي
ئاساسىدا دۇنياغا قايتىدىن كۆز ئېچىپ (تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى
دېيىلىۋاتىدۇ) نۇرىنى چېچىش جەريانى ھەققىدىكى ئاڭلىتىش،
ماقالە، ئوبزور قاتارلىقلاردىن 12 مۇقام بېغىغا ئۆستەڭ چېپىپ،
سۇ باشلاپ، مۇقام بېغىنى كۆكەرتىپ، خۇش پۇراق چېچەكلىرد-
نى ئېچىلدۇرغان پېشقەدەملىرىمىزنىڭ نام، تۆھپىلىرىنى كۆ-
رەلمىدىم ياكى ئاڭلىيالمىدىم. ناۋادا ئۆزۈم كۆرمىگەن، ئاڭلى-
مىغان بولسام كەچۈرۈم سورايمەن. ئەگەر مەن دېگەندەك بولسا،
ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ. ئىلگىرىكىنى دې-
مىگەندىمۇ، ئازادلىقنىڭ بېشىدىن تارتىپلا 12 مۇقامغا ئالاھىدە
كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆز قوللىرى بىلەن قازدۇرۇپ، رەتلىتىپ،
يېڭىۋاشتىن ئىشلەشكە يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە غەمخورلۇق قىلىپ
كەلگەن يولداش سەيپىدىن ئەزىزى، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ،
قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق پېشقەدەم تۆھپىكارلىرىمىزنىڭ ئەم-
گىكىگە، تۆھپىسىگە ئادىل باھا بېرىشىمىز، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە
مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە قىلىشىمىز لازىم. سۇ ئىچكەندە قۇدۇق
قازغۇچىنى ئۇنتۇش — تۇزكورلۇق بولىدۇ. بۇنداق دېسەك ئادىل
بولارمىكىن: يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ، قاسىمجان قەم-

بىرىلەر ئازاد بولۇپلا جەنۇبىي شىنجاڭدا 12 مۇقام بىغىنى ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ باشلاپ مۇقام بىغىنى كۆكەرتىپ، چېچەكلەتكۈچىلەر، كېيىنكىلىرىمىز بولساق، پېشقەدەملىرىمىز چاپقان ئېرىق - ئۆستەڭنى رېمونت قىلىپ، سۈيىنى ئۇلغايتىپ ۋارىسلىق قىلغۇچىلار. پېشقەدەملىرىمىزنىڭ قان - تەرى ئاقمىغان بولسا، هازىرقىلىرىمىزنىڭ تۆھپىلىرى بۇ قەدەر چوڭ بولماس ئىدى.

## - 9 -

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدىلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن تۇنجى ئەۋلاد كومپارتىيە ئەزاسى، تەۋرەنمەس ماركسىزمچى، سىناقلاردىن ئۆتكەن پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبىرى ئىدى. ئۇ پارتىيىگە كىرىش بىلەن ھەممە ياقتىن پارتىيىگە ئەڭ يېقىن بولدى. ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە پارتىيە بىلەن تامامەن بىردەك بولدى. پارتىيە تاپشۇرغان خىزمەتنى، خەلق ئۈمىد قىلغان ئىشلارنى قىيىنچىلىقنى قىيىنچىلىق دېمەي، چارچاشنى چارچاش دېمەي، جانلىق ئىشلەپ، ئۆز بۇرچىنى سەممىمىي ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلدى. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ئىسمى - جىسمىغا لايىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى ئىدى.

پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، خاتالىقنى تۈزۈتۈش پرىنسىپى — پارتىيىمىزنى ساغلام، جۇشقۇن، يېڭىلمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ يېتىشتۈرۈپ كەلدى. يولداش مۇ-



ھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ھەرقاچان ھەقىقەتتە چىڭ تۇراتتى. ئۆزى باشلامچى بولۇپ، رەھبەرلىكىدىكى خىزمەت ئورۇنلىرىدا يۈز بەرگەن كەمچىلىك، خاتالىقلارنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ باراتتى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئېغىر سولچىللىقنىڭ كاشىلىسى بىلەن پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، خاتالىقنى تۈزۈتۈپ بېرىش پرىنسىپى بۇزۇلۇشقا باشلىدى.

مەن بۇ ئەسلىمەنى يېزىش جەريانىدا يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ 1958 -، 1959 - يىللىرى ئالىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغاندا يازغان تۆت چوڭ دەپتەر، نەچچە يۈز بەتلىك دەرس خاتىرىسىنى كۆرۈپ چىقتىم. خاتىرىدە ئۈچ نۇقتا ئالاھىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە بولغان تەۋرەنمەس ئېتىقاد؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان چەكسىز ساداقەتمەنلىك؛ ئۆمۈربويى پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن مەقسىتى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ پاك تېنىگە ھەرگىز داغ تەگكۈزمەسلىكتىن ئىبارەت ماركسىستىك ئىرادىسىدىن ئىبارەت. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، 1958 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان تەنقىد پۈتۈنلەي خاتا بولغاننىڭ ئۈستىگە ئاشۇرۇۋېتىلگەن. بېرىلگەن جازا ھەم خاتا ھەم ئېغىر بولۇپ، ئۇۋال قىلىنغان. بۇ خىل ناھەقچىلىقنى نۇرغۇن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆز ئىدىيىسىدىن دەررۇ ئۆتكۈزەلىشى ناتايىن ئىدى. ئەمما يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتكەن، ئۆتكەندىمۇ تولۇق ئۆتكەن. چۈنكى ئۇ ھەرقاچان ئالغا قارايتتى، ئۈمىدۋار ئىدى. پارتىيىگە مۇتلەق ئىشىنەتتى. ئۇ پەقەت خەلقنىلا ئويلايتتى. ئۇ: «ئاپتونوم رايونىمىزغا مۇئاۋىن رەئىسلىكىم ساقلاندى، ئالىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدىم، مەن يەنىلا پارتىيە ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، مىللەت

ئۇچۇن قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى
ئىشلەيمەن» دېگەن پوزىتسىيە بىلەن پارتىيىگىمۇ، ئۆزىگىمۇ ئى‍ـ
شىنىدىغان يارامىلىق كوممۇنىستلارنىڭ پاك قەلبىنى ئىپادىلى‍ـ
دى. ئۇ يازغان نەچچە يۈز بەتلىك خاتىرىدە ئۆتۈلگەن دەرس
مەزمۇنلىرى ۋە مۇلاھىزىلىرى خىزمەتلەرگە، ئۆز ئەمەلىيىتىگە
تەدبىقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تېخى تۇنۇگۇنلا بېشىغا كەلگەن
مۇشكۇلچىلىك، ناھەقچىلىقتا ھېچقانداق نارازى بولغان ئالامەت
كۆرۈنمەيدۇ. بەلكى پارتىيە، خەلققە ئۆمۈرۋايەت ساداقەتلىكنىڭ
قىزىل يىپى ھەممە سەھىپىلەرگە تارتىلىپ تۇرۇپتۇ. ئىككى
يىللىق ئوقۇش جەريانىدا، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر جانلىق، خۇش‍ـ
خۇي، جۇشقۇن بولۇپ، مەكتەپ رەھبەرلىكى، مەكتەپ خىزمەت‍ـ
چىلىرىدە «ياخشى رەھبەر ئىكەن» دېگەن تەسىراتنى قالدۇرغان.
يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ئىنتايىن دىيانەتلىك ئىدى.
كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىيانەتلىكلىكى، ئالدى بىلەن ئۆز پارتى‍ـ
يىسىگە بولغان چەكسىز سادىقلىقىدا، خەلق مەنپەئىتىنىڭ ھەقى‍ـ
قىي ۋەكىلى بولالىشىدا، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلمەي، خەلققە،
مىللەتكە مەنپەئەتلىك زادى نېمە ئىش قىلىپ بەرگەنلىكى، يەنە
قانداق مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلىپ بېرىدىغانلىقى ئۈستىدە ئۆز‍ـ
لۈكسىز ئىزدىنىشىدە ئىپادىلىنىدۇ.
لى جىڭجې، خې مىڭ، جاۋ چاڭشۇ قاتارلىق يولداشلارنىڭ
گېنېرال مايور مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ توغرىسىدا يازغان زىيا‍ـ
رەت خاتىرىسىغا «ئوغلى ئانىسىدىن ئايرىلالامدۇ؟» دېگەن سەر‍ـ
لەۋھە قويۇلغان. زىيارەت خاتىرىسىدە: «يولداش مۇھەممەتئى‍ـ
مىن ئىمىنوۋ باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ
ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ بىلىمى، قان ـ
تەرىنى ئۆزىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن زېمىنغا بېغىشلىغان. . .



مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغاندىمۇ (1957 ~
1958 ـ يىللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) يېڭى جۇڭگوغا بولغان چەكسىز
ئارزۇ ـ ئۈمىدىدىن تەۋرەنمەي، ۋەتەننى، يۇرت ـ ماكانىنى،
ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيۈپ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكى‍ـ
تى ئارقىلىق ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە پۈتۈنلۈكىنى قوغدىدى. . .
ئەينى ۋاقىتتا بەزىلەر ئۇنىمۇ چەت ئەلگە (سابىق سوۋېت ئىتتىپا‍ـ
قىغا) چىقىشقا ئۈندىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەسكىن ھالدا:
‹باشقا نەرسە بولسا ئۇنىڭدىن كېچىشكە رازىمەن، لېكىن ۋەتەن‍ـ
دىن ئايرىلمايمەن، ئوغلى ئانىسىدىن ئايرىلالامدۇ؟›، دەپ جاۋاب
بەرگەن»، دەپ يازىدۇ. بۇ سۆزلەر ھەقىقەتەن ئادىل بولدى.
يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ قەتئىي ۋەتەنپەرۋەر ئىدى.
ئۇ 1950 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىر كۈنى پايتەختىمىز بېيجىڭدە
دۆلەت بايرىمىنىڭ داغدۇغىلىق تەنتەنىسىگە ئىشتىراك قىلغان
پەيتتە يۈرىكىنى يېرىپ چىققان چەكسىز ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى
بىلەن: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسى بولۇش نېمە‍ـ
دېگەن شەرەپلىك!» دەپ خىتاب قىلغانىدى. بۇ خىتاب ۋەتەنپەر‍ـ
ۋەرلىكنىڭ تەنتەنىلىك جاكاسى ئىدى. مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى جان ـ دىلى بىلەن ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى
بىلەن قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىدەك
ئاسراپ كەلدى. ئۇ ھەر دائىم، ھەر يەردە، «مىللەتلەر ئىتتىپاق‍ـ
لىقىغا پايدىلىق بولغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىش، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق
كېرەك» دەپ تەكىلەيتتى ۋە ئۆزىمۇ شۇنىڭغا ئەمەل قىلاتتى. شۇ
بويىچە ئىشلىگەنلەرنى قوللىدى، تەقدىرلىدى، ئېتىبار بەردى،
ئۇنداق قىلمىغانلارغا تەنقىدىي تەربىيە بېرىپ كەلدى. يولداش
مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۇل قۇرۇ‍ـ

لۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىلـ
لەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى باللاردىن چوڭلارغىچە سىسـ
تېمىلىق ئېلىپ بېرىش بارلىق كۈچ بىلەن شىنجاڭنىڭ خەلق
ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش،
يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىـ
لاش، مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ساھەـ
لەر بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن
يېتىشتۈرۈشكە بار كۈچىنى سەرپ قىلىپ كەلدى. ئاڭلىشىمچە،
ئۇ «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» نى خەنزۇچىسى بىلەن
رۇسچىسىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىپـ
تىكەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇنى ئەلۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ
بېرىش ئۈچۈن قىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ئەڭ ئالدىراش رەھبەرلەرـ
نىڭ بىرى ئىدى. «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» كاتتا
ئەسەر. بۇنداق كاتتا كلاسسىك ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش ئىشى
زور ئەقلىي ئەمگەك تەلەپ قىلىدۇ. شۇنچە ئالدىراش خىزمەت
سىجىللىقى ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، شۇنچە ئېغىر ۋەزىپىنى
ئۈزلۈكسىز زىممىسىگە ئالغىنىدىن كۆرۈۋالالايمىزكى، ئىمىنوۋ
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ
بېرىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى قانـ
داق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىـ
قىنى باشقىلارغا نىسبەتەن ھەم بۇرۇن، ھەم چوڭقۇر، ئەتراپلىق
ئويلىغان رەھبەر ئىدى.

يولداش لى جىڭجېلار زىيارەت خاتىرىسىدە يەنە: «ئىمىنوۋ
پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ ئومۇم بىلەن



شەخسىي ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەيدۇ. ھەتتا پەرزەنتلىرى ۋە
ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ماشىنىسىغا ئولتۇرۇشىغا
رۇخسەت قىلمايتتى. بىر قېتىم سەنئەت مەكتىپىدە ئىشلەيدىغان
يالغۇز سىڭلىسى تەتىل ئاياغلاشقاندا ئۇنىڭ (ئىمىنوۋنىڭ) رۇخـ
سىتىسىز ھۆكۈمەت ماشىنىسى ئىشلىتىپ، مەكتەپكە يۈك ـ
تاقلىرىنى ئاپىرىۋالىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن،
ئىمىنوۋ ئاچچىقى كېلىپ: «ھۆكۈمەت ماشىنىسى مېنىڭ سىرتقا
چىقىپ خىزمەت ئىشلىشىم ئۈچۈن سەپلەپ بېرىلگەن، بۇنىڭدىن
كېيىن بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمىسۇن» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.
رەيھان ئىمىنوۋا نەچچە يىل ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسىـ
نىڭ رەپىقىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق، «ھۆكۈمەت راسخوتى بىلەن
سەيلى ـ ساياھەت قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن
شىنجاڭنىڭ بىرەر جايىغا بېرىپمۇ باقمىدىم، پايتەختىمىز بېيـ
جىڭگە بېرىپ نەزەر دائىرەمنى ئېچىشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى
بولمايدۇ» دېدى، دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى يازىدۇ. بۇ
سۆزلەر يولداش ئىمىنوۋنىڭ ساپ كوممۇنىستىك خىسلىتىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق گۈزەل ئەخلاقىي ـ پەزىلەت ھېلىھەم
مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر «ئۈچكە ئەھمىيەت بېـ
رىش» نى تەكىتلەپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتىمىز، تېگى ـ تەكتىـ
دىن ئېيتقاندا «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» نى ئېلىپ بېرىش
رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدىكى پارتىيە ئىستىلى ساپ بولماسلىق
مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. دەۋر ئوخشاشمايدۇ، ئەھـ
ۋالمۇ ئوخشاشمايدۇ. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ بۇ يەردە
«ھۆكۈمەت مېنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشىم ئۈچۈن سەپلەپ
بەرگەن ماشىنا» دەۋاتىدۇ، ھۆكۈمەت نازىردىن يۇقىرى دەرىجىـ
لىك كادىرلارغا خىزمەت ماشىنىسى سەپلەپ بېرىۋاتىدۇ. دېمەك،

ماشىنا ھۆكۈمەتنىڭ، سىرتقا چىقىپ خىزمەت ئىشلىشىڭىز ئۈچۈن ھۆكۈمەت ماشىنىسىنى سىزگە سەپلەپ بەردى. ھازىر ئاڭلايدىغىنىڭىز «مېنىڭ ماشىنام»، «مېنىڭ شوپۇرۇم» بولۇپ كەتتى. ماشىنا دۆلەتنىڭ مۈلكى، شوپۇر دۆلەتنىڭ ئىشچىسى، بۇنىسى ناھايىتى ئېنىق تۇرسىمۇ ئۇنى «مېنىڭ ماشىنام، مېنىڭ شوپۇرۇم» قىلىۋالدۇق. ئېيتىلىش ئۆزگەردى، ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىمۇ ئۆزگەردى، ئەينى ۋاقىتتا سەپلەپ بېرىلىدىغان ماشىنا ئاز، ئىشلىتىش دائىرىسى تار ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىلىرى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىگە سەپلەپ بېرىلگەن ماشىنىلارنى ئىدارىدىكى ئالاھىدە ئېھتىياجى بار كادىرلارمۇ ئىشلىتىپ پايدىلىناتتى.

يولداش ئىمىنوۋ: «ھۆكۈمەت بىزگە ئالىي تۇرار جاي سېلىپ بەردى، ئوبدانلا مائاش ئېلىۋاتىمىز، تېخى مۇكاپات، پاراۋانلىقلاردىن بەھرىمەن بولىمىز، پەرزەنتلىرىمىزنى ئوقۇتۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋاتىمىز. ئۇرۇق - جامائىتىمىزگە رەھبىري كادىرلارنىڭ ئائىلىسى دەپ ئېتىبار بېرىپ تۇرىدۇ. ھەقسىز داۋالىنىمىز، خىزمەت ماشىنىسى سەپلەپ بېرىلىدۇ، تۇرمۇشتا، خىزمەت شارائىتىمىزدا، ئىجتىمائىي ئورنىمىزدا گەپ يوق، بىزگە ئەمدى كەم نەرسە يوق. كەم نەرسە بار دېيىلسە، ئۇ پارتىيىگە، خەلققە، مىللەتكە قىلىپ بەرگىنىمىز ئاز بولۇۋاتىدۇ، يەنى پارتىيىدىن، دۆلەتتىن، خەلقتىن ئالغىنىمىز كۆپ، قىلىپ بەرگىنىمىز ناھايىتى ئاز بولۇۋاتىدۇ» دەپ تۇراتتى. ئۇ خىزمەتنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىمەسلىكنى، قاقتى - سوقتى قىلىشنى نومۇس؛ پارا يېيىشنى، خىيانەت قىلىشنى كەچۈرگۈسىز جىنايەت دەپ نەپرەتلىنەتتى.

يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ساپ ئىدى، قولى پاك



ئىدى، گېلى پاك ئىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى پاك ئىدى. ئۇ پارتىيىگە، خەلققە، مىللەتكە يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىش قىلمىغان ئىدى. ئۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق پاك، دىيانەتلىك، ئالىيجاناب رەھبەر ئىدى. ھازىر پارتىيىمىز ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئارقىلىق يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ گۆھەردەك ئېسىل پەزىلىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمىز.

- 10 -

مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ 1960 - يىلىنىڭ 1 - ئېيىدا، بېيجىڭدىن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ماڭا: «يولداش ئىمىنوۋ بىلىمى يۇقىرى، تەجرىبىسى مول، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپچان، ئويلاش، پىكىر قىلىش، تەپەككۇر قىلىش يولى توغرا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت رەھبىري كادىرلىرى ئىچىدە كەم ئۇچرايدىغان ئىقتىدارلىق رەھبەر» دېگەن ئىدى (ئۇ چاغدا مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ بىرى ئىدىم). ئىمىنوۋ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئەستايىدىل ئوقۇدى. ماركسىزملىق بىلىمى تېخىمۇ چوڭقۇرلىدى، تەجرىبىلىرى تېخىمۇ ئىلمىيلەشتى، ئىقتىدارى تېخىمۇ ئۆستى، تېخىمۇ ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇپ يېتىشتى. مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىدىن قايتىپ خىزمەتكە ئاكتىپ كىرىشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىكى بۇ ئىختىساسلىق رەھبەرگە ئېھتىياتچان بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئاجايىپ ياخشى

ئىشلىشىدىن خۇشاللىناتتى ۋە بۇ ئىختىساس ئىگىسىگە تېخىمۇ
تايىناتتى. ئالايلۇق، 1962 - يىلى ئىلى - تارباغاتاي ۋەقەلىرى
يۈز بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يولداش ئىمىنوۋنى ئاپتو-
نوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىغا ئەۋەتكەن
مەسئۇل كادىرلىرىدىن تەشكىللەنگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ
مەسئۇلى قىلىپ ئەۋەتتى. ئىلى - تارباغاتاي ۋەقەسىنىڭ ئالدى
- كەينىدىن خەۋىرى بار يولداشلارغا مەلۇمكى، بۇ ۋەقەنى توغرا
ھەل قىلىشنىڭ سىياسىيۋىلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ،
زىل، قىيىن خىزمەت ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھ-
بەرلىكىدە، يولداش ئىمىنوۋنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە،
خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تىرىشچانلىقىدا دۆلەت چېگرىسىدىن
چىقىپ كېتىۋاتقانلارنى توختىتىش، ئۆز ماكانىغا قايتۇرۇش،
ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
قاتارلىق خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئاپتونوم رايون-
لۇق پارتكوم ۋە يولداش ۋاڭ ئىنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق
رەھبەرلەر يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ خىزمىتىگە يۇ-
قىرى باھا بېرىشكەن ھەم ئىمىنوۋنىڭ تالانتىغا قايىل بولۇشۇپ،
مەمنۇن بولۇشقان. يولداش مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ بېيجىڭدە
مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئەستايىدىل
ئوقۇدى، قايتىپ كېلىپ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئۆگەنگەن-
لىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، خىزمەتلەرنى كارامەت ئىجتىھات
بىلەن ئىشلەۋاتقىنىدا، بەختكە قارشى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بى» باشلىنىپ، جاھان قالايمىقانلاشتى. مۇھەممەتئىمىن ئىمى-
نوۋ لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ زىياد-
كەشلىكىگە ئۇچراپ، دەسلەپتە ھەرقايسى ئورۇنلارنى ئايلاندۇ-
رۇپ كۈرەش قىلىندى، كېيىن تۈرمىگە قامىلىپ، پەرزەنتلى-



رى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە خىزمەتداشلىرىنىمۇ كۆرۈشتۈرمى-
دى، 1970 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 55 يېشىدا ئالەمدىن
ئۆتتى. بىز بۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە كەڭ كادىرلار، ئىشچى -
خىزمەتچىلەر، خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىگە، ھۆرمى-
تىگە، پەخىرلىنىشىگە ئېرىشكەن ئىختىساسلىق رەھبىرىمىزدىن
ئايرىلىپ قالدۇق. بۇ خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن چوڭ يوقى-
تىش بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ناھەق، ئۇۋال قىلىنغان
دېلولار ئاغدۇرۇلۇپ، نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاقتىدا، ئاپ-
تونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مەركىزىي كومىتېتقا يازغان دوكلاتى
ۋە مەركەزنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، 1958 - يىلدىكى ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ مۇھەممەتئىمىن ئىمى-
نوۋغا كۆرگەن چارىسى ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بېرىلگەن جازا
پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەرھۇمغا تېڭىلغان تۆھمەت،
بۆھتانلار تامامەن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى، ئۇزۇل - كېسىل ئازاد
قىلىنىپ، نامى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. جەسەدى ئۇلانباي
ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا يۆتكەپ دەپنە قىلىندى. ئاپ-
تونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئىدارە، ئور-
گان خادىملىرى، زاۋۇت - كارخانا، مەكتەپ، ئىجتىمائىي تەش-
كىلاتلار ۋەكىللىرى، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە مەرھۇمنىڭ ھايات
ۋاقتىدىكى دوستلىرى قاتناشقان قايغۇلۇق دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈ-
زۈلۈپ، مەرھۇم بىلەن خوشلىشىلدى.

ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن - قىسقا بولىدۇ. 150 ياشتىن
ئېشىپ 200 ياشقا كىرگەنلەر تېخى يوق. لېكىن كىشىلىك
ھاياتتا نەچچە يۈز يىل، نەچچە مىڭ يىل ياشايدىغانلار بار، ئۇلار
ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى ۋەتەنگە، خەلققە

بېغىشلىغان چىن ئىنسانلار، ئۇلار خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

خەلقىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازىمىز، رەھبىرىمىز، ئەڭ يېقىن دوستىمىز مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ نامىغا مەڭگۈلۈك شان - شەرەپلەر بولسۇن!



# ئۇيغۇر سايرانىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى ھەققىدىكى ئەسلىمىسى

(ئاغزاكى بايانغا ئاساسەن رەتلەندى)

رەتلىگۈچى: مەخمۇتجان مۇھەممەت

1950 - يىللارنىڭ بېشىدا مەن تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان رىسپوبلىكىسىدا خارجى ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدۇم. ئۇ چاغدا دۆلىتىمىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يولداش جاڭ ۋېنتيەن ئىدى. مەن ئالمائاتادىكى كونسۇلخانىدا خىزمەت ئىشلىدىم. ئۇ چاغلاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇقىمىز چوڭقۇر ھەم قويۇق ئىدى. خىزمىتىمۇ ئانچە ئالدىراش ئەمەس بولۇپ، كۆپرەك دۆلەت بايراملىرىدا ئۆزئارا تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلەتتى. شۇ چاغلاردا قازاقىستاندا ماركسىزم - لېنىنىزم ئۇنىۋېرسىتېتى بار ئىكەن. مەن خىزمەتتىكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشنى ئارزۇ قىلدىم ۋە ئەھۋالنى موسكۋادىكى باش ئەلچى جاڭ ۋېنتيەنگە مەلۇم قىلدۇق. باش ئەلچى قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن خىزمەتتىن سىرتقى چاغلاردا مەن بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دەرسلىرىنى ئوقۇپ تاماملىدىم. بۇنىڭغا نەق ئىككى يىل ۋاقىت كەتتى. 1953 -

يىلى ئوقۇشنى تۈگەتتىم. ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ ئىلىمگە بولغان تەشنالىقىم تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى. مەن يەنە داۋاملىق بىلىم ئاشۇرۇش ئارزۇسىدا قازاقىستان پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يەنى كاسپىغا كىرىپ تارىخ ئىلمى بويىچە ئوقۇشقا باشلىدىم. ئوقۇشۇم 1956 ـ يىلى تاماملاندى. مېنىڭ خارجى خىزمىتىم 1953 ـ يىلى ئاخىرلاشقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەتەنگە قايتىش تەييارلىقىغا كىرىشتىم.

ۋەتەنگە قايتىش تەييارلىقىنى قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە ئالمائاتادىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قايتىدىغىنىمدىن خەۋەر تېپىپ ئۆيلىرىگە مېھمانغا چاقىردى. بىرقانچە ئۆيلەردە مېھمان بولدۇم. بىر كۈنى ئۇيغۇر يازغۇچىسى قادىر خەسەنوفنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇق. ئايالى ئايشەم شەمىيېۋا قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمىدە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات خادىمى ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە خېلى ئۇزۇن بوپتۇ. ئۇلار ئۇيغۇر تىلى شىۋىلىرىنى تەتقىق قىلىدىكەن. بۇ قېتىمقى مېھماندارچىلىقتا ئۇلار بىر مەشھۇر قازاق ئالىمىنىمۇ تەكلىپ قىپتۇ. بۇ ئالىمنىڭ ئىسمى ئېسىمگە كەلمەيۋاتىدۇ. ئاخىرىدا قايتماقچى بولدۇق. قازاق ئالىم شۇ چاغدا بىر گەپ قىلدى: «گېزىتتىن ئاڭلىدۇق، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلۇپتۇ، بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش بوپتۇ، سىزگە دەپ قويىدىغان بىر گەپ بار، ھازىر بىر مەشھۇر ئەسەر بار، ئۇنى تاشكەنتتە ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇلار بۇ ئەسەر بىزگە تەۋە دەۋاتىدۇ. مەن ئۇلار كۆرسەتكەن ئاساسلارنى كۆرۈپ باقتىم، لېكىن بۇ ئاساسلار ئاساس دېگۈچىلىكى يوق ئاساسلار ئىكەن. ئەگەر ئاساس كۆرسىتىمىز دېسەك، بىزنىڭ ئاساسىمىز ئۇلارنىڭكىدىن كۈچلۈكرەك. لېكىن بۇ ئەسەر سىلەرگە تەۋە» دېدى.



مەن بۇ ئەسەرنىڭ قايسى ئەسەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ قالدىم ۋە قادىر خەسەنوفتىن سورىدىم. ئۇ: مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرى دەپ جاۋاب بەردى. قازاق ئالىم يەنە سۆز ئېلىپ: «بۇ ئەسەرنى سىلەر ئىشلەڭلار، ئىشلەشتىن ئاۋۋال ئەسەر ھەققىدە تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، جامائەت پىكرى توپلاپ، ئاندىن رەسمىي ئىشلەشكە كىرىشىڭلار» دېدى.

مەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدىم. بۇ دەل جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ يېڭى قۇرۇلغان ۋاقتى بولۇپ، ئىدارىنىڭ نامى بار ئىكەن، لېكىن خىزمەت قىلىدىغان ئورۇن (بىنا) ۋە ئادەم يوق ئىدى. بۇرھان ئەپەندى ئاكادېمىيىنىڭ باشلىقى بولدى. مېنى پارتگۇرۇپپىنىڭ شۇجىسى ۋە بىرىنچى مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ تەيىنلەپ، ئاكادېمىيىنىڭ كونكرېت قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. بۇرھان ئەپەندى ئاكادېمىيىنى قۇرۇپ قويۇپ ئۆزى بېيجىڭغا كەتتى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئاكادېمىيىگە ئادەم تېپىش ۋە خىزمەت بىناسى سېلىش ئىدى. بىزگە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھازىرقى ئۈرۈمچى يېڭى شەھەر رايونى بېيجىڭ يولىدىكى بىر كەڭ جاينى ئاكادېمىيىنىڭ ئورنى قىلىپ بەلگىلەپ بەردى. بۇ ناھايىتى كەڭ بىر جاي ئىدى. لېكىن ئۇ چاغلاردا (1956 ـ يىل) بۇ يەرلەر تېخى ئېچىلمىغان بولۇپ، بېيجىڭ يولىمۇ، تۆمۈريول ئىدارىسىمۇ تېخى قۇرۇلمىغان ئىدى. ئەتراپ ئېتىزلىق ۋە جاڭگال ئىدى. شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 15 ~ 20 كىلومېتىر كېلەتتى. قاتناش ھەققەتەن قولاي ئەمەس ئىدى. بۇرھان ئەپەندى ئىلگىرى ئۆزى ئولتۇرغان بىر كونا جىپ ماشىنىنى بىزنىڭ ئىشلىتىپ تۇرۇشىمىزغا بەردى. بىز بۇ يەرگە ئاۋۋال بىر ئىشخانا سالايلى،

بىر قەۋەتلىك ئادەتتىكى ئۆيلەر بولسۇن، كېيىن پۇل ھەل بولـ
غاندا بىنا سالايلى دېدۇق ۋە ئەھۋالنى بېيجىڭدىكى بۇرھان ئەپەنـ
دىگە مەلۇم قىلدۇق. مەن بېيجىڭغا باردىم. شۇ ئارىلىقتا مەن
بۇرھان ئەپەندىگە ئۆزۈمنىڭ ئالمۇتىدا ئاڭلىغانلىرىمنى ئېيتىپ
بەردىم. (ئۇزۇنغا قالماي «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۆزبېكـ
چىسىنىڭ بىرىنچى تومى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن ئىدى).
بۇرھان ئەپەندى ئەھۋالنى ئاڭلاپ بىز ئاۋۋال جۇڭگو پەنلەر ئاكاـ
دېمىيىسىگە بارايلى، باشلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن بىر
نېمە دەيلى، دېدى. بىز جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە بېرىپ،
شۇ چاغدىكى ئاكادېمىيىنىڭ مەمۇرىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا
مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى يولداش جاڭ جىڭفۇ (كېيىن مالىيە
مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولغان) ئەپەندى بىلەن كۆرۈشـ
تۇق ۋە ئەھۋالنى دوكلات قىلدۇق. يولداش جاڭ جىڭفۇ دوكلاتىـ
مىزنى ئاڭلاپ بولۇپ ئىقتىسادىي ئىشلىرىمىزنى ئوبدان ھەل
قىلىپ بەردى. ئۇ مەندىن: «ئىلگىرى تۆت قەۋەت بىنا سالدىـ
غانغا پۇل بەرگەن ئىدۇق، سالدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن
«تېخى سالمىدۇق» دەپ جاۋاب بەردىم ھەم ئۈرۈمچىدىكى ئەمەلىي
ئەھۋالنى يەنى بەلگىلەنگەن ئورۇننىڭ شەھەر سىرتىدا ئىكەنلىكىـ
نى، قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى، يولنىڭمۇ ياسالمىغانلىقىنى ئىنـ
كاس قىلدىم. ئۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ: «بىز بەرگەن پۇلغا شەھەر
ئىچىگە بىنا سېلىڭلار، كېيىن تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ
بېرىمىز، شۇ چاغدا ئەسلى كۆرسىتىلگەن جايغا سېلىڭلار، شەـ
ھەر ئىچىدىكىسىنى كېيىن ئەھۋالغا قاراپ مېھمانخانا قىلىپ
قويۇڭلار، زىيارەت، ئالاقىلەرگە قولاي بولىدۇ» دېدى. مەن
ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتىم ۋە خۇشاللىقىمدىن ئۈچ قېتىم تازىم
قىلدىم. بۇ ئىشىمىز پۈتكەندىن كېيىن بۇرھان ئەپەندى جاڭ



جىڭفۇغا «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئىشىنى ئېيتتى. جاڭ
جىڭفۇ ئەپەندى: «بۇ ئەسەر ياخشى ئەسەر ئىكەن، ئوبدان ئىشـ
كەن، لېكىن ئۇنى جۇڭگوغا تەۋە دەيدىغانغا قانداق ئاساسىڭلار
بار؟» دەپ سورىدى. بۇرھان ئەپەندى: «ئەسەرنىڭ ئاپتورى
مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىسمىدىن چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ شىنجاڭـ
نىڭ قەشقەردە تۇغۇلغانلىقىدا گەپ يوق، ئەسەر باغدادتا يېزىلـ
غان، دەمەشىقتە كۆچۈرۈلگەن ھەم تېپىلغان، ئۇنى تۈركىيىلىك
بەسىم ئاتالاي دېگەن كىشى ئەرەبچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلـ
غان، ئۆزبېكىستاندىكىلەر ئاشۇ تۈركچىسىنى ئۆزبېكچىگە تەرجىـ
مە قىپتۇ، ئەسەرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىگە نىسبەتەن سوۋېت
ئىتتىپاقىدا كىشىلەرنىڭ پىكرى بار ئىكەن» دېدى. جاڭ جىڭفۇ
ئەپەندى: «ئەسەرنى جۇڭگونىڭكى دەيدىغانغا چوقۇم كۈچلۈك
ئىسپات بولۇشى كېرەك، ناۋادا ئىسپات تاپالمىساق كېيىن پاسـ
سىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز، شۇڭا ئەسەرنى ئىشلەڭلار،
لېكىن كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپات تېپىشقا ئەھمىيەت بېرىڭلار»
دېدى. بۇرھان ئەپەندى ئۆز قولىدىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى»
نىڭ تۈركچە نۇسخىسىنى ماڭا بەردى. بۇ نۇسخىنى 1945 ـ يىلى
ئۇنىڭ بىر دوستى سوۋغا قىلغان ئىكەن. ئۇ: «ئەسەرنى ئىشلەڭـ
لار، كىرىش سۆزىنى مەن يېزىپ بېرىمەن» دېدى.

بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى
شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشىنى باشلىۋەتتۇق. ئاكادېمىيە
بىناسى شىنجاڭ داشۆسىنىڭ ئىچىگە سېلىندى. بىنا ئۈچ قەۋەت
بولۇپ، كەڭ كارىدورلۇق، ئاستى پول تاختايلىق ئىدى. بىنا
ھەقىقەتەن ياخشى سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ خىزمىتىمىز
باشلىنىپ كەتتى. بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى شۇ بىنادا
ئىشلەپ تۈگەتتۇق. ئۆزبېكچىسىنى مەن تەرجىمە قىلدىم، تۈركـ

چىنىمۇ ئانچە ـ مۇنچە بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزبېكچىسى بىلەن سېلىشتۇردۇم. ئۇ چاغدا بىزدە ئەسەرنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىمۇ بار ئىدى. ئەرەبچىسى بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇش زۆرۈر ئىدى. شۇ چاغدا پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە بېيجىڭ ئىسلام ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن مۇھەممەت سالىھ خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ كەلدى. ئاكادېمىيىدە دىن تەتقىقات ئورنى قۇرۇلماقچى ئىدى. مۇھەممەت سالىھنى شۇ ئورۇنغا خىزمەتكە بەلگىلىدۇق. مەن ئۇنىڭ ئەرەبچە سەۋىيىسىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن بارتولدىنىڭ ئەسىرىدىكى بىر بەت ئەرەبچە ماتېرىيالنى تەرجىمە قىلىشقا بەردىم. ئۆزۈم رۇسچىسىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدىم. ئۇزۇنغا قالماي مۇھەممەت سالىھ ئۇيغۇرچە تەرجىمىنى ئېلىپ كەلدى. ئۆزۈمنىڭكى بىلەن سېلىشتۇردۇم. تەرجىمە ناھايىتى توغرا، راۋان بولۇپ، زىر ـ زەۋەرلىرىگىچە مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش چىقتى. مەن خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. مەن يولداش گۇباۋغا ئېيتىپ، مۇھەممەت سالىھنى ئۆز يېنىمغا ئالدۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت سالىھ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئەرەبچىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقتى. ئۆزبېكچىسىنى ئاساس قىلدۇق. تۈركچىسىنى قوشۇمچە قىلدۇق. ئىشلىرىمىز ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۈچ تومى پۈتتۈنلەي سېلىشتۇرۇلۇپ تۈگىدى، بۇ 1965 ـ يىلى ئىدى. بىز نەشرىيات بىلەن سۆزلەشتۇق، چېيەنىيىن (ئاددىي باسما) قىلىپ بېسىپ قويايلى دېدۇق. لېكىن نەشرىياتنىڭ خىراجەت قىسلىقى تۈپەيلىدىن ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن قولىيازما پېتى ئاكادېمىيىنىڭ ئارخىپخانىسىدا ساقلىدۇق. ئۇزۇنغا قالماي «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پارتلىدى، پەنلەر ئاكادېمىيىسى خېلى ئېغىر



ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. مەن قارا يېپ (خېيباڭ) بولۇپ، گېپىم ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدىم. «خېيباڭ» بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرى، جۈملىدىن ئائىلە سەرەمجانلىرى قىزىل قوغدىغۇچىلار تەرىپىدىن يىغىلىپ كۆرگەزمىگە قويۇلدى، مېنىڭ ئۆيۈمدىكى نەرسىلىرىممۇ ئېلىپ كېتىلدى. كېيىن ئاڭلىسام كۆرگەزمە قىلىنغان نەرسىلەر ئىچىدە بىزنىڭ ئۈچ توملۇق «تۈركىي تىللار دىۋانى» مىزمۇ بار ئىكەن. ئۇنى قىزىل قوغدىغۇچىلار مەلۇم رەھبەرنىڭ تەستىقى بىلەن پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا بۇرھان ئەپەندىمۇ بېيجىڭدىن قايتۇرۇپ كېلىنىپ، شىنجاڭ داشۆدە پىپەن قىلىنىۋاتقان ئىدى. بۇرھان ئەپەندىنىڭ كىتابقا كىرىش سۆز يېزىپ بېرىمەن دېگەن سۆزى بىرسىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالغان ئىكەن. پىپەن جەريانىدا بۇ گەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىپ، كىتابنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىشقا سەۋەب بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ «مەسىلىسى بار كىتاب» كۆرگەزمە ئورنىغا كېلىپ قالغان ئىكەن. كېيىن نەرسىلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەردى، لېكىن قايتقان نەرسىلەر ئىچىدە ھەممە نەرسە تولۇق، ئەمما ئاشۇ ئۈچ توملۇق كىتاب قايتماپتۇ، سۈرۈشتە قىلسا كىتاب كۆرگەزمە ئورنىدىن يۈتۈپ كېتىپتۇ (بۇنى ماڭا خۇسېيىن ئەبەيدۇللا ئېيتىپ بەرگەن ئىدى)
.

مەن ئون يىللىق تۈرمە ھاياتىمنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلەردە (1977 ـ يىلى بولسا كېرەك) مۇھەممەت سالىھ مېنى تۈرمىگە ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ: «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى قايتا نەشرگە تەييارلايدىغان بولدۇق. ئەينى چاغدا بىز ئىشلىگەن نۇسخىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى بىلەمسىز؟ دەپ سورىدى. مەن ئۇ نۇسخا پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە قالغانلىقىنى، تۈرمىگە كىرىپ كەتكەنلى-

كىم ئۈچۈن ئىز - دېرىكىنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ: «كىتاب يۈتۈپ كېتىپتۇ» دېدى. 1977 - يىلى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ خىزمەتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى باشلاندى. 1978 - يىلى بۇ تېما مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسى قىلىپ بېكىتىلدى. شۇ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى سابىق مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى يولداش چېن خۇا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ئابدۇسالام ئابباس مەسئۇللۇقىدا مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس، ئالىملار تەكلىپ قىلىنىپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى رەسمىي باشلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى رەسمىي قۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا يولداش خېرۋي مەسئۇل قىلىندى ۋە خىزمەت «دىۋان» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلدى. 1981 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىزمەت شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇئاۋىن باشلىقى يولداش چېن خۇانىڭ مەسئۇللىقىدا داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى. كونكرېت خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا تاپشۇرۇلدى. كۆپ يىللار تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى



نۇسخىسى (3 توم) 1984 - يىلى پۈتۈنلەي نەشر قىلىنىپ بولدى. خەنزۇچىسىنىڭ بىرىنچى تومى 1994 - يىلى نەشردىن چىقتى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نى نەشرگە تەييارلاشتا ئابدۇسالام ئابباس گۇرۇپپا باشلىقى، چېن خۇا مۇئاۋىن باشلىق بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇسالام ئابباس بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى. ئىككى كىشى بۇ خىزمەتكە ئازلىق قىلاتتى. شۇڭا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تەرجىمە گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، ئابدۇسالام ئابباس ئۇيغۇرچىسىغا ئۆزى باشچىلىق قىلدى. تىل - يېزىق كومىتېتى ۋە خەلق نەشرىياتىدىن بىرقانچە كىشىلەر قاتناشتۇرۇلدى. ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلگەن خادىملار تەكلىپ قىلىندى. ئۇلار ئابدۇرېشىت سابىت داموللا، ئىبراھىم مۇتئى، خەلىم سالىخ، ئوسمان مۇھەممەتنىياز، ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، سابىت روزى قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. خەنزۇچە گۇرۇپپىغا خېرۋي گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، ليۇجىنجا، چىن زۇڭجىن، شاۋجۇڭيىلار تەرجىمە خىزمىتىگە قاتناشتى. چېن زۇڭجىن ئازراق ئىشلىگەندىن كېيىن بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كەتتى. خېرۋي، شاۋجۇڭيى، ليۇجىنجالار باشتىن - ئاخىر ئىشلىدى. تەرجىمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ئىبراھىم مۇتئى تەكلىپ قىلىندى. لېكىن ئاغرىپ قېلىپ بۇ خىزمەتكە قاتنىشالمىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلىم سالىخ، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، جىن بىنجەلار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بولۇپ، ئەسەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. «دىۋان» دىكى شېئىرلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتا دەسلەپ مەنىسىلا تەرجىمە قىلىپ قويۇلغان ئىدى. شۇڭا يولداش چېن خۇا ئۇنى شېئىرىي شەكىلگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى، لېكىن ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلمىگەنلى-

كى ئۇچۇن تەرجىمە كۆڭۈلدىكىدەك بولماپتۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال
ئاستىدا شېئىرلارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۇچۇن ئۇ مېنى ئىز-
دەپ كەپتۇ. مەن يولداش چېن خۋاغا شېئىرلارنىڭ مەنىسىنى
چۈشەندۈردۈم. ئۇ شۇ ئاساستا پىششىقلاپ ئىشلىدى. ئۇلار مېنىد-
مۇ ئەسەرنى ئىشلەشكە تەكلىپ قىلغان ئىدى، ئەمما مەن تۇرمىد-
دىن چىققان بولساممۇ قالپىقىم تېخى ئېلىۋېتىلمىگەنلىكى ئۇچۇن
تەكلىپنى سەمىمىي رەت قىلدىم.

دېمەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئاخىرى خەلقىمىز بىلەن
يۈز كۆرۈشتى. ئەسەرنى بىرىنچى قېتىم نەشرگە تەييارلاش خىز-
مىتى بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»
دىن ئىلگىرىلا تاماملانغان ئىدى. ئارىلىقتا بىز تەييارلىغان نۇسخا
يۇتۇپ كېتىپ، نەشر قىلىش خىزمىتى كېچىكتى. بۇ ئەھۋاللار-
نى بەلكىم نۇرغۇن يولداشلار بىلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا يول-
داشلارنىڭ خەۋەردار بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



# شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان قول سانائىتى ھەققىدە

نۇرۇللا مۇئمىن يۇلغۇن

شىنجاڭ قول سانائىتى ئۇزاق تارىخ ۋە ئۆزگىچە تەرەققىيات
مۇساپىسىگە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدىن 2 ~ 3 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا
غەربىي يۇرت قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا
ئاسىيا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولىدىكى
ئەڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇملارغا ئايلانغان. يېقىنقى زامان دەۋرىگە
كەلگەندە شىنجاڭ قول سانائىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئەينى
دەۋر خەلق ئىگىلىكىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن.
قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى بولسا شىنجاڭ بازارلىرىدا سېتىلىپلا
قالماي يەنە ئىچكى ئۆلكىلەر، ھىندىستان، ئافغانىستان قاتارلىق
دۆلەتلەر ۋە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىمۇ ناھايىتى بازار
تاپقان. بىراق 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن كېيىن،
سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىششى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ
خارابلىششى ۋە چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي
بېسىملىرى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭ قول سانائىتى پەيدىنپەي زاۋال-
لىققا يۈز تۇتۇپ، بۇ ھال تا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد
قىلىنغان دەۋر (1949 - يىلى) غىچە داۋاملاشقان. تۆۋەندە مەن
مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئەمگەكلىرىگە ئاساسەن، شىنجاڭ يېقىنقى

زامان قول سانائىتىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات مۇساپىسى، ئالاھىدىلىكى ۋە باشقا ئالاقىدار ئەھۋاللىرى ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىمەن.

## شىنجاڭ يېقىنقى زامان قول سانائىتىنىڭ ئاساسلىق تارماقلىرى

### 1. يۇڭ توقۇمىچىلىق

شىنجاڭ قەدىمدە چارۋىچىلىقى ناھايىتى يۈكسەلگەن رايون بولغاچقا، يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلغان. شىنجاڭنىڭ ھەر خىل نۇسخىدىكى نەپىس توقۇلغان گىلەم، كىگىزلىرى غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك سودا مۇناسىۋەتلىرىدە تولىمۇ مۇھىم تاۋار ھېسابلانغان. ئادەتتە خەلق ئارىسىدىكى سودا ۋە دائىملىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىمۇ بۇ خىل مەھسۇلاتلار ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ قەدىمدىنلا دۇنياۋى سودا يولى — يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي تۈگۈنىگە جايلاشقان ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئىگە رايون بولغاچقا، غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىدە باشتىن - ئاخىر كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئويناپ، ئۆزىنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭىلاپ بارغان. بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل بازارلىرىدا ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىدىغان قىممەتلىك بۇيۇملارغا ئايلا-



نغان.

16 ~ 17 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىقى گۈللەنگەن دەۋرگە قەدەم قويۇپ، گىلەم (جۈملىدىن تىۋىتلىق گىلەم)، كىگىز قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئىچكى ئۆلكىلەر ھەم ھىندىستان قاتارلىق قوشنا ئەللەردە ئەتىۋارلىق مال سۈپىتىدە يۇقىرى باھادا سېتىلغان. ئالاقىدار مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردە شىنجاڭدىن ھىندىستانغا يىلىغا چىقىرىلىدىغان يۇڭ توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 370 مىڭ يۈەندىن ئاشقان. خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەر شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق مەركىزىگە ئايلانغان.

1840 - يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو تەدرىجىي ھالدا يېرىم فېئوداللىق يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتكە ئايلىنىشقا باشلاپ، چەت ئەل جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا بولغان ئىقتىسادىي تاجاۋۇزىنى پەيدىنپەي كۈچەيتكەن. ئەينى چاغدا رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە شىنجاڭنىڭ خام ئەشيالىرىنى بۇلاپ - تالاش ئۈچۈن، خوتەندە مەخسۇس گىلەم زاۋۇتى قۇرۇپ، بۇ زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغان گىلەملەرنى ياۋروپاغا توشۇپ ساتقان. بۇنداق ئەھۋالدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە شىنجاڭ رايونىدا بىر قاتار گىلەم زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ ئۆز ئالدىغا گىلەم توقۇغان ھەمدە ئىشلەپچىقارغان گىلەملەرنى رۇسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلغان. مەسىلەن، ئالاقىدار خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەينى دەۋردە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىن رۇسىيە ۋە ئەنگلىيىگە ھەر يىلى چىقىرىدىغان گىلەملىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 4 ~ 5 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق بولغان.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىقىدا

يېڭىچە تەرەققىيات مەنزىرىسى بارلىققا كېلىپ، خوتەن، لوپ قاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بىرقاتار گىلەم زاۋۇتلىرى قۇرۇلغان. گىلەم زاۋۇتلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنىڭ سانى 2000 دىن ئارتۇق بولۇپ، يىلىغا 8200 كۋادرات مېتىردىن گىلەم ئىشلەپچىقارغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئەينى دەۋردە يەنە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى يېزا ـ قىشلاقلىرىدا 100 دىن ئارتۇق قول سانائەت (ھۈنەرۋەنچىلىك) ئىشخانىسى قۇرۇلغان بولۇپ، ھەر بىر قول سانائەت ئىشخانىسىدا ئاز دېگەندە 2 ~ 3 تىن گىلەم توقۇش ئۈسكۈنىسى، 10 دىن ئارتۇق ئىشچى؛ كۆپ بولغاندا 10 دەك گىلەم توقۇش ئۈسكۈنىسى، 30 ~ 40 ئىشچى بولغان. ئىشلەپچىقىرىلغان گىلەملەرنىڭ كۆپ قىسمى خەلق ئارىسىدىكى سودا ئارقىلىق چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىنغان.

ئەينى چاغدا ھەر يىلى خوتەن، قەشقەرگە كېلىپ گىلەم سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رۇسىيە، ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ سانى 300 دىن ئاشقان. خوتەن بىلەن قەشقەردىن باشقا يەنە يەكەن، ئونسۇ، ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئاقسۇ، غۇلجا قاتارلىق جايلارمۇ شىنجاڭدىكى ئاساسلىق گىلەم سېتىش مەركەزلىرىگە ئايلانغان. بۇ ۋاقىتتا، كۆپلىگەن خەنزۇ سودىگەرلىرىمۇ شىنجاڭغا چىقىپ مەخسۇس گىلەم سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە گىلەم توشۇپ سېتىپ زور پايدىغا ئېرىشكەن.

1937 ـ يىلىدىن كېيىن، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىشقا باشلىغان. ئۇلار سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىپ، شەخسىيلەرنى كىچىك تىپتىكى گىلەم توقۇش ئىشخانىلىرىنى قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ گىلەمچىلىكى مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، 1938 ـ



يىلىدىن 1942 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە پەقەت خوتەن بىلەن لوپتا قۇرۇلغان گىلەمچىلىك ئىشخانىلىرىلا 100 دىن ئاشقان. بۇ جەرياندا شىنجاڭنىڭ گىلەم ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئېشىپ، رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى گىلەم سودىسى ناھايىتى جانلانغان.

1943 ـ يىلى گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىلىككە قاراپ مېڭىشى نەتىجىسىدە، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشقان. دەرۋەقە، شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرغان گىلەم زاۋۇتلىرى ۋە شەخسىيلەرنىڭ گىلەمچىلىك ئىشخانىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تاقىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئىشسىز قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ كۈنسايىن يامانلىشىشى رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى سودا يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، يۇڭ توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى سودىسىنى پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. بۇ ھال تا شىنجاڭ ئازاد بولغان دەۋرگىچە داۋاملاشقان.

## 2. پاختا توقۇمىچىلىق

شىنجاڭ دۇنيادىكى ئەڭ بۇرۇن كېۋەز ئۆستۈرگەن رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، پاختا رەخت توقۇمىچىلىقى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، خەلق بۇ خىل قول سانائەت تارمىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، بۇ ساھەنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم كاپالىتىنىڭ بىرى قىلغان. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئىشلەپچىقارغان ھەر خىل پاختا رەختلەر ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەردە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغان.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرگەندىن

(1759 ـ يىلى) كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەسلىسىنى ھەل قىلىش، شۇنداقلا ئىچكى ـ تاشقى سودا ھەم ھەر خىل پۇل ئىسلاھاتلىرىغا ئۇيغۇنلىشىش نۇقتىسىدىن، پاختا رەخت توقۇمىچىلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئەينى چاغدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دېھقانچىلىق بېجى ھېسابىغا پاختا رەخت ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، 24 ~ 27 سەر مىس پۇل قىممىتىدىكى ئاشلىق بېجى ئۈچۈن بىر توپ پاختا رەخت ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە يېڭىدىن «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ يارمىقى» نى قوشۇپ تارقىتىپ، بۇ پۇلغا كۆپلەپ پاختا رەخت سېتىۋالغان. بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر يىلى شىنجاڭ خەلقىدىن ئالىدىغان پاختا رەختى 99 مىڭ توپقا يەتكەن. چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ پاختا توقۇمىچىلىقىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈش ۋە پاختا رەخت مەھسۇلاتلىرى سودىسىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، پاختا رەختلەرنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىق ئۆلچىمى ھەم تۇراقلىق قىممەت ئۆلچىمىنىمۇ بېكىتىپ چىقىپ، ئېنى بىر چى بەش سۇڭ، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ جاڭ بەش چى رەختنى بىر توپ رەخت ھېسابلىغان ھەمدە بىر توپ رەختنىڭ بازار باھاسىنى ئۈچتىن بەش يارماقچە ئاق كۈمۈش قىلىپ بېكىتكەن. چەت ئەل سودىگەرلىرى بولسا بىر توپ رەختنى ئادەتتە بىر تۇياق قوينىڭ قىممىتىدە سېتىۋالغان. جياچىڭ يىللىرى (1796 ~ 1821) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قەشقەر، يېڭىسار، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن يىلىغا 64 مىڭ توپتىن پاختا رەختنى باج سۈپىتىدە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك خوتەن رايونىدىن يىغقان.

داۋ گۇاڭ، شيەن فېڭ يىللىرى (1821 ~ 1862) دىن



كېيىن، چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ئىقتىسادىي تاجاۋۇزىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، چەت ئەللەرنىڭ ھەر خىل پاختا رەختلىرى شىنجاڭ بازارلىرىغا كىرىشكە باشلىغان. بىراق بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى پاختا توقۇمىچىلىق كەسپىگە زور تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ پاختا رەختلىرى رايون ئىچى بازارلىرىنى تەمىنلەپلا قالماي، بەلكى يەنە مۇئەييەن مىقداردا سىرتقا ئېكسپورتمۇ قىلىنغان. مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردە شىنجاڭدىن روسىيىگە چىقىرىلىدىغان پاختا رەختلەر روسىيىگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 12% نى تەشكىل قىلغان. بۇ مەزگىلدە خوتەن، بارچۇق (مارالبېشى)، قاغىلىق، قەشقەر، بۈگۈر، پەيزىۋات، ئونسۇ، كەلپىن قاتارلىق سەككىز جايدا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا رەختلەرنىڭ سانى 440 مىڭ توپ بولغان بولۇپ، ئاساسەن سىرتقا ئېكسپورت قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە خوتەندىن ئېكسپورت قىلىنىدىغان پاختا رەخت 80 مىڭ توپ، پەيزىۋات، قەشقەردىن ئېكسپورت قىلىنىدىغان رەخت 200 مىڭ توپ، يەكەندىن ھىندىستان ۋە قوقەن خانلىقىغا چىقىرىلىدىغان پاختا رەخت 140 مىڭ توپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلىدىغان رەخت 20 مىڭ توپ بولغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىن كېيىن، جۈملىدىن 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلى (1914 ~ 1918) دە، غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشى سەۋەبىدىن، شىنجاڭغا كىرىدىغان چەت ئەل تاۋارلىرىنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كېتىپ، شىنجاڭنىڭ پاختا توقۇمىچىلىقى ئۈزلۈكسىز تۈردە يۈكسەلگەن. ئەينى دەۋردە، شىنجاڭنىڭ پاختا رەختلىرى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپلا قالماستىن، بەلكى يەنە

مۇئەييەن مىقداردا سىرتقا چىقىرىلغان. مەسىلەن، بۇ مەزگىلدە خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلارنىڭ ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىدىغان پاختا رەختلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 600 مىڭ توپتىن ئېشىپ كەتكەن.

شېڭ شىسەي شىنجاڭ تەختىگە چىققان (1933 - يىلى) دىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى بىر تۇركۇم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەمەلىي ياردىمى ئارقىسىدا، بىر قاتار ئىلغار سىياسەتلەرنى يولغا قويغان. ئۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن شىنجاڭنىڭ پاختا رەخت توقۇمىچىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا مەخسۇس بۆز رەخت ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلارنى قۇرغان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى پاختا توقۇمىچىلىقىنى ياخشىلاشقا ئالاقىدار بەزى بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ پاختا توقۇمىچىلىقى مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، پەقەت خوتەن رايونىنىڭ ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىدىغان پاختا رەختلىرىنىڭ سانىلا 3 مىليون 300 مىڭ توپقا، يەكەن ۋە قاغىلىقنىڭ 2 مىليون توپقا يەتكەن. ئەينى چاغدا، شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، ئوقۇغۇچىلار، ئەسكەرلەر ۋە شەھەر ئاھالىلىرى ئىشلىتىدىغان كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، ئەديال، لۆڭگە قاتارلىقلار ئاساسەن پاختا رەختتىن ئىشلەنگەن.

20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا كەلگەندە، شېڭ شىسەيىنىڭ كۈندىن - كۈنگە مۇستەبىتلىشىشى، گومىنداڭنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ زور دەرىجىدە خارابلىشىشى ھەمدە چەت ئەل تاۋارلىرىنىڭ شىنجاڭ بازارلىرىدا تۆكمە قىلىپ سېتىلىشىغا ئوخشاش كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن،



شىنجاڭنىڭ پاختا رەخت توقۇمىچىلىقى پەيدىنپەي زاۋاللىققا يۈز تۇتقان.

## 3. يىپەك توقۇمىچىلىقى

«ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە» قاتارلىق مەنبەلەردە قەيت قىلىنغىنىدەك، شىنجاڭ دۇنيادىكى ئەڭ بۇرۇن پىلە باققان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، يىپەك توقۇمىچىلىقى ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. قەدىمدە غەربىي يۇرتنىڭ يىپەك مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى كۆركەم، ئۆزگىچە ھەم نەپىس بولغاچقا، ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە باشقا قوشنا ئەللەردە ناھايىتى يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە بولغان. شۇڭا تارىخچىلار ئۆز خاتىرىلىرىدە غەربىي يۇرتتىكى قەدىمىي شەھەر خوتەننىڭ يىپەكلىرى ھەققىدە مەخسۇس سەھىپىلەرنى قالدۇرغان. نۆۋەتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

يېقىنقى زامان دەۋرىگە كەلگەندە، جۇملىدىن زو زوڭتاڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغان (1878 - يىلى) دىن كېيىن، شىنجاڭ يىپەكچىلىكىدە يېڭىچە تەرەققىيات مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەن. زو زوڭتاڭ شىنجاڭدا يىپەكچىلىك كەسپىنى تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، قۇمۇل، تۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا مەخسۇس پىلىچىلىك ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن 60 تىن ئارتۇق تېخنىك خادىمنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن ھەمدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىچكىرىنىڭ پىلىچىلىك تېخنىكىسىنى كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇرۇپ بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا پىلە باققۇچى

دېھقانلارنىڭ سانى پەيدىنپەي كۆپىيىپ، يىپەك توقۇمىچىلىق
ئىشلىرى مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن سىرت،
ئەينى دەۋردە روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ خام يىپە-
كىگە بولغان ئېھتىياجى خېلى يۇقىرى بولغاچقا، شىنجاڭ يىپەك-
چىلىكى، بولۇپمۇ خوتەن رايونىنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىقى زور
تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، بۇ جايدا ئىشلەپچىقىرىلغان يىپەكلەر
قوشنا دۆلەتلەر ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇپ سېتىلغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى خەلقئارا سودا بازىرىدا بىر مەھەل
يىپەك رەخت قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ خام يىپەك-
لىرىگە بولغان ئېھتىياج زور دەرىجىدە ئاشقان. بۇنداق ئەھۋالدا،
رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە شىنجاڭ رايونىغا بولغان ئىقتىسادىي
تاجاۋۇزىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ خام يىپەكلىرىگە
بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتكەن ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى
ئۇيغۇر خەلقىنى مەخسۇس پىلە ئۇرۇقى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى
خام يىپەك ئىشلەپچىقىرىشقا سالغان. ئەينى دەۋردە، رۇسىيە ۋە
ئەنگلىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭنىڭ ئۇجمە ئۆستۈرۈشكە ماس
كېلىدىغان ئەۋزەل شارائىتىدىن، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى نىسبەتەن
ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەددى ـ ھېسابسىز
خام يىپەكلەرگە ئىگە بولغان ھەمدە بۇ يىپەكلەرنى ياۋروپاغا
توشۇپ بېرىپ ھەر خىل قىممەتلىك يىپەك رەختلەرنى ئىشلەپچى-
قىرىشنىڭ مۇھىم خام ماتېرىيالى قىلغان. بۇ ھال رۇسىيە،
ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنى ناھايىتى كۆپ نەپكە ئىگە قىلغان.

رۇسىيە ۋە ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قاراتقان يۇقىرى-
قىدەك ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى شىن-
جاڭ يىپەكچىلىكىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە مەجبۇر قىلغان.
بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر قاتار چارە ـ تەدبىر-



لەرنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ يىپەكچىلىك ئىشلىرىنى مۇئەي-
يەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگەن ھەمدە ئۇجمە پىلىسى ئۆستۈ-
رۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ـ بەرمەسلىكىنى شىنجاڭدىكى يەرلىك
ئەمەلدارلارنى باھالاشنىڭ مۇھىم ئۆلچەملىرىنىڭ بىرى قىلغان.
دەرۋەقە شىنجاڭ رايونىنىڭ، جۈملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى-
نىڭ پىلىچىلىك ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، يىپەك توقۇمى-
چىلىق ساھەسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇھىم كىرىم
مەنبەلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئالاقىدار ماتېرىياللاردا خاتىرى-
لىنىشىچە، 1906 ـ يىلى شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان پىلە
غوزىسىنىڭ مىقدارى 179.4 تونىنىغا، 1907 ـ يىلى 418.6
تونىنىغا يەتكەن. 1908 ـ يىلىغا كەلگەندە، پەقەت خوتەن رايونى-
دىن چىققان پىلە غوزىسىلا 161.5 تونىنا بولۇپ، قىممىتى 70
مىڭ سەر ئاق كۈمۈشكە تەڭ بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ مەز-
گىلدە خوتەندە يەنە 47.8 تونىنا يىپەك تارتىلغان بولۇپ، قىممى-
تى 12 مىڭ سەر ئاق كۈمۈش بولغان. بۇ رايوندىكى يىپەك
توقۇمىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلەرنىڭ سانى
1200 گە يېتىپ، ھەر يىلى 30 مىڭ چىدىن ئارتۇق يىپەك
توقۇغان. ئەينى چاغدا، خوتەنگە قاراشلىق گۇما ناھىيىسىنىڭ
يىپەكچىلىكىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، 1906 ـ يىلى
پىلە غوزىسىنىڭ مىقدارى 41.8 تونىنا، 1907 ـ يىلى 125.6
تونىنا بولغان. 1908 ـ يىلىغا كەلگەندە 209.3 تونىنىغا يېتىپ،
1906 ـ يىلىدىكىگە قارىغاندا تۆت ھەسسە ئاشقان. شۇ يىلى يەنە
گۇما ناھىيىسىنىڭ سىرتقا ئېكسپورت قىلغان پىلە غوزىسىنىڭ
مىقدارى 193.2 تونىنىغا يېتىپ، بۇ ناھىيە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى
يىپەك توقۇمىچىلىقى ئەڭ گۈللەنگەن رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلان-
غان.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ تەختىگە چىققان (1912 - يىلى) دىن كېيىن، شىنجاڭ رايونىنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىقى ئۈزلۈكسىز تۆردە يۈكسەلگەن. مەسىلەن، بۇ مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى لوپ، خوتەن، گۇما، قاغىلىق، كېرىيە، يەكەن، بۇگۇر، كۇچا، قاراشەھەر، پىچان قاتارلىق جايلارنىڭ يىپەكچىلىكى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، 1915 - يىلى بۇ رايونلار ئىشلەپچىقارغان پىلە غوزىسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 739.5 توننىغا، يىپەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 385.7 توننىغا يەتكەن. بىراق ئەينى دەۋردىكى يىپەكچىلىكتە ھەقىقىي نەپكە ئېرىشكۈچىلەر يىپەك ئىشلەپچىقارغۇچىلار بولماستىن، بەلكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە سودىگەرلەر ئىدى. ئۇلار ھوقۇقى، ئورنى ۋە ئەمەلىي ئىقتىسادىي كۈچىگە تايىنىپ، دېھقانلاردىن پىلە غوزىسىنى ئەرزان باھادا سېتىۋالغان ھەمدە بېسىمدارلىق قىلىپ دېھقانلارنىڭ پىلە غوزىسىنى ئۆز ئالدىغا سېتىشىغا رۇخسەت قىلمىغان. ئۇلار يەنە جازانىخورلۇق قىلىپ، ھەر يىلى پىلە باققۇچى دېھقانلارغا پىلە ئۇرۇقىنى ناھايىتى يۇقىرى باھادا قەرزگە بەرگەن ھەمدە ئارىلىقتىن ئىنتايىن كۆپ نەپكە ئېرىشكەن. بۇ ھال شىنجاڭ يىپەكچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا بەزى توسقۇنلۇقلارنى پەيدا قىلغان.

شىنجاڭدا شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى، شۇنداقلا شېڭ شىسەي يولغا قويغان بەزىبىر ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭ يىپەكچىلىكى مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى دەۋردە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەر يىلى 3 ~ 4 يۈز مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى پىلە ئۇرۇقى ئىمپورت قىلىنغان بولۇپ، بۇ، 6 ~ 8 يۈز توننا گۈرۈچنىڭ قىممىتىگە باراۋەر



بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يەنە دېھقانلارغا ئۆسۈمسىز پىلە ئۇرۇقى تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ پىلە بېقىش ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. بۇ ھال شىنجاڭنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنى بەزى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگەن. مەسىلەن، 1942 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ خام يىپەك مەھسۇلاتى 478.4 توننىغا يېتىپ، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكىگە قارىغاندا 24% ئاشقان. بۇ مەزگىلدە خوتەن رايونىنىڭ پىلىچىلىكى نىسبەتەن تېز تەرەققىي قىلغان بولۇپ، 1933 - يىلى يىللىق خام يىپەك مەھسۇلاتى 59.6 توننا ئەتراپىدا بولغان بولسا، 1939 - يىلى 119.6 توننىغا، 1942 - يىلىغا كەلگەندە 310 توننىغا يەتكەن. ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ خام يىپەك ئېكسپورتىمۇ خېلى مۇقىم بولۇپ، 1936 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە بولغان يەتتە يىلدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا جەمئىي 560.6 توننا خام يىپەك ئېكسپورت قىلىنغان. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يىپەك ئېكسپورتىدىكى زور نەپنى كۆزلەپ، مەخسۇس يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنى تەسىس قىلغان ھەمدە بۇ شىركەتلەر ئارقىلىق خوتەندە جەمئىي 18 يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى قۇرۇپ، 7200 دىن ئارتۇق ئىشچىنى ياللاپ ئىشلەتكەن. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىقى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، يىللىق يىپەك ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 70 مىڭ توپقا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە يالغۇز قەشقەر رايونىدىلا ھەر يىلى توقۇلىدىغان كەڭ ئەنلىك يىپەك، گۈللۈك يىپەك ۋە ئاق يىپەكلەرنىڭ مىقدارى 20 مىڭ توپقا يەتكەن.

20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا كەلگەندە، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىقى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىمسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كەڭ دېھقانلارنى

خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش شارائىتىدىن مەھرۇم قىلغان.
نەتىجىدە، شىنجاڭ يىپەكچىلىكى ئۈرۈش تۇمانلىرى ئىچىدە خا-
رابلىشىشقا باشلىغان.

## 4 . كۆنچىلىك

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا چارۋىچىلىقى نىسبەتەن تەرەققىي
قىلغان رايون بولۇپ، تېرە مەنبەسى ناھايىتى مول بولغان. بۇ
ھال كۆنچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت - شارا-
ئىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن. تارىخقا نەزەر سالساق، شىنجاڭ
كۆنچىلىكىدە كالا تېرىسى، قوي تېرىسى ۋە ئۆچكە تېرىسى ئەڭ
ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، قوشۇمچە يەنە ئات، ئېشەك،
تۆگە تېرىلىرىمۇ مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلىگەن. يېقىنقى زامان
دەۋرىگە كەلگەندە، كۆنچىلىكتە تېرە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ
ئىشلەش ساھەسى خېلى يۈكسىلىپ، 1898 - يىلى چوڭ چارۋى-
دار ھۈسەنباي ئىلىدا تۇنجى بولۇپ تېرە قول سانائىتى كارخانى-
سىنى قۇرۇپ چىققان. 1909 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇ يەنە گېرما-
نىيىدىن يۇرۇشلەشكەن ماشىنا سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئىلى
تېرە زاۋۇتىنى قۇرغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ كۆنچىلى-
كى مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، جايلاردا ھۆكۈمەت بىلەن
سودىگەرلەر بىرلىشىپ ئاچقان نۇرغۇن يۇڭ - تېرە شىركەتلىرى
بارلىققا كەلگەن. بىراق تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋە-
بىدىن، يۇڭ - تېرە شىركەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى تازا كۆڭۈلدى-
كىدەك بولمىغان.

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان كۆنچىلىكىدە ماشىنا سانائىتى
مۇئەييەن سالماقنى تەشكىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي



نۇقتىدىن قارىغاندا قول سانائىتى يەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا تۇر-
غان. ئەينى دەۋردە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرى ۋە
شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا كۆنچى-
لىك خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇ رايونلاردىكى ئۇيغۇر
ھۈنەرۋەنلىرى ئۆتۈك، خۇرۇم سومكا، خۇرۇم چامادان، قولاق-
چا، ئېگەر قاتارلىق تۈرلۈك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان.
مەسىلەن، ئىلى تېرە زاۋۇتى ھەر يىلى 30 مىڭ جۈپتىن ئارتۇق
ئەر - ئاياللچە ئۆتۈك ئىشلەپچىقارغان. 1943 - يىلى خوتەندە
قۇرۇلغان چامادان ياساش زاۋۇتى ھەر ئايدا 200 دىن خۇرۇم
چامادان ئىشلەپچىقارغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئىلى، ئاقسۇ، قەش-
قەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا خۇرۇمدىن ھەر خىل باش كىيىم-
لىرىنى تىكىدىغان مەخسۇس ھۈنەرۋەنلەرمۇ بولغان.

شىنجاڭ يېقىنقى زامان كۆنچىلىكىدە يۇقىرىدا قەيت قىلىن-
غىنىدەك بەزى تەرەققىيات مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ،
بىراق رۇسىيىنىڭ شىنجاڭنىڭ كۆنچىلىك قول سانائىتىگە بول-
غان كونتروللۇقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، شىنجاڭ يېقىنقى
زامان كۆنچىلىكى ئېرىشىشكە تېگىشلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشەل-
مىگەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى (1917 - يىلى) دىن بۇرۇن شىن-
جاڭنىڭ يۇڭ - تېرىسى ئاساسەن روسىيە سودىگەرلىرى تەرىپى-
دىن كونترول قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭنىڭ يۇڭ - تېرى-
لىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كې-
يىن شىنجاڭ بازارلىرىدا تۆكمە قىلىپ سېتىپ زور پايدىغا
ئېرىشكەن. ئەينى چاغدا رۇسىيە سودىگەرلىرى يەنە شىنجاڭدا
باجسىز سودا قىلىش ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ
تېرە مەھسۇلاتلىرىنىمۇ شىنجاڭ بازارلىرىدا تۆكمە قىلىپ سات-
قان. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ كۆنچىلىك قول سانائىتى ئېغىر

رىقابەتكە دۇچ كېلىپ، پەيدىنپەي خارابلىششقا باشلىغان.

## 5. قاشتاش ئويمىچىلىقى

شىنجاڭنىڭ قاشتاش ئويمىچىلىقى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا
ئىگە بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ۋەسىقە ماتېرىياللىرى ۋە بىزگىچە
يېتىپ كەلگەن ئالاقىدار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىسپاتلى-
شىچە، قەدىمىي قاشتاش ماكانى بولغان خوتەن رايونىدا ئاز دېگەن-
دە بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئىنتايىن نەپىس ھەم
كۆركەم قاشتاش بۇيۇملىرى ياسالغان ھەمدە قىممەتلىك قول
سانائەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا توشۇلۇپ
سېتىلغان. بۇ ھال تارىختىكى «قاشتاش يولى» ۋە يىپەك يول غا
ئوزگىچە مەزمۇن قوشۇپ، غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىك ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ھەم ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش مۇ-
ناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەندىن
كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوتەن قاشتېشىغا ئائىت بىر
قاتار ئالاھىدە بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىپ، قاشتاش قېزىش ۋە ئۇنى
توشۇش ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەن. 1759 ـ
يىلى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى شىنجاڭدىن قاشتاش بېجى ئېلىش-
نى قارار قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، يەكەن، يېڭى-
سار، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق ئالتە شەھەردىن ھەر يىلى
بەلگىلىك مىقداردا مەخسۇس قاشتاش بېجى يىغقان. بۇنىڭ ئىچى-
دە خوتەن رايونىدىن ئېلىنىدىغان قاشتاش بېجىنىڭ مىقدارى
نىسبەتەن كۆپ بولۇپ، يورۇڭقاش، قاراقاش، قاراڭغۇ تاغ قاتار-
لىق جايلار ئاساسلىق قاشتاش بازىلىرى ئىدى. 1760 ـ يىلى



چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە بەلگىلىمە چىقىرىپ، خەلق ئىچى-
دىن ھۆكۈمەتكە قاشتاش ئىنئام قىلغۇچىلار بولسا، ئۇلارنى يې-
پەك رەخت قاتارلىق بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاشنى قارار قىلغان
ھەمدە قاشتاش ئەتكەسچىلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە
شىنجاڭدىكى ئامباللارنىڭ قاشتاش سودىسى قىلىشىنى چەكلى-
گەن.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ قاشتېشىغا بولغان
كونتروللۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1761 ـ يىلىدىن
باشلاپ ھۆكۈمەت ئۆز ئالدىغا قاشتاش قېزىش سىياسىتىنى يولغا
قويغان. شۇ سۆڭنىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ـ ئېقىنلىرى
ھەققىدە خاتىرە» ناملىق ئەسىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا ئا-
ساسلانغاندا، چىڭ ھۆكۈمىتى خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى
ئۇيغۇر بەگلىرى ۋە باشقا يەرلىك ئەمەلدارلارنى قاشتاش قېزىش
ئىشىغا مەسئۇل قىلىپ، ئۇلار ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى
كەڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى بىر يىلدا ئىككى قېتىم (ئەتىياز ۋە
كۈزدە) دىن مەخسۇس قاشتاش قېزىش ھاشىرىغا سالغان. قېزى-
ۋېلىنغان قاشتاشلار بولسا بىر تۇتاش ھالدا ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇل-
غان. ئالاقىدار مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردە شىنجاڭ-
دىن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تاپشۇرۇلىدىغان قاشتاشنىڭ مىق-
دارى يىلىغا تەخمىنەن 4000 جىڭدىن بولغان. بىراق ئايرىم
يەرلىك ئەمەلدارلار دائىم دېگۈدەك كۆز بويامچىلىق قىلىپ ھەمدە
خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ قاش-
تېشىغا خىيانەت قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئەينى دەۋردە شىنجاڭدىكى
يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھۆكۈمەت قاشتېشىغا خىيانەت قىلىش ۋە
ئۆز ئالدىغا قاشتاش توشۇپ سېتىشتەك بىر قاتار ئەنزىلىرى يۈز
بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭ قاشتېشىغا بولغان

باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە مەجبۇر قىلغان. دەرۋەقە چىڭ
سۇلالىسى خوتەن رايونىدا كۆپلەپ قاراۋۇلخانىلارنى تەسىس قىـ
لىپ، سودىگەرلەر، پۇقرالار ھەم ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ
قاشتاش سودىسى قىلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن. شۇنىڭ بىلەن
بىللە پۇقرالارنىڭ قاراقاش، يورۇڭقاش، قاراڭغۇ تاغ قاتارلىق
جايلاردا قاشتاش قېزىشىنىمۇ چەكلىگەن. بۇ تەدبىرلەر مۇئەييەن
رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن قاشتاش سودىگەرلىرىنىڭ سودا
پائالىيىتىنى پۈتۈنلەي چەكلىيەلمىگەن. بەزى سودىگەرلەر ھەر
خىل يوللار ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە قاشتاش توشۇپ سېتىپ
ناھايىتى زور پايدىغا ئېرىشكەن.

1799 ـ يىلىغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئور-
دىدىكى قاشتاش زاپىسىنىڭ زىيادە كۆپىيىپ كەتكەنلىك ئەھۋالىـ
نى كۆزدە تۇتۇپ، پۇقرالار ۋە سودىگەرلەرنىڭ قاشتاش قېزىشى
ھەم قاشتاش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويغان. بۇنىڭ
بىلەن خوتەن ۋە يەكەن قاتارلىق جايلاردا پۇقرالارنىڭ قاشتاش
قېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، قاشتاش سودىسى جانلىنىشقا باشـ
لىغان. 1821 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە ئوردىنىڭ
شىنجاڭ قاشتېشىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىك ئەھۋاـ
لىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ خوتەن رايونىدىكى قاشتاش
قېزىش پائالىيىتىنى توختاتقان. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىـ
نىڭ شىنجاڭدىكى قاشتاش سودىسىغا ئالاقىدار چەكلىمىلىرى
پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پۇقرالار ئۆز ئالدىغا قاشتاش
قازغان چەم قاشتاشتىن ھەر خىل زىننەت ھەم تۇرمۇش بۇيۇملىـ
رىنى ياسىغان. ئەينى دەۋردە، خوتەندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار
مەخسۇس قاشتاش قېزىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز تۇرمۇـ
شىنى قامدىغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ



سودىگەرلىرىمۇ خوتەنگە كېلىپ قاشتاش قازغان ۋە قاشتاش سوـ
دىسى بىلەن شۇغۇللانغان. قاشتاش قېزىش ئادەتتە مۇنداق ئۈچ
خىل شەكىلدە بولغان: بىرى، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۆز ئالدىغا
قازغان. يەنە بىرى، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى مەخسۇس ئادەم ياللاـ
ۋېلىپ قازغان. ئۈچىنچى، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن سودىـ
گەرلەر دېھقانلارنى ياللىۋېلىپ قازغان. بۇ ھال بىر تەرەپتىن
قاشتاش سودىسىنى زور دەرىجىدە جانلاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاشتاش ئويمىچىلىقىنىمۇ مۇئەييەن تەـ
رەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، خوتەن رايونى قەدىمدىن تارـ
تىپ تا يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان دەۋرىگىچە شىنجاڭدىكى ئاساـ
لىق قاشتاش ماكانى بولغان بولۇپ، قاشتاش ئويمىچىلىق تېخنىـ
كىسى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. بۇ جايدىكى كەڭ ئۇيغۇر خەلقى
ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراستى بىلەن قاشتاشتىن تولـ
مۇ كۆركەم ھەم ئىنتايىن سىپتا بولغان ھەر خىل رومكا،
لوڭقا، تەخسە، چىنە، كورا، كوزا قاتارلىق بۇيۇملار ۋە ھالقا،
مارجان، ئۈزۈك، بىلەيزۈك قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسىـ
غان. كېيىنچە يەنە قاشتاشتىن تۈرلۈك يېزىش ـ سىزىش قورالـ
لىرى، بىليارت شارچىسى، كۈلدان، تۈگمە قاتارلىق كۈندىلىك
تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىمۇ ياسىغان. خاتىرىلىنىشىچە، 1930 ـ
يىللارنىڭ ئاخىرىدا خوتەن شەھىرىدىلا 20 دىن ئارتۇق قاشتاش
ئويمىچىلىق ئىشخانىسى بولغان بولۇپ، ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب
بىلەن 8 ～ 9 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى قاشتاش مەھسۇلاتلىرىنى
ئىشلەپچىقارغان. ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار رايونىمىز،
ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەل بازارلىرىدا ئەتىۋارلىق بۇيۇم سۈپىـ
تىدە ناھايىتى يۇقىرى باھادا سېتىلغان.

## 6 . تۇزچىلىق

شىنجاڭنىڭ تۇز بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، «شىنجاڭ-
نىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» قاتارلىق تارىخىي مەنبەلەردە خاتى-
رىلەنگىنىدەك، شىنجاڭنىڭ ھەممە جايىدىن دېگۈدەك تۇز چىق-
قان. شۇڭا تۇزچىلىق قەدىمدىن تارتىپلا شىنجاڭ قول سانائىتى-
نىڭ ئاساسلىق تارماقلىرىنىڭ بىرى ھېسابلانغان.
يېقىنقى زامان دەۋرىگە كەلگەندە شىنجاڭ تۇزچىلىقى يەنىمۇ
يۈكسىلىپ، تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل تەرەققىيات باسقۇچىنى
باشتىن كەچۈرگەن:
بىرىنچى، 19 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى شەخسىلەرنىڭ ئۆز
ئالدىغا تۇز كېنى ئېچىش ۋە تۇز ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى
قۇرۇش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا، پۇقرالار ھېچقانداق چەكلىمىگە
ئۇچرىمىغان ھالدا ئۆز ئالدىغا تۇز كېنى ۋە تۇز كۆللىرىنى
قېزىپ ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىغان ھەمدە مەخسۇس تۇزچىلىق
كارخانىلىرىنى قۇرۇپ، تۇز سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان. شەھەر
ئاھالىلىرى بولسا ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ئاش تۇزىنى تۇز سودى-
گەرلىرىنىڭ قولىدىن سېتىۋالغان. تۇز سودىسىدىن ئادەتتە ھېچ-
قانداق باج ئېلىنمىغان. تۇزچىلىقتا پۇقرالارنىڭ ئۆز ئالدىغا
قېزىشىدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم چوڭ تۇز سودىگەرلىرىنىڭ
مەخسۇس مەبلەغ سېلىپ ئاچقان بىر قاتار تۇز كانلىرى، تۇز
كۆللىرى ھەمدە تۇزچىلىق كارخانىلىرى بولغان. ئۇششاق تۇز
سودىگەرلىرى ئادەتتە ئاش تۇزىنى چوڭ سودىگەرلەردىن توپ
باھادا سېتىۋېلىپ، ئاندىن پارچە باھادا دېھقانلار ھەم شەھەر
ئاھالىلىرىگە ساتقان.
ئىككىنچى، 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن كېيىنكى ھۆكۈ-



مەتنىڭ تۇز كېنى ئېچىش ۋە تۇز زاۋۇتلىرىنى قۇرۇش باسقۇچى.
بۇ باسقۇچتا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاۋۋال 1902 ـ يىلى
جىڭ ناھىيىسىدىكى شەخسىلەر باشقۇرۇۋاتقان تۇز زاۋۇتىنى
ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، تۇز سودىسىدىن مەخ-
سۇس تۇز بېجى ئېلىشنى بەلگىلىگەن. ئارقىدىنلا چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى يەنە داۋانچىڭدىكى شەخسىلەر باشقۇرۇۋاتقان تۇز زا-
ۋۇتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتىپ بىر
تۇتاش باشقۇرغان ھەمدە بۇ جاينى تۇز بېجى ئېلىشنىڭ مۇھىم
نۇقتىسىغا ئايلاندۇرغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جايلاردا ھۆكۈ-
مەت باشقۇرۇشىدىكى تۇز زاۋۇتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا
كېلىشكە باشلىغان.
مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، شىنجاڭ تۇزچىلىقىدا ھۆكۈ-
مەت باشقۇرۇشىدىكى تۇز كان ۋە تۇز زاۋۇتلىرى ئاساسلىق ئو-
رۇندا تۇرغان بولۇپ، جايلاردىكى بارلىق تۇز كان ھەم تۇز
زاۋۇتلىرى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرىشىدا
بولغان. مەسىلەن، بۇ دەۋردە شىمالىي شىنجاڭدىكى داۋانچىڭ،
ماناس، جىڭ، خۇتۇبىنچى قاتارلىق جايلاردا چوڭ تىپتىكى تۇز
زاۋۇتلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ زاۋۇتلار ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم
مالىيە مەنبەسىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەۋردە يەنە ياڭ
زېڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ تۇز بېجى باشقا باج تۈرلىرىگە ئوخشاشلا
ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان. ئەينى دەۋردە جەنۇبىي شىن-
جاڭنىڭ كۇچا، باي، ئونسۇ، مارالبېشى قاتارلىق رايونلىرىدىمۇ
داڭلىق تۇز كانلىرى ئېچىلىپ، نۇرغۇن تۇز زاۋۇتلىرى قۇرۇل-
غان. بۇ ھال ئوخشاشلا ھۆكۈمەتنىڭ تۇز بېجى مەنبەسىنى زور
دەرىجىدە كېڭەيتكەن. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئايرىم جايلىرىدا بول-
سا تۇز كان ھەم تۇز كۆللىرى ئىنتايىن تارقاق بولغاچقا، ھۆكۈ-

مەت بىۋاستە باشقۇرۇشقا ئامالسىز قالغان. شۇڭا بۇ جايلاردىكى پۇقرالار ئۆز تۇرمۇشىغا كېرەكلىك ئاش تۇزىنى كۆپىنچە ئۆزلىرى قازغان.

دېمەك، شىنجاڭ يېقىنقى زامان تۇزچىلىقىدا شەخسىيلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قېزىشى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش قېزىپ باشقۇرۇشى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، قېزىلغان تۇزلار بىر تەرەپتىن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئاش تۇزىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە مەنبەسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەن. لېكىن تۇز بايلىقىنىڭ قالايمىقان، پىلانسىز قېزىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە رايونىمىزنىڭ تەبىئىي بايلىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قېزىلغان تۇزلار پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەچكە، خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزۈپ، نۇرغۇنلىغان دېھقانلار (جۈملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى دېھقانلار) قالقان بەز ياللۇغى (پوقاق) غا گىرىپتار بولغان.

## 7. ھاراقچىلىق

شىنجاڭ ھاراقچىلىقى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» ۋە «كېيىنكى خەننامە» گە ئوخشاش مەنبەلەردە كۆرسىتىلگىنىدەك شىنجاڭدا ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىش كەم دېگەندە 1200 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان. قەدىمدە شىنجاڭنىڭ ھاراقچىلىق قول سانائىتى ئىنتايىن يۈكسەلگەچكە، ھاراق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە ئىشلەپچىقىرىلغان ھاراقلارنىڭ مىقدارى خېلى كۆپ بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەپچىقىرىلغان ئۈزۈم ھاراقلىرى سۈپەتلىك بولۇپ، قەدىمكى



كۇسەن، قوچۇ، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا ئۆيمۇئۆي دېگۈدەك ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىلغان. ئۈزۈم ھارىقى قەدىمكى غەربىي يۇرت خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىستېمال قىلىنىشتىن سىرت، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا توشۇپ سېتىلغان. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ۋە «دورا - ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى» دىكى ئالاقىدار بايانلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمدە قوچۇ رايونىنىڭ ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى تولىمۇ يۇقىرى بولغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىلغان ئۈزۈم ھاراقلىرى سۈپەتلىك، ئىچىشلىك ھەم ئۇزاق ساقلاشقا ئەپلىك بولغان.

يېقىنقى زامان دەۋرىگە كەلگەندە شىنجاڭنىڭ ھاراقچىلىق قول سانائىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئۈزۈم ھارىقىدىن سىرت، يەنە ئاق ھاراقمۇ ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىغان. 1767 - يىلى ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىققان خەنزۇ سودىگەرلىرى جىمسارنىڭ سەنتەي بازىرىدا بىر ھاراق زاۋۇتى قۇرۇپ، پۈتكۈل جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونىنى، شۇنداقلا ئىچكىرىدىكى ئايرىم ئۆلكىلەرنىمۇ ھاراق بىلەن تەمىنلىگەن. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مەزكۇر زاۋۇتنىڭ تىجارىتى ناھايىتى روناق تېپىپ، ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ھاراقنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 200 توننىدىن ئاشقان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە شىنجاڭ ھاراقچىلىقى ئۈزلۈكسىز تۈردە يۈكسىلىپ، ئۈزۈم ھارىقى، بولۇپمۇ ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىش كەسپى ئىنتايىن جانلانغان. بۇ دەۋردە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى گۈچۈڭ ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ ئەڭ چوڭ ھاراقچىلىق بازىسى بولغان بولۇپ، بۇ جايدا مەخسۇس ھاراقچىلىق قول سانائىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇرغۇن ئائىلىلەر بولغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭغا

ئالاقىدار ئايرىم مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى دەۋردە گۆچۆك شىنجاڭدىكى سودا ئىشلىرى ئەڭ گۈللەنگەن بازار بولۇپ، بۇ جايدا جەمئىي 13 هاراقچىلىق كارخانىسى بولغان. بۇ كارخانىلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى يىللىق ئاق هاراق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 140 مىڭ جىڭ ئەتراپىدا بولغان بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە كۆپىيىپ بىر مىليون جىڭغا يەتكەن. ئىشلەپچىقىرىلغان هاراقلار بولسا ئاساسەن پۈتۈن شىنجاڭ بازارلىرى، شۇنداقلا يەنە ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ سېتىلغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە شىنجاڭنىڭ هاراقچىلىق قول سانائىتى داۋاملىق يۈكسىلىپ، بۇ دەۋردە قۇرۇلغان فۇكاڭ هاراق زاۋۇتى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئاق هاراق ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىغا ئايلانغان. مەزكۇر كارخانىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 150 مىڭ جىڭ ئەتراپىدا بولغان بولۇپ، 1935 ~ 1945 ـ يىللارغا كەلگەندە كۆپىيىپ 184 مىڭ جىڭغا يەتكەن. كارخانىدىكى قول سانائەتچىلەرنىڭ سانى بولسا 68 گە كۆپەيگەن. بىراق 1945 ـ يىلىدىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل هۆكۈمرانلىقى، شۇنداقلا شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىمسىزلىقى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ هاراقچىلىق قول سانائىتى پەيدىنپەي زاۋاللىققا يۈز تۇتقان.

دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان قول سانائىتىدىكى ئاساسلىق ساھەلەر بولۇپ، بۇ تارماقلار شىنجاڭ يېقىنقى زامان قول سانائەت ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى ئىدى. بۇلاردىن باشقا، ئەينى دەۋردە يەنە سەرەڭگە ياساش، سوپۇنچىلىق، ياغاچچىلىق ۋە بەش خىل مېتال بۇيۇملىرىنى ياساشقا ئوخشاش قول سانائەت تارماقلىرىمۇ بار ئىدى.



## شىنجاڭ يېقىنقى زامان قول سانائىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

شىنجاڭ قول سانائىتى ئۇزۇن تارىخ ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قەدىمكى زامان دەۋرىدە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان. لېكىن يېقىنقى زامان دەۋرىگە كەلگەندە، كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نىسبەتەن ئاستا تەرەققىي قىلغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن كېيىن بولسا ئاساسەن خارابلىشىشقا يۈزلەنگەن. شىنجاڭ يېقىنقى زامان قول سانائىتىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

### 1. مەبلىغى ئاز، كۆلىمى تار، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن

شىنجاڭ يېقىنقى زامان قول سانائىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ياخشى بولمىغاچقا، مەبلەغنىڭ قىسلىقىدىن كۆپ هاللاردا ئائىلىۋى قول سانائەت ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. ئائىلىۋى قول سانائەت تارماقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى تار بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىمۇ نىسبەتەن تۆۋەن بولغان. شۇڭا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئاساسەن ئۆز ئۆزىنى قامداش دەرىجىسىدىلا توختاپ قېلىپ، شىنجاڭ بازارلىرىدىن هالقىپ كېتەلمىگەن. هالقىغان تەقدىردىمۇ مۇئەييەن سالماقنى تەشكىل قىلالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇسىيە ۋە ئەنگلىيىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى شىنجاڭغا

قاراتقان بىر قاتار ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى شىنجاڭنىڭ قول سانائەت
مەھسۇلاتلىرىنى بازارلاردىن سىقىپ چىقىرىشقا باشلىغان. چۈنكى
روسىيە، ئەنگلىيىنىڭ ئەرزان باھالىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى
پۈتۈن شىنجاڭ بازارلىرىنى قاپلاپ، شىنجاڭنىڭ مىللىي قول
سانائىتىگە قاتتىق زەربە بەرگەن، ھەتتا نابۇت قىلغان. دەرۋەقە،
مەبلەغ، سۈپەت ھەم كۆلەم قاتارلىق جەھەتلەردە مۇئەييەن رىقا-
بەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولالمىغان شىنجاڭ قول سانائەت مەھسۇلات-
لىرى رۇسىيە، ئەنگلىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قۇربانى بو-
لۇپ كەتكەن. بۇ ھال شىنجاڭدىكى نۇرغۇن قول سانائەتچىلەرنىڭ
نامراتلىششى ۋە ۋەيران بولۇشىنى تېزلەتكەن.

## 2. تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىختىساسلىق خا-
## دىملار كەمچىل

شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا مائارىپ ئىشلىرىغا ئانچە
ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى ناھايىتى
قالاق بولغان. بۇ ھال شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان قول سانائەت
تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ، ئاساسلىق قول سانائەت
تارماقلىرىنى مۇئەييەن تېخنىكا ئاساسىغا ئىگە قىلالمىغان. مە-
سىلەن، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەر (1912 ~
1928) دە، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون 550 مىڭ-
دىن ئارتۇق بولۇپ، ھەر 1000 ئادەم ئىچىدە مائارىپ تەربىيىسى-
گە ئىگە بولغانلارنىڭ سانى 0.3 كىشىگىمۇ يەتمىگەن. ئۇنىڭ
ئۈستىگە مائارىپ خىراجىتى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، پۈتۈن ئۆلكى-
نىڭ يىللىق مائارىپ راسخوتى ئاران 156 مىڭ يۈەن بولغان.
بۇنىڭدىن سىرت، ئوقۇتۇش شارائىتى ناچار، كىتاب - ماتېرىيال-



لار كەمچىل ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنى تۆۋەن، مائاشى ئاز
بولغاچقا، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى مائارىپ قانۇنىيىتى بويىچە ئېلىپ
بېرىش مۇمكىن بولمىغان. شۇ ۋەجىدىن ئىختىساسلىق خادىملار-
نىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كېلىپ چىقىپ،
بۇ ھال ئاخىرقى ھېسابتا ئوخشاشلا شىنجاڭ قول سانائىتىنىڭ
نىسبەتەن ئاستا تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرگە ئايلان-
غان.

## 3. مۇقىملىق شارائىتى (كاپالىتى) ناچار، ئىقتىسا-
## دىي ئاساسى بوش

ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى تىنچ
بولغان ئىجتىمائىي ھەم سىياسىي مۇھىتقا موھتاج. شىنجاڭ
يېقىنقى زامان قول سانائىتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس،
ئەلۋەتتە. شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەن-
گەندىن كېيىن، گەرچە بىر مەزگىل نىسبىي تىنچ ۋەزىيەت
يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ
شىنجاڭدىكى شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىقى، شۇنداقلا يەرلىك ئەمەل-
دارلارنىڭ چىرىكلىكى ھەم قابىلىيەتسىزلىكى شىنجاڭ قول سانا-
ئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور توسقۇنلۇقلارنى ئېلىپ كەلگەن. چىڭ
سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك ئەمەلدارلىرى خەلقنىڭ تۇر-
مۇشى ۋە باشقا ھەر خىل ئىقتىسادىي تارماقلارغا قىلچە كۆڭۈل
بۆلمەي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بايلىق توپلاشقا كىرىشكەن. ئۇلار
شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشنى بايلىق توپلاشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى
دەپ قارىغان. شۇ ۋەجىدىن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالغان
شىنجاڭ خەلقى داۋاملىق تۇردە قوزغىلىپ تۇرغان. بۇنداق ئەھ-

ۋالدا، شىنجاڭ قول سانائىتى ھېچقانداق مۇقىملىق ھەم تەرەققى-
يات كاپالىتىگە ئىگە بولالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چىڭ سۇلالى-
سى ھۆكۈمىتىنىڭ قول سانائەتچىلەردىن ئالىدىغان بېجىمۇ ناھا-
يىتى كۆپ بولغاچقا، قول سانائەتچىلەرنىڭ زىيادە ئىقتىسادىي
يۈكى قول سانائەت ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىنى ماددىي ئاساستىن
ئايرىپ قويغان. شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى
ئاخىرلىشىپ ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققان مەزگىللەردىمۇ، ياڭ
زېڭشىن يولغا قويغان بېكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇ-
رۇش سىياسىتى شىنجاڭ قول سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا نۇرغۇن
پايدىسىز ئامىللارنى ئېلىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن سىرت، ياڭ زېڭ-
شىنىڭ قول سانائەت ساھەسىدىن ئالىدىغان تۈرلۈك باج -
سېلىقلىرى قول سانائەتچىلەرنى ئېغىر كرىزىسقا دۇچار قىلىپ،
ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلىتىۋەتكەن.
بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ قول سانائىتى ئۆز مەۋجۇدلۇقىنىڭ كاپالى-
تى بولغان زۆرۈر ئىقتىسادىي ئاساستىن ئايرىلىپ قېلىپ، ناھا-
يىتى ئاستا سۈرئەتتە ئىلگىرىلىگەن.

## 4. قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش يولى ياخشى ئەمەس

شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا قاتناش - ترانسپورت ئىش-
لىرى تولىمۇ قالاق بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ قول سانائەت مەھسۇ-
لاتلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇپ سېتىش ئىنتايىن تەس بول-
غان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىقى ۋە
قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ كەملىكى قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ
سېتىلىش يولىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەن. شۇڭا مۇشۇنداق



قىيىن شارائىتتا، ئىچكىرىگە توشۇلغان شىنجاڭ قول سانائەت
مەھسۇلاتلىرىنىڭ يول كىراسى تەبىئىي ھالدا يۇقىرى بولغان.
يول كىراسىنىڭ يۇقىرىلىقى قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ۋاق-
تىدا سېتىلىشىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتكەن. دەرۋەقە، قاتناش-
نىڭ راۋان بولماسلىقى شىنجاڭ يېقىنقى زامان قول سانائىتىنىڭ
تەرەققىياتىدىكى مۇھىم توسالغۇلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرى-
ياتى، 1992 - يىل نەشرى.
② مويۈەن: «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ پۇل تارىخى»
، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى.
③ يىن چىڭ تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات
تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 -
يىل نەشرى.
④ ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى،
1987 - يىل نەشرى.
⑤ ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي
بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى.
⑥ كۇاڭ خاۋلىن: «جۇڭگو يېقىنقى زامان ئاز سانلىق
مىللەتلىرىنىڭ ئىقتىساد تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992
- يىل نەشرى.
⑦ سۇڭ لىڭ، چىن يەنچى قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ-
نىڭ يېقىنقى زامان ئىقتىساد تېخنىكا تەرەققىياتى»، شىنجاڭ
پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1993 - يىل نەشرى.
⑧ ۋېي يۈڭلى: «جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىكى غەربىي

شىمالنى ئېچىش تارىخى»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى.

⑨ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى.

⑩ چېڭ سۇلو: «تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى»، خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى.

⑪ زو كوتو: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى.

⑫ ل. ئى. دۇمان: «چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى شىنجاڭدا يولغا قويغان يەر سىياسىتى» (رۇسچە)، پەنلەر نەشرىياتى، 1936 ـ يىل موسكۋا ـ لېنىنگراد نەشرى.

(ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، ئاسپىرانت)



# بۇگۇر مائارىپى توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە

جۇمە سېتى

بۇگۇر مائارىپى تارىخىنى ئەسلىگەندە ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى دەپ ئىككى دەۋرگە بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ. تەسىر دائىرىسىدىن قارىغاندا ئازادلىقتىن بۇرۇنقىسىنى ئازادلىقتىن كېيىنكىسىگە سېلىشتۇرۇشقا ئەسلا مۇمكىن بولمىسىمۇ، بىز ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ، بۇ ھەقتە ئازراق توختىلىپ كۆرەيلى. ئازادلىقتىن بۇرۇنقى بۇگۇر مائارىپىنى دىنىي مائارىپ، خەنزۇ تىلى مائارىپى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئۇيغۇر تىلى مائارىپىنىڭ چېكىنىش باسقۇچى قاتارلىق تۆت باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. مائارىپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا مەيدانغا كەلگەن ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، دىنىي مائارىپمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

## بۇگۇر مائارىپىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى

### 1. دىنىي مائارىپ

بۈگۈردە 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى-
دا مەدرىسىنى ئاساس قىلغان دىنىي مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى.
گۇاڭشۈ 2 ـ يىلى (1876 ـ يىلى) دىن ئىلگىرىلا، بۈگۈرنىڭ
شەھەر ۋە كەڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا، مەسچىد ياكى ئىماملارنىڭ،
خەلپەتلەرنىڭ قورۇلىرىدا «دىنىي مەكتەپ» ياكى دىنىي ئوقۇش
ئۆقتىلىرى بولۇپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى خەلپەتلەر كونا تالىپلارغا،
كونا تالىپلار يېڭى تالىپلارغا ئۆگىتىپ زەنجىرسىمان ئوقۇتۇش
ئېلىپ بېرىلاتتى، مۇنتىزىم ئەمەس ئىدى. يەنى بەزى چاغلاردا
ئىماملار بىۋاسىتە ساۋاق بېرىپ، سورۇشتە قىلاتتى. ئاۋۋال
ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ھەرپنى كىچىك قول تاختىسىغا يې-
زىپ ئۆگىتەتتى، ئاندىن ئېلىپبە كىتابىنى سۆز ـ جۈملىلىرى
بويىچە ھەجىلەپ ۋە قوشۇپ ئوقۇيتتى. ساۋادى چىققاندىن كېيىن
ئالدى بىلەن ھەپتىيەكنى، ئاندىن قۇرئان كەرىمنى ۋە باشقا
كىتابلارنى ئوقۇيتتى. لېكىن ئەرەبچە، پارسچە ئېلىپبە ئاساسىدا
ساۋاد چىقىرىپ، ئۇيغۇرچە يېزىشنىمۇ ئۆگىنەتتى. شۇ دەۋرلەردە
خەت ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغانلار بەك ئاز بولغاچقا، ئۇلار يۇرت
ئىچىدە ئەتىۋارلىنىپ ھۆرمەتلىنەتتى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا
1940 ـ يىلىدىن بۇرۇن بۈگۈردە 29 ئورۇندا دىنىي مەكتەپ
بولۇپ تالىپلىرى 710 ئەتراپىدا ئىدى. ئۇلار بۈگۈردىكى ئوقۇ-
شنى تۈگەتكەندىن كېيىن داۋاملىق ئوقۇيدىغانلىرى كۇچا، قەش-
قەر، كورلا ياكى چەت ئەللەرگە بېرىپ چوڭ ـ چوڭ مەدرىسىلەر-
دە ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش تارىخى، ئوقۇغان
كىتابلىرى، مەدرىسىلەرنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ مەۋلىۋى، دامول-
لا، مەخسۇم، خەلپەت، خاتىپ، ئىمام، مەزىن، جارىپ، مۇتۇ-
ۋەللى، مۇدەررىس، تالىپ، موللا دەپ پەرقلىنەتتى. ئۇلار قاي-
تىپ كەلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ياكى جەمئىيەت ئىشىنى



قىلاتتى. مەخسۇس خەت يازالايدىغانلارنى «مىرزا» دەپ ئاتايتتى.
مۇھىم خەت، توختامنامىلەرگە شۇ چاغلاردىكى يۇرت چوڭلىرى-
نىڭ تامغىلىرى ياكى «مۆھۈر» بېسىلغاندىن كېيىن ئىناۋەتلىك
بولاتتى ھەم «مۆھۈر»، «تىلخەت» دېيىلەتتى. بۇنداق خەتلەر-
نىڭ نوپۇزى چوڭ بولۇپ، جەمئىيەتتە كىشىلەر ئەمەل قىلاتتى.
شۇ چاغلاردا بۇ دىنىي مەكتەپلەرنىڭ رولى چوڭ ئىدى. كېيىنچە
پەننىي مەكتەپلەر تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت، جەمئى-
يەت ئىشلىرىنى پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغانلار ئۈستىگە ئالدى.
ئازادلىقتىن كېيىن دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە بۇ
دىنىي مەكتەپلەر پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ھۆكۈمەت مەر-
كەزلەشتۈرۈپ باشقۇردى.

## 2. خەنزۇچە ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلغان «شۆتاڭ» مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

گۇاڭشۈ 9 ـ يىلىدىن 16 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا
(1883 ~ 1890 ـ يىللىرى) ناھىيىلىك يامۇل ئىچىدە خەنزۇ-
چە ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلغان «شۆتاڭ» مەكتەپ قۇرۇلدى.
1933 ـ يىلىغىچە مەزكۇر شۆتاڭدا ئوقۇغانلار 4 قارار ئوقۇش
پۈتتۈردى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاساسەن بايلارنىڭ،
ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىدىن ئالۋاڭ
ـ ياساق ئالمايتتى. گۇاڭشۈ 30 ـ يىلى (1904 ـ يىلى)
بۈگۈردە يېتىم ـ يېسىر، ئىگە چاقىسىز بالىلاردىن 18 نى
تاللاپ، «دارىلئاجىز مەكتىپى» قۇرۇلدى. ئوقۇش قۇراللىرى،
كىيىم ـ كېچەك، تاماق ھەقسىز بولۇپ بۇنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە
ئالغان ئىدى. ئوقۇلىدىغان دەرسلەر ئاساسەن خەنزۇ تىلى، جۇغ-

راپىيە، تەبىئەت دەرسلىرى ئىدى. گۇاڭشۇ 34 ـ يىلى (1908
ـ يىلى) (يۈەن داخۇا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى)
. ئامبال گۇگۇيپىن 1 ـ قېتىم يامۇلنىڭ شەرقىي ھويلىسىدا،
يېڭىسار رەستىدە، چۇمپاقنىڭ چارشەنبە بازىرىدا خەنزۇچە ئوقۇ-
تۇشنى ئاساس قىلغان «شۆتاڭ» مەكتەپلەرنى قۇردى. شۈەنتوڭ-
نىڭ 2 ـ يىلى (1910 ـ يىلى) ناھىيە بازىرىنىڭ دوڭگۈەن
دېگەن يېرىدە، يېڭىسار بازىرىدا، چىدىر بازىرىدا جەمئىي يەتتە
ئورۇندا خەنزۇچە ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلغان «شۆتاڭ» مەكتەپ-
لەرنى قۇردى. دەرس بېرىدىغانلارنى «لوسى» دەپ ئاتايتتى. بۇ
مەكتەپلەرمۇ تازا مۇكەممەل ئەمەس ئىدى. بۇ مەكتەپلەردە ئاسا-
سەن ئۇيغۇر بالىلىرى ئوقۇيتتى. خەنزۇچە ئوقۇتۇش تارىخىنى
ئەسلىگەندە، ئۈچ نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا توغرا
كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى جۇكەيلى ئىسىملىك ئوقۇتقۇچى، يەنە
بىرى دەرۋىش ئىسىملىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ، يامۇلدا تەسىس
قىلىنغان «شۆتاڭ» مەكتەپتە خەنزۇ تىلى، ئەدەبىيات، جۇغراپى-
يە، تەبىئەت، ئۇيغۇر تىلى دەرسلىرىنى ئۆتەتتى. يەنە بىرى
ئىمام ئىسىملىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ، يېڭىساردا «شۆتاڭ» مەك-
تەپ ئېچىپ، ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئىدى. ھەربىر مەك-
تەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 30 ئەتراپىدا بولۇپ، 4 قارار ئوقۇش
پۈتتۈرگەن ئىدى. ئۇلار شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا
«تىلماچ» (تەرجىمان) بولۇپ ئىشلەيتتى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ
ئېچىلىشىدا مەلۇم سەۋەبلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئېچىلىشى،
مىللىي خىزمەتچى خادىملار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ يېتىلىشىدە مۇھىم
ئىجابىي رول ئوينىغان. بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇپ خەنزۇچە ساۋادى-
نى چىقىرىپ، پەننى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، بىلىم دائىرىسىنى،
نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەلۇم يېڭىچە قاراشقا ئىگە بولغان



بۇ ياشلار توپى ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇ-
رۇپ، بۇگۇرنىڭ تەرەققىياتىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان. ئۇلار-
نىڭ بەزىلىرى ئەمەلدار، بەزىلىرى ئوقۇتقۇچى، بەزىلىرى «تۇڭ-
چى» (تىلماچ، تەرجىمان)، بەزىلىرى پۈتۈكچى (كاتىپ) بول-
غان.

### 3. بۇگۇردىكى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى

مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) پۈتۈن شىنجاڭدا
كۆتۈرۈلگەن «يېڭى مەدەنىيەت» ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە سو-
ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، شېڭ شىسەي جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىرلىشىش ئاساسىدا، 1933 ـ
يىلى 12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، گومىنداڭدىن
چەك ـ چېگرا ئايرىپ، ھۆكۈمەت تەشكىللەپ ئالتە بۈيۈك سىيا-
سەتنى يولغا قويۇپ، يېڭىچە تۈزۈم ئورنىتىپ، جاھانگىرلىككە
قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىلغارلىقنى
ياقلىدى. بۇ ۋاقىتتا ناھىيىمىز بۇگۇردىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار-
نىڭ، جىگەرلىك زىيالىيلارنىڭ يېتىشىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. دەل
شۇ مەزگىلدە تەرەققىيپەرۋەر ئىبراھىم ھاجى بۇگۇرگە ھاكىم
بولۇپ كەلدى. بۇ ھاكىمنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن ئۇيغۇر
ئوقۇتقۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ناھىيىدىكى شۆتاڭ مەكتەپلەر ۋە
دىنىي مەكتەپلەر ئاساسىدا پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، مىللىي
مائارىپنى يولغا قويدى. قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى ساۋادىغا
قاراپ سىنىپلارغا ئايرىپ، كەم قىسمىنى جەمئىيەتتىن تولۇقلى-
دى؛ دەرسلىك مەزمۇنى ھېساب، ئېلىپبە، تارىخ، تەبىئەت،
خەنزۇ تىلى دەرسلىكلىرى بولۇپ، «ئاقائىت زۆرۈرىيە» قاتار-

لىق دىنىي ئەھكاملاردىن ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم دىنىي دەرس
ئۆتۈلەتتى. ئىبراھىم ھاجى يەنە مائارىپنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلا-
ھات ئېلىپ بېرىپ، دەرس تۈزۈمى، مەكتەپ ئىنتىزامىنى كۈ-
چەيتتى. ئوقۇغۇچى مەكتەپكە كەلمىسە، «گۇناھ» ئۆتكۈزسە
تارىش بىلەن ئۇرۇشنى بەلگىلىدى، تاماكا چېكىشنى، ھاراق
ئىچىشنى چەكلىدى. بىر داڭ بىلەن سىنىپقا كىرىپ، بىر داڭ
بىلەن دەرستىن چۈشۈشنى بەلگىلىدى. ھەر كۈنى سەھەردە شې-
ئىر ئوقۇپ بايراق چىقىرىشنى، كەچتە شېئىر ئوقۇپ بايراق
چۈشۈرۈشنى يولغا قويدى. ئوقۇغۇچىلار بىر پۈشتەك بىلەن سەپ-
كە تىزىلىپ كوماندا بىلەن رۇسچە مارشقا دەسسەپ ماڭاتتى. بىر
ئىككى ئۈچ دېگەننى رۇسچە دەيتتى. مارشقا دەسسەپ، جۇشقۇن-
لۇق بىلەن مېڭىپ، روھلۇق گىمناستىكا ئويناشنى يولغا قوي-
دى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆر-
نەك قىلدى. تاشكەنت، ئالمائاتادا بېسىلغان كىتابلارنى دەرسلىك
قىلدى. ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. نومۇر قويۇشتا
«بەش» لىك نومۇر قويۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى. 1934 - يىلى-
دىن كېيىن، ھەر يىلى 12 - ئاپرېل كۈنى بىر رايوندىكى
بىرقانچە مەكتەپنى بىر مەكتەپكە يىغىپ، دەرسلەردىن ئىمتىھان
ئالاتتى. يەنە نۇتۇق سۆزلەش، ھۆسنخەت يېزىش، رەسىم سى-
زىش، شېئىر ئوقۇش، گىمناستىكا ئويناش، كوماندا بويىچە
روھلۇق مېڭىش مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ نەتىجىگە ئېرىشكەن-
لەرنى مۇكاپاتلايتتى. بىر خىل كىيىم كىيگەن، ئالا كالتەك
تۇتقان «توڭزىجۇن» لەرنى تەشكىللەپ تەرتىپ ساقلايتتى. بالىلا-
رنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەم ھۆكۈمەت
ئېھتىياجى بىلەن بازاردىكى بالىلارنىڭ ياخشىلىرىنى تەشكىللەپ
يامۇلغا بېرىپ يارلىق يازاتتى، ئارخىپ رەتلەيتتى. شۇ كۈندىن



باشلاپ مەكتەپلەرمۇ ئۆزئارا رىقابەتلىشىپ ياخشى ئىشلەيتتى.
مەكتەپلەرمۇ مۇكەممەللىشىپ، قېلىپلىشىپ، تۈزۈملىشىپ،
ھەم كۆلەملىشىپ بۇگۈرنىڭ مائارىپى يېڭى قىياپەت بىلەن تەرەق-
قىي قىلدى. 1934 - يىلى بۇگۈردە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇل-
دى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە خەنزۇ ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تەرەققىيپەرۋەر،
مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەردىن مەھەممەت ئاخۇنباي، جاپپار ئەپەن-
دى، ئىمىن مۇپتى، ھاجى ھۇسەنباي، ئاخۇنقارى قاتارلىق كى-
شىلەر رەئىس بولدى. شاكىر ئەلەم ئۇيۇشمىنىڭ ئۆشرە - زاكات
مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈمەتنىڭ
ئەمىر - پەرمانلىرىنى خەلققە تەشۋىق قىلىش، مەدەنىي - مائا-
رىپ ئۈچۈن ئۆشرە - زاكات يىغىش، يەرلەرنى باشقۇرۇپ،
مائارىپ ئۈچۈن مەبلەغ جۇغلاش، مائارىپنى ئىقتىسادىي ئاساسقا
ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. 1934 ~ 1935 - يىلىغىچە
بولغان مۇشۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، بۇگۈر مائارىپى يېڭى
قىياپەت بىلەن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، بۇگۈرنىڭ يېزا قىشلا-
قلىرىدا مىللىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاممىۋى ھەرىكىتى
داغدۇغىلىق، تەشكىللىك قانات يېيىپ كەتتى، پۇقرالار مەيلى
باي، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن بەس -
بەستە پۇل، مال - مۈلۈك، ياغاچ، تاش، ئەمگەك كۈچى چىقى-
رىپ، ھەرقايسى ئايماق، بەگلىكلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەھەللى-
نىڭ ئوتتۇرىسىدىن ياخشى يەرلەرنى تاللاپ تامچى، ياغاچچى،
ئىشلەمچىلەرنى تەشكىللەپ، مەسئۇل خادىملارنى بەلگىلەپ،
مەكتەپ سېلىش، جوزا - ئورۇندۇق ياساش ئىشىغا كىرىشىپ
كەتتى. قايسى ئايماق مەكتەپ ئېچىش شارائىتىنى ھازىرلاپ
ناھىيىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ مەلۇم قىلسا، شۇ ئورۇنغا ئوقۇتقۇچى

بەلگىلەپ مەكتەپ ئېچىپ بەردى. مەكتەپ ئېچىش مۇراسىم كۈنى
شۇ يېزىدىكى خەلقلەر چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ناغرا
- سونايلارنى چېلىشىپ، ناھىيىدىن چىقىدىغان ئوقۇتقۇچى بىلەن
باشقا مېھمانلارنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى، ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئىبرا-
ھىم ھاجى باشلىق مەھەممەت ئاخۇنباي، سەيدۇللا ئەپەندى، رە-
ھىمتۇللا خەلپىتىم قاتارلىق 40 تىن ئارتۇق كىشى ئاتقا مىنىپ
تىزىلىپ، ئوقۇتقۇچىنى ياسداق ئاتقا مىندۇرۇپ، ئوتتۇرىسىغا
ئېلىپ، بوينىغا قىزىل تاۋار لاتا باغلاپ مەكتەپ ئاچىدىغان ئو-
رۇنغا ئاپىرىپ قوياتتى. ئۇ جايدا ساقلاپ تۇرغان ئامما ناغرا -
سونايلارنى ياڭرىتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، چاۋاك چېلىشىپ ئو-
قۇتقۇچىنى، مېھمانلارنى قارشى ئالاتتى. ئىبراھىم ھاجى مۇئەل-
لىمنى ئاممىغا تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، قىسقىچە سۆز قىلىپ،
مەكتە؛ ئېچىشنىڭ ئەھمىيىتىنى، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى،
ئاممىنىڭ مەكتەپلەرنى قوللىشى توغرىسىدا سۆز قىلاتتى. ئاندىن
يەنە مەكتەپكە توسقۇنلۇق قىلغان، پىتنە - پاسات تارقاتقانلارنى
قاتتىق جازالاش توغرىسىدا سۆز قىلاتتى. ئامما تارقاپ كەتكەندىن
كېيىن، مەكتەپ ئىشخانىلىرىدىكى ئوقۇتقۇچى ياتىدىغان ياتاقلار-
نى تازىلايدىغان، ئۇنىڭغا قارايدىغان، ئىشتىن خەۋەر ئالىدىغان
كىشىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرۈپ خاتىرجەم بولغاندىن
كېيىن قايتىپ كېتەتتى. ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ مۇنداق ئېتىبارغا
ئېلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، تەسىرلىنىپ ياخشى ئىشلەيتتى.
1937 - يىللىرى بۇگۇر مائارىپى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئىلگىرىلە-
ۋاتقان ۋاقىت ئىدى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ بەختىگە جۇڭگو كومپار-
تىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرىدىن چېن تىيەنچۇ، ماۋزېمىن، لىن
جىلۇ قاتارلىق كادىرلار شىنجاڭغا كېلىپ، بىرلىك سەپ خىزمە-
تىنى پۇختا قەدەم بىلەن قانات يايدۇرۇۋاتقان چاغلار بولۇپ،



ئۇلارنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدىن مائارىپتىكى توسالغۇلار ئازىيىپ
تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئىبراھىم ھاجىم
بولۇپمۇ قىز ئوقۇغۇچىلارنى پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشنىڭ
تېخىمۇ قىيىنلىقىنى ھېس قىلىپ، ناھىيىدىكى تەرەققىيپەرۋەر
يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ قىزلىرىدىن 30 نى تەشكىللەپ،
يامۇلنىڭ ئارقا ھويلىسىدا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بىر قىزلار
سىنىپى ئاچتى. ئۇلارغا ئۆزىنىڭ قەمبەرخانىم، ئەلانۇر خانىم
دېگەن قىزلىرىنى ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەپ ئوقۇتتى. بۇ سىنىپقا
يەنە رەخمىتۇللا خەلپىتىمنى مۇدىر قىلدى. كېيىن سىنىپ
«شەنلى» ئىككىنچى قىزلار مەكتىپىگە ئۆزگەردى. بۇ مەكتەپ
تاكى 1953 - يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ، شۇ يىلى بىرىنچى
باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. ھەر يىلى سىنتەبىردە
مەكتەپكە ئوقۇغۇچى «تۇتۇش» (شۇ چاغدا شۇنداق دەيتتى) ئې-
لىپ بېرىلاتتى. نامرات دېھقانلار بىلەن نامرات شەھەر ئاھالىلى-
رىنىڭ بالىلىرى ئوقۇيتتى. بايلار بىر ئامال قىلىپ، بالىلىرىنى
مەكتەپكە بەرمەيتتى. بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، شۇ
ۋاقىتتىكى ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ خۇراپاتلىق، نادانلىق تەشەببۇس-
لىرى يامراپ كەتكەن ئاشۇ جەمئىيەتتە، بىر قىزلار مەكتىپىنىڭ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئاسان ئەمەس ئىدى. ئەسەبىي كۈچلەر
شۇ ۋاقىتتا ئوقۇۋاتقان قىزلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى
ئوقۇتقۇچىلىرىنى يەكلەپ «مۇسۇلمان قىزلىرىنىڭ پەننىي مەك-
تەپتە ئوقۇشى ئۆرپ - ئادىتىمىزگە خىلاپلىق قىلغانلىق، ئىمان-
سىزلىقنى تەشەببۇس قىلغانلىق، جەدىتلىك» دېگەندەك پىتنە -
ئىغۋالارنى تارقىتىپ، بۇ يېڭى شەيئىنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇ-
ۋەتمەكچى بولغان ئىدى. لېكىن جەمئىيەتنىڭ ئىلغار كۈچلىرى
ۋە ناھىيىنىڭ ھاكىمى بولغان ئىبراھىم ھاجىدىن ئىبارەت كۈچ-

لۇك ئارقا تىرەك بولغاچقا، بۇ ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ يامان
غەرىزى ئىشقا ئاشمايلا قالماستىن، قىزلار مەكتىپى بارغانچە
روناق تېپىپ تەسىرى كېڭەيدى، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ
1939 ـ يىلىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە ئۆزلۈكىدىن تىزىملى-
تىپ مەكتەپكە كىرگەن قىزلارنىڭ سانى 707 دىن ئېشىپ كەت-
تى. ئاشۇ قىسقىغىنە جەرياندا ناھىيىنىڭ ھەممە يېزىلىرىدا پەن-
نىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، ئاساسەن ئومۇملىشىپ، ئوقۇتقۇچىلار
ۋە شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى سايلاپ
چىقىلدى. دەرسلەر ئاۋۋال قۇرۇلغان مەكتەپلەرنىڭكىنى ئۆرنەك
قىلىپ، شۇ ئاساستا تەرتىپلىك ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. مۇتلەق
كۆپچىلىك ئاما ئۆز يېزىسىدا مەكتەپ ئېچىلغانلىقىدىن بەكمۇ
ئېپتىخارلىناتتى. بۇ ئىش خەلقنىڭ كۆڭلىگە تازا ياققان ئىدى.
مەكتەپ ئېچىش قەدىمى بىلەن تەڭ تەشۋىقات ـ تەربىيە ئىشىمۇ
ماسلاشتۇرۇلۇپ ئېلىپ بېرىلدى. مەكتەپ ئېچىش مۇراسىم كۈ-
نى ئالدىن پىلانلىنىپ شۇ يېزىدىن تەشكىللەنگەن تەشۋىقات ئەترى-
تىدىكىلەر رەتلىك كىيىنىپ ھۆرمەت قەدەم بىلەن ھەيۋەتلىك
مەيدانغا كىرگەندە، خەلق چاۋاك چېلىشىپ، تۈنۈگۈنلا تويغا
مىنىپ ئويناپ يۈرگەن بالىلىرىنىڭ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ
مەكتەپكە كىرىپ مۇشۇنداق جانلىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ
ھاياجىنىنى باسالماي قېلىشتى. ئۇ بالىلار بىر دەم مارشقا دەس-
سەپ جۇشقۇن گىمناستىكا ئوينىغاندىن كېيىن، ئۆز ئورنىدا
تۇرۇپ بۇ مارشنى ئېيتاتتى:

بىز مۇئەللىم بۇ يۇرتتا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقنىڭ بېشىغا نۇرلار چاچىمىز،
ماڭغان يولىمىز بىزلەرنىڭ سائادەت يولى،



يۇرتىمىزدا ئېچىلغان مەرىپەت گۈلى.

«ئەزدى، ئەزدى، دۈشمەن ئەزدى، يۇرتىمىزدا خەلقنى ۋەي-
ران ئەيلىدى» دېگەن مارش بىلەن ئۇلارنىڭ چاققان ھەرىكىتى
كىشىلەرنى ھاياجانغا سالغانلىقتىن، ئۇلار تارقىماي چاۋاك چې-
لىپ تۇرۇۋالاتتى، بالىلار يەنە باشقا بىر مارشنى ئورۇنداپ بېرەت-
تى، بۇ خىل تەشۋىقاتلار خەلقنىڭ يېڭى مائارىپقا بولغان ھېسسى-
داشلىقىنى قوزغىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بالىلارنىڭ مەسئۇلىيەت
تۇيغۇسىنى قوزغاپ مىللىي روھنى ئۇرغىتاتتى. خىزمەتلەر كۆپ
تەرەپتىن ئەتراپلىق ئىشلەنگەچكە، مەكتەپلەر تەرەققىي قىلىپ
1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 20 گە، سىنىپ سانى 55 كە،
ئوقۇغۇچىلار سانى 1650 كە يەتتى. بازاردىكى 1 ـ 2 باشلانغۇچ
مەكتەپ، چۈمباق مەكتەپ، يېڭىسار بازار ئىچىدىكى ئوغۇللار
مەكتىپى، چېدىر مەكتەپ قاتارلىق ئالتە مەكتەپتىكى 18 سى-
نىپ، 540 ئوقۇغۇچى ھۆكۈمەت تەمىناتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى،
بۇنى «شەنلى» مەكتەپ دەپ ئاتىدى. قالغان 14 مەكتەپ 37
سىنىپ، 1110 ئوقۇغۇچى «خۇيلى» مەكتەپ دەپ ئاتىلىپ تاكى
ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇپ راسخوت
بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. «شەنلى» ۋە «خۇيلى» مەكتەپلىرىنىڭ
بارلىق ئوقۇتقۇچىلىرى 76 نەپەرگە يەتتى. 1935 ـ يىلى ھۆكۈ-
مەت قارمىقىدا مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلغان ئىدى. بۆلۈم ئىچىدە
ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارمىقىدا يەنە مۇپەتتىشلىك ئورنى تەسىس
قىلىنغان بولۇپ، مائارىپ بۆلۈمىگە دەسلەپتە مابوشەن، كېيىنچە
جۇۋىنشى، سايىت قاسىم، ئەمەت ئىبراھىم قاتارلىق كىشىلەر
بۆلۈم باشلىقى بولدى. بۇ ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنغاندىن كې-
يىن، مائارىپنى مەمۇرىي جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇپ، كەسپىي

جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش تېخىمۇ چىڭ تۇتۇلدى. شۇڭا مۇشۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغان بىر قىسىم ياشلار ئازادلىقتىن كېيىن قىسقا مۇددەت تەربىيە كۆرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمىتىمىز تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش»، «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش»، «يەر ئىسلاھاتى» قاتارلىق دېموكراتىك ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىپ، قالتىس ئىشلەپ ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسەتتى. بۇ ھەرىكەتلەر ئورۇندالغاندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىملىرىنى تاللاپ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى تولۇقلىدى. ئۇلاردىن بىر قىسمى ناھىيىدىكى ئىدارىلەردە تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئىشلىدى ۋە ھاكىم ھەتتا ۋالى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ تۆھپىلەرنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ يېشى توشۇپ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، كۆپ قىسمى ئالەمدىن ئۆتتى. ئاز بىر قىسمى ئاخىرقى ئۆمرىنى بەختلىك ئۆتكۈزمەكتە.

## 4. پېشقەدەم مائارىپچىلار

ئەينى چاغلاردىكى بۇگۈر مائارىپىغا زور تۆھپە قوشقان مائارىپچىلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

سەيدۇللا ئەپەندى، جاپپار ئەپەندى، تۇرسۇن ئەپەندى، سىدىق شاكىروف ئەپەندى، نۇر سەلىم ئەپەندى، ئابدۇراخمان خوجى ئەپەندى، ئەمەت داۋۇت ئەپەندى، سەيدىن تالىپ ئەپەندى، سۇلايمان بارات ئەپەندى، يۇسۇپ ئىسمايىل ئەپەندى، ئىمرەمزە مۇھەممەت ئەپەندى، مەترېھىم ئىسلام ئەپەندى، مىجىت روزى ئەپەندى، ئىسمايىل ئىلى ئەپەندى، ئابلا خەلپىتىم، قەمبەرخانىم، ئەلانۇرخانىم، سىدىق تاجى ئەپەندى، ئابلەت ئەپەندى، تۇرسۇن



ئۆمەر ئەپەندى، ئەمەت ئەپەندى، مابوشەن ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، توختىخان ئىسلام خانىم، مۇھەممەت ھاشى ئەپەندى، ئىبراھىم باقى ئەپەندى، ئابدۇقادىر ھاشىم ئەپەندى، شۈلى ئەپەندى، كۆرەي ئەپەندى، جۇجاگرو ئەپەندى قاتارلىقلار. دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ھەرقايسى مەكتەپ يۇقىرى يىللىق سىنىپلىرىدا ياخشى ئوقۇغان ئەلىيۇل ئەلالىردىن 10 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئۈرۈمچى 2 ـ دارىلمۇئەللىمىنگە، 6 نەپەر ئوقۇغۇچىنى قارا شەھەر دارىلمۇئەللىمىنگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەپ كەلدى. دارىلمۇئەللىمىنگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەپ كەلگەنلەر كەرەم سالى ئەپەندى، سابىرجان ئەپەندى، جېلىل تۆمۈر ئەپەندى، ئابدۇراخمان توختى ئەپەندى، سايىت قاسىم ئەپەندى، قادىر قۇربانوف ئەپەندى، ئىمرەمزە ئابدۇلھەق ئەپەندى، رەخمىتۇللا ئىسمايىل ئەپەندى، ئىسمايىل ئىبراھىم ئەپەندى، قاسىم سالى ئەپەندىلەر ئىدى. قاراشەھەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ كەلگەنلەر بايىز ئەپەندى، ئەمەت ئىبراھىم ئەپەندى، روزىخان موللا خانىم، تۇخان ئىسلام خانىم، رابىيخان خانىم، ئايىمخان تېۋىپ خانىم قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار مائارىپنى قىزغىن سۆيىدىغان تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ۋە مائارىپ ئۈچۈن كۆپ ئەجىر قىلغانلار ئىدى، شۇڭا خەلق ئۇلارنى تا ھازىرغىچە ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

يەنە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارمىقىدا سانائى نەپىسە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇللۇقىنى سىدىق شاكۇرۇف ئۈستىگە ئالغان، ئۇ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، تىرىشچان كىشى ئىدى. سانائى نەپىسەنىڭ قابىل ئارتىسلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يەنىلا ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، ئۇلار كۈندۈزلىرى مەكتەپتە دەرس ئۆتسە، ئاخشىمى رەپىتىس قىلىپ، «غېرىپ ـ سەنەم»، «رابىئە ـ سەئىدىن» قاتارلىق ئوپېرالارنى ئوينىغاندىن سىرت، ياپون جاـ

هانگىرلىكگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان «كۈرەش قىزى»
، «شاڭخەي كېچىسى» ، «لۇگوچىياۋ ۋەقەسى» قاتارلىق سەھنە
ئەسەرلىرىنى تەييارلاپ خەلققە كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا دۈش-
مەن ئىشپىيونلىرىنى قاتتىق سۆكۈپ، لۈكچەكلىك، ئوغرىلىق،
قىمارۋازلىق، نەشىخورلۇق، كۆپ نىكاھلىق بولۇش، پاھىشۋاز-
لىق، داخانلىق، رەمباللىق، پېرىخۇنلۇق قاتارلىق يامان ئىللەت
ۋە خۇراپاتلىقلارنى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ سۆكىدىغان دراما،
ئېپىزوتلارنى ئوينىغان ئىدى. مائارىپنى، پەن - تېخنىكىنى
مەدھىيىلەيدىغان، نامراتلارغا ياردەم بېرىدىغان، ئەمگەكنى سۆيە-
دىغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان، ياخشى ئىشلارنى تەشەببۇس قىلىدى-
غان ۋەقەلەرنى ئۆزى يېزىپ، ئۆزى سەھنىلەشتۈرۈپ ئويناپ،
ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. بۇ بىر تەرەپتىن
جانلىق ۋە ئوبرازلىق تەشۋىق قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئامما-
نىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقان، جەمئىيەتتىكى يامان ئادەم-
لەرنى ساراسىمىگە سېلىپ قويغان ئىدى. يامان ئىشلار ئازىيىپ
كەتكەن بولۇپ، جەمئىيەت كەيپىياتى ياخشىلانغان ئىدى. بازارلا-
دا بولسا بىر خىل كىيىم كىيگەن «تۇڭگىزجۇن» لەرنى تەشكىل-
لەپ، ھەر جۇمە كۈنى كوچىغا ئېلىپ چىقىپ، جۇشقۇن كەيپە-
ياتتا جاراڭلىق مارش ئېيتىپ، رەتلىك گىمناستىكا ئويناپ،
يامان ھەرىكەتلەرنى قاتتىق سۆكۈپ، ھەتتا يامان ئادەملەرنى تۇتۇ-
ۋېلىپ ئەدىبىنى بەرگەن ئىدى. يېزا مەكتەپلىرى كىيىمنى بىر-
لىككە كەلتۈرەلمىسىمۇ، دەپتەر، سومكىلىرىنى كۆك ماتادىن
تىكتۈرۈپ ئۈستىگە بىر خىل قىزىل بەلگىلەرنى قويغان سومكىلا-
رنى ئاستۇرغان، بۇنى كۆرگەن ئامما ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ھۆرمەتلە-
گەن ئىدى. شەھەرلەردىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلارنى



ھۆرمەتلەپلا قالماستىن، يېزىلاردىكى بەگلەرمۇ ئوقۇتقۇچىلارنى
«تۆر» گە تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزغان، يامان ئادەملەر ئوقۇت-
قۇچىلاردىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى. 1938
- يىلى ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغاندا بۇگۇردى-
كى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار قاتتىق غەزەپكە كېلىپ قوزغىلىپ،
تەشكىللىك ھالدا نامايىش قىلىپ، «پۇل، مىلتىق، كۈچ چىقىد-
رىپ، ئالدىنقى سەپكە بارايلى، دۈشمەن كۈچى ھەرگىزمۇ يەت-
مەس بىزلەرگە، ئىتتىپاقلىقنى چىڭتايلى ھەرقاچان» دېگەن
شوئارنى توۋلاپ، ھەر جۈمە كۈنى كوچا ئويۇنى تەييارلاپ ياپون
جاھانگىرلىكىگە قارشى ھەجۋى ئويۇنلارنى كۆرسەتتى. يەنە ھا-
زىرقى دۆلەت شېئىرى بىلەن ھازىرقى ئىنتېرناتسىئونال مارشى-
نى ياڭرىتىپ، خەلق كۆڭلىنى لەرزىگە سالغان، ۋەتەننى قوغ-
داشقا چاقىرىپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش روھىدا تەشۋىقات
ئېلىپ بارغان ئىدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى)
8 - ئايدا بۇگۇر خەلقى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا
ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئىئانە توپلاپ «بۇگۇر» ناملىق بىر ئايرو-
پىلان تەقدىم قىلىش ھەرىكىتىدە ھەربىر مەكتەپ، ھەربىر ئوقۇت-
قۇچى ھەتتا ئوقۇغۇچىلارغا قەدەر ئىئانە بېرىش ھەرىكىتىگە ئاك-
تىپلىق بىلەن قاتناشقان ۋە خەلق ئاممىسىغا تۈرلۈك يوللار
ئارقىلىق تەشۋىق قىلىپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئالدىدا ماڭغان ئىدى.
بۇگۇر خەلقى جۈملىدىن بۇگۇر مائارىپچىلىرى پۈتۈن مەملىكەت-
تىكى ۋەتەنپەرۋەر ئامما بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، بىر سەپتە
تۇردى. تەشۋىقاتلار جانلىق، ئوبرازلىق، قىزىقارلىق ئېلىپ بې-
رىلدى. شەھەرلەردە بولسا بازار كۈنى ئويۇن تەييارلاپ، كوچىدا
ئويۇن قويسا، يېزىلاردىكى مەكتەپلەر ئويۇن تەييارلاپ، ئاممىنى
مەكتەپكە يىغىپ، ئويۇن قويۇپ تەشۋىق قىلدى. 30 ~ 40 قىچە

ئوقۇغۇچىنى بىر خىل چىرايلىق كىيىندۇرۇپ، ياخشى تەييارلىق
قىلىپ، ھەربىر ئوقۇغۇچىغا 12 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىككى
ئۇچى توم، ئوتتۇرىسى ئىنچىكە ئىككىدىن توقماق تەييارلىتىپ،
مارشقا كەلتۈرۈپ بېشىدىن، ئالدى ـ كەينىدىن پۈت ئارىلىقىدىن
ئۆتكۈزۈپ بىر ـ بىرىگە «قارس ـ قارس» قىلىپ قاتتىق ئۇرۇپ
تۇرۇپ بۇ مارشنى ئوقۇيتتى:

ئاچكۆز جاھانگىر يوقال جۇڭگودىن،
جۇڭگودا سېنىڭ گۆرۈڭ قېزىلدى.
جۇڭگودا تۆت يۈز ئەللىك مىليون خەلق،
سېنى يوقىتىشقا چىڭ بەل باغلىدى.
يوقىتىمىز، يوقىتىمىز سەن دۈشمەننى قويماي-
مىز،
جۇڭگونى ئازاد قىلىپ ھۆر ياشايمىز.

بۇ خىلدىكى مارشلار جۇڭگو خەلقىنىڭ جاسارىتى، ئىرادى-
سىنى ئىپادىلىسە يەنە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ رەزىللىكىنى ئوب-
رازلىق، مەزمۇنى چوڭقۇر، ھەرىكىتى قىزىقارلىق ئويۇن شەك-
لىدە تەشۋىق قىلدى، ئاما ئۇنىڭدىن بەك رازى بولۇپ، جىق
نەپ ئالغان ئىدى. ئاما «يەنە بىر قېتىم، يەنە بىر قېتىم» دەپ
چاۋاك چېلىپ تۇرۇۋالاتتى. باللار بەك چارچاپ كەتكەن بولسى-
مۇ، خۇشال ھالدا يەنە بىر قېتىم ئويناپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن
مائارىپنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى كېڭىيىپ، مەكتەپلەر تېز
تەرەققىي قىلىپ، 1943 ـ يىلىغا كەلگەندە مەكتەپ 20 گە،
سىنىپ 63 كە، ئوقۇغۇچى سانى 2344 كە، ئوقۇتقۇچىلار 73
كە يەتكەن ئىدى. مەكتەپ سانى كۆپەيمىگەن بولسىمۇ، ھەربىر
سىنىپتىكى ئوقۇغۇچى كۆپىيىپ، بۇرۇنقى مۇرەككەپ سىنىپ،
قوشما سىنىپلار ئازىيىپ، سىنىپلار يىللىقلار بويىچە مەخسۇسلى-



شىپ، ئوقۇتۇش تېخىمۇ قېلىپلىشىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۆس-
تى، ئوقۇغۇچىلارمۇ تېز كۆپىيىشكە باشلىدى. مائارىپنىڭ ئو-
قۇتقۇچىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، جايلاردى-
كى مەكتەپلەردىكى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن
ئەلالىرىنى تالLAP قىسقا مۇددەت ئىچىدە تەربىيىلەپ، ئوقۇتقۇچى-
لىققا بەلگىلەندى. باۋدۇن قاسىم، قۇربان ئابدۇراخمان، مۇتەل-
لىپ تۇردى، ئىلى قۇربان، نىياز توختى، ئابدۇراخمان ئابدۇل-
لا، ھىدەيتۇللا ستى، ئابدۇراخمان ئىبراھىم قاتارلىق 30 دىن
ئارتۇق ياش ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلىنىپ، جايلارغا ئەۋەتىلگەن
ئىدى. بۇ مەزگىلدە دىنىي مەكتەپلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇۋەردى، لېكىن پەننىي مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى،
تەسىرىنىڭ بارغانچە كېڭىيىشىگە، رولىنىڭ بارغانچە چوڭىيىشى-
غا ئەگىشىپ، دىنىي مەكتەپلەردىن پەننىي مەكتەپلەرگە ئالمى-
شىپ ئوقۇيدىغانلار يىلمۇيىل كۆپەيدى. بۇرۇن دىنىي مەكتەپلەر-
دە ئوقۇغۇچىلار ئۇستىگە ئېلىپ كەلگەن خەت ـ چەك يېزىش
ۋە بىر قىسىم ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئەمدى پەننى مەكتەپتە ئوقۇ-
غانلار ئۇستىگە ئالدى. پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئىناۋىتى بارغانچە
ئۆستى. ئوقۇغۇچىلار پەندىنپەي كۆپىيىشكە باشلىدى.

## 5. يېڭى مائارىپنىڭ چېكىنىش باسقۇچى

1943 ـ يىلنىڭ ئاخىرى شېڭ شىسەي بىر كېچىدىلا نىقابى-
نى يىرتىپ تاشلاپ ياۋۇز ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى، كومپارتىيە
بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنى چۆرۈ-
ۋېتىپ، ئالتە بۈيۈك سىياسەتتىن ۋاز كېچىپ، گومىنداڭنىڭ
قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئىبلىس قولىنى كوممۇنىستلارنى، ئىلغار

ياشلارنى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى، تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى، پۇلدار بايلارنى قىرغىن قىلىشقا قاراتتى. پۈتۈن شىنجاڭنى قارا تۇمان، تېررورلۇق قاپلاپ كەتتى. بۈگۈردىمۇ 10 دىن ئارتۇق ئادەمنى شىڭ شىسەي تۇتۇپ سولىدى. بەزىلىرى ئىز دېرەكسىز يوقالدى. مائارىپچىلارنى ئۈچ ۋىلايەتتىكىلەر بىلەن مەسلەكداش دەپ گۇمان قىلىپ ئارقىسىغا ئايغاقچى سېلىپ قويدى. ئوقۇتقۇچىلار دەككە - دۈككىدە قېلىپ، ئۆيىدە قونۇشقا جۈرئەت قىلالماي، كېچىلىرى پۇقرالارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ، جېنىنى ساقلىدى. بەزى مەكتەپلەر تاقالدى، ياكى سانى ئازلاپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى تارقىتىپ بېرىلمىدى. بىر ئايلىق مائاشقا بەش جىڭ سۇ ماي كېلەتتى. ماددىي نەرسىلەر يوقاپ كەتتى، باھا ئۆرلەپ كەتتى، پۇل پاخاللاشتى. گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرى مەكتەپلەرنى گازارمىغا، چۈشكۈنخانىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. تاشكەنتتە بېسىلغان كىتابلارنى مەنئى قىلدى، يېڭى كىتاب تارقىتىپ بېرىلمىدى. ئوقۇتقۇچىلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشتى. مائارىپ خارابلىشىپ 1948 ~ 1949 - يىللىرىغا كەلگەندە مەكتەپلەر 14 كە، ئوقۇتقۇچىلار 63 كە، ئوقۇغۇچىلار 1667 گە چۈشۈپ قالدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1943 - يىلى) ناھىيىدىكى بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ ئىچىدە بىر خەنزۇچە مەكتەپ قۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلىرى 40 نەپەر بولۇپ ئىككى سىنىپ ئىدى. مۇدىرى ۋاڭ فاڭجىيەن ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە دىنىي كۈچلەر باش كۆتۈرۈپ دىنىي مەكتەپلەر 29 غا، تالىپلىرى 710 غا يەتتى. بۇ مەزگىللەردە ئوقۇتقۇچىلار سىياسىي جەھەتتىن تايانچىسىز، ئىقتىسادىي جەھەتتىن كاپالەتسىز، كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىسىز، نىشانسىز ھالەتتە جىددىيلىك ئىچىدە قالدى. ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، ئوقۇتقۇچىلار خورلى-



نىشقا باشلىدى. تېخى بۇنى ئاز دەپ 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە گومىنداڭنىڭ بۈگۈردىكى 382 - تۇەن ئەسكەرلىرى بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئوت قويۇپ 30 نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، 81 نەپەر ئادەمنى يارىدار قىلىپ، 42 ئېغىزلىق ئۆينى كۆيدۈرۈپ، دۇكانلارنى، خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاپ، خوتۇن - قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، كۆپ مىقداردا ئالتۇن - كۈمۈش، ئاشلىق، مال - مۈلۈك چارۋىلىرىنى بۇلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئۈركۈپ قورقۇپ كەتكەن پۇقرالار بالىلىرىنى ئېلىپ جاڭگاللارغا، تاغلارغا ۋە باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالغانلىقتىن مەكتەپلەر تاقىلىپ قالدى. مال - مۈلۈكلەر يوقىلىپ زىيانغا ئۇچرىدى. لېكىن كەڭ مائارىپچىلار زوراۋانلىق، قاراڭغۇلۇق ھامان تاڭ نۇرىغا ئورۇن بېرىدۇ دەپ قاراپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۈتكەن كۈنى ئاخىرى يېتىپ كەلدى. 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» مارشىنى ئېيتىپ بۈگۈر بازىرىدىن ئۆتتى. بۈگۈردە تاڭ ئاتتى، قۇياش ئىللىق نۇرىنى كەڭ زېمىنغا چاچتى، كەڭ ئامما، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار بىر بىرلەپ قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. مەكتەپلەرمۇ ئېچىلىشقا باشلىدى. مائارىپچىلارنىڭ يۈزلىرىدە تەبەسسۇم كۈلكىلىرى پەيدا بولدى. مائارىپچىلارنىڭ ئاشۇ ئازاتلىق ھارپىسىدىكى قىيىنچىلىقنى، ئاشۇ دىشۋارچىلىقنى يەڭگەن روھىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئىككىنچى ئەۋلاد پېشقەدەملەر: بايىزنىياز ئەپەندى، ئىسمايىل ئوسمان ئەپەندى، مەمتىمىن يۇنۇس ئەپەندى، ياسىن نىياز ئەپەندى، ئوبۇلقاسىم ئەپەندى، روزى ئېلى ئەپەندى، كېرەم ھوشۇر ئەپەندى، زۇنۇن ئوسمان ئەپەندى، ئاب-

دۇراخمان ئىسلام ئەپەندى، ئوسمان ئۆمەر ئەپەندى، زورەم قىيىم خانىم، ئوسمان ناسىر ئەپەندى، قادىر نۇر ئەپەندى، ئەمەت تۇردى ئەپەندى، غوجى سۇلايمان ئەپەندى، قۇربان ئابدۇراخمان ئەپەندى، ئابدۇرېھىم كەرەم ئەپەندى، ئىمىن تۇردى ئەپەندى، ۋاڭ فاڭجەن ئەپەندى، تۇردى شاۋان ئەپەندى. بۇلار ئىككىنچى ئەۋلاد كىشىلەر بولۇپ، مائارىپ ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئىشلەپ تۆھپە قوشۇپ، تېگىشلىك ئىشنى ئىشلىدى. ھازىر 1 ـ ئەۋلادنىڭ ھەممىسى 2 ـ ئەۋلادنىڭ كۆپ قىسمى ئالەمدىن ئۆتتى. پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكىدە ئۇلاردىن ئاز بىر قىسمى تەۋەرۈك ئورنىدا ئاخىرقى ئۆمرىنى بىز بىلەن خاتىرجەم، شات ـ خۇرام، بەختلىك ئۆتكۈزمەكتە.

## بۈگۈر مائارىپىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تەرەققىياتى

بۈگۈر مائارىپىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تەرەققىياتىنى بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، يېڭى جۇڭگو بارلىققا كەلدى. خەلق ئازادلىققا ئېرىشىپ چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ساۋاتسىز ئەلدە سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ (شۇ چاغدا شۇنداق چاقىرىق بار ئىدى) خەلق بالىلىرىنى مەكتەپلەرگە ئەكېلىپ بەردى. ئۆزلىرى بولسا، كەچ كۇرۇستا ئوقۇپ ساۋادىنى چىقىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن مائارىپ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا كىردى.



## 1. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

1950 ـ يىلدىن باشلاپ مائارىپ خىراجىتىنى دۆلەت ئۈستىگە ئالدى. مائارىپ ھۆكۈمەتنىڭ كەسپىي ئورگىنىغا، ئوقۇتقۇچىلار دۆلەت كادىرلىرىغا ئۆزگەردى. شۇ يىلى ئوقۇتقۇچىلار مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ساڭ گوجىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئالتە كۈن پىيادە يول يۈرۈپ، كورلا شەھىرىگە بېرىپ 40 كۈن سىياسىي، كەسپىي ئۆگىنىشكە قاتناشتى. ئەخلاق، مەدەنىيەت، كەسپىي جەھەتتىن لاياقەتسىز بولغان 20 كىشىنى شاللىۋېتىپ ئورنىغا جەمئىيەتتىن ھەم باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىدىن 20 دىن ئارتۇق مۇنەۋۋەر ياشلارنى تاللاپ قوشۇننى تولۇقلىدى. 1951 ~ 1952 ـ يىللىرى ئۇدا قاراشەھەرگە بېرىپ (ۋىلايەت مەركىزى ئىدى) سىياسىي ئۆگىنىش، ئىستىل تۈزۈتۈش ئېلىپ باردى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تونۇشى ئۆستۈرۈلدى. خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت تەلىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، خەلق ھۆكۈمىتى قارا شەھەر دارىلمۇئەللىمىنگە ئۈچ قارار ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ تەربىيىلىدى. مائارىپ قوشۇنىدا كومپارتىيە تەربىيىلىگەن بىرىنچى ئەۋلاد زىيالىيلارنى يېتىشتۈردى. ئۇلار مائارىپقا يېڭى قان بېرىپ جانلاندۇردى، ئۆگەنگەن ماركسىزملىق دىئالېكتىكا، ماتېرىيالىزملىق پەن ـ مەدەنىيەت كەسپىي بىلىملىرى بىلەن بۈگۈر مائارىپىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. پېشقەدەملەردىن تەجرىبە، ئەمەلىيەت ئۆگەندى، ھەم ئۇلارغا فېئوداللىق ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىنى سۆيۈش، ئوقۇغۇچىغا كۆيۈنۈشنى، ئۇلارنى ئۇرماسلىق، تىللىماسلىق، خورلىماسلىقنى ئۆگەتتى، ھەم ئۆزلىرى ئۈلگە بولدى. 1955 ـ يىلدىن ئىلگىرى دەۋر بۈگۈر مائارىپىدا قىيىنچىلىق بىرقەدەر

ئېغىر، تۇرمۇش تەمىناتى تۆۋەن، شارائىتى بىرقەدەر ناچار بولـ
غان ئۆتكۈنچى دەۋر بولۇپ، بۇگۇر سوتسىيالىستىك مائارىپنىڭ
ئۇل قۇرۇلۇشى سېلىنغان، سوتسىيالىستىك مائارىپنىڭ شەكىلـ
لىنىش، تەرەققىي قىلىش باسقۇچى ئىدى. شۇ چاغدىكى ئوقۇتقۇـ
چىلار ۋەكىللىرىدىن: داۋۇت قاسىم، جۇمە ستى، نەمەت مەـ
مەت، ئانارخان تۇردى، ئاۋۇت ياقۇپ، ياقۇپ هاپىز، نۇرخان
سادىق، سەيپىدىن نىياز، قادىر ناسىر، ئابدۇلىم مامۇت، توختىـ
خان هاپىز، تىلىۋالدى هالىم، ئىبراهىم مەمتىمىن، قادىر
ئىسلام، قاسىم سابىت، ياسىن سالى، خەلچەم ستى، ئىمىن
ياقۇپ، ئېيسا ئىلى، شاكىر تايىر، زىننەتخان ئەمەت، هىمىت
نەزەر، زەينەپخان ناسىر، سىدىق هىيىت، قۇربان روزى، زورەم
شەمشى قاتارلىقلار ئىدى. بۇلاردىن باشقا ياسىن ئەمەت، هۇسەن
رېهىم، مامۇت ئەهمەت، هامۇت ئىسمايىل، مەهەممەت ياسىن
قاتارلىقلار كېيىن مەمۇرىي خىزمەتكە يۆتكىلىپ كەتتى. يەنە جاڭ
يەنشىڭ، شۇ يىڭخا، جىڭ رۇچىن، شەن لىڭ، ۋاڭ چاڭخەي،
ۋولىڭشىڭ، سوشۇيىڭ، دىڭ شاڭشىڭ، جىڭ ساڭجۇ، جاڭ
فاروڭ، دوڭ شۇلەن، جاڭ شىڭفا قاتارلىقلار بولۇپ، يۇقىرىقىـ
لار خىزمەتنى بېرىلىپ، ئىجتىهات بىلەن ئىشلەپ، باشقىلارغا
ئۈلگە بولۇپ، يول ئېچىپ تېزلىكتە بۇگۇر مائارىپىنىڭ تۇۋرۇـ
كىگە ئايلاندى. ئۇلار نەدە قىيىنچىلىق بولسا شۇ يەرگە، قەيەردە
يۇقىرى يىللىق سىنىپ بولسا، شۇ جايغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق
قىلدى. 1 يىلدىن 3 يىلغىچە كۆپ قىسمى مەكتەپ مۇدىرى،
ئىلمىي مۇدىر، سىنىپ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئىشلىدى.
بۇگۇر مائارىپىنى جانلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرـ
دى، پېشقەدەملەرگە تۈرتكە بولۇپ، ئۇلارنىمۇ ئويغاتتى. ئۇلار
بۇ يېڭى كۆچلەردىن ئەخلاق، مەنىۋى روھ، مەدەنىيەت بىلىمى



ئۆگەندى، كونا جەمئىيەتتىن يۇقتۇرۇۋالغان ناچار ئىللەتلەرنى
ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. 1950 ـ يىلدىن باشلاپ، ئوقۇتقۇچىلارـ
مۇ دۆلەت كادىرى، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى هېسابلىنىپ، سىياـ
سىي ۋە تەشكىلىي جەهەتتىن كاپالەتكە، ئىقتىسادىي جەهەتتىن
مۇقىم كىرىمگە ئېرىشتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كونكرېت شەرتىگە
قاراپ، هەربىر ئادەمگە مائاش تارقىتىپ بەردى. ئوقۇتقۇچىلارغا
28 يۈەندىن 42 يۈەنگىچە مائاش بېرىلدى. 1954 ـ يىلدىن
كېيىن مائارىپ سىستېمىسى 8 دەرىجىلىك ئىش هەققى تۈزۈمىگە
ئۆزگەرتىلىپ، تاكى 1965 ـ يىلغىچە 60 يۈەندىن 80 يۈەنگىچە
مائاش بېرىلدى. بۇ پۇل كۆپ بولمىسىمۇ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە
بولدى. كۆپ نوپۇسلۇقلارغا هەر پەسىلدە قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى
بېرىلەتتى. هېچكىم غەم قىلماي، ئاغرىنماي تىرىشىپ ئىشلەيتـ
تى. دەرسلىك سوۋېت ئىتتىپاقى نۇسخىسى بولۇپ، 4 يىللىق
تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ماس تۈزۈلگەن، تاشكەنت ۋە
ئالمۇتىدا بېسىلغان كىتابلار ئىدى. 1956 ـ يىلدىن كېيىن
سوۋېت نۇسخىسىدىكى كىتابلار ئىشلىتىلىشتىن توختىتىلىپ،
خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان ياكى يېڭىدىن تۈزۈلگەن ئۆزىمىزـ
نىڭ دەرسلىك كىتابلىرى قوللىنىلدى. شۇنىڭ بىلەن «5» لىك
نومۇر قويۇش 100 لۈك نومۇر قويۇشقا ئۆزگەرتىلدى. دەرس
ئۆتۈش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگەردى. 1966 ـ يىلدىن باشلاپ مىللىي
باشلانغۇچ مەكتەپلەر تۆت يىللىقتىن بەش يىللىققا، خەنزۇ باشلانـ
غۇچ مەكتەپلەر ئالتە يىللىقتىن بەش يىللىق تۈزۈمگە ئۆزگەرـ
دى. 1981 ـ يىلغا كەلگەندە مىللىي، خەنزۇ مەكتەپلەر بىردەك
ئالتە يىللىق تۈزۈمنى قوللاندى. ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت
بويىچە ئوقۇتۇش پروگراممىسىدىكى دەرسلەر ئاساسىي جەهەتتىن
بىرلىككە كېلىپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنىمۇ پەيدىنپەي بىرلىككە كەلـ

دى. 1956 ـ يىلى ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ،
سىلاۋيان يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى قوللىنىلدى.
1970 ـ يىلى لاتىن يېزىقى ئاساسىدا ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى قوللىـ
نىلدى. 1986 ـ يىلىدىن كېيىن بۇ يېزىقمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇ-
لۇپ، يەنە بۇرۇنقى ئۇيغۇرچە كونا يېزىققا كۆچتۇق. 1968 ـ
يىلى «ئىككى پۇت بىلەن مېڭىش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، كۆپ
قىسىم يېزا باشلانغۇچ مەكتەپلىرى خەلق باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ
بېرىلىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن، يەنە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا
ئۆزگەرتىلدى. 1962 ـ يىلى مەملىكەت خاراكتېرلىك قۇرغاقچىـ
لىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، خەلق ئىگىلىكى تەڭشەلگەندە، 13
سىنىپ، 5205 نەپەر ئوقۇغۇچى، 168 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىخچامـ
لىنىپ يېزا ئىگىلىكىگە چۈشۈرۈلدى. 10 يىل داۋاملاشقان مەدەـ
نىيەت زور ئىنقىلابى ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، مائارىپ
ئىشلىرىغا تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيانلارنى كەلتۈردى. 11 ـ نۆۋەتـ
لىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، ۋەزىيەتتە تۈپتىن ياخشىـ
لىنىش بولۇپ، 1958 ـ يىلى ۋە 1966 ـ يىللىرىدىكى ئىككى
قېتىملىق ھەرىكەتتە ئازار يېگەن زىيالىيلار بىر ـ بىرلەپ سۈ-
رۈشتۈرۈلۈپ، مەركەزنىڭ ئەۋزەل سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىـ
دە، خاتا، ناھەق، ئۆۋال قىلىنغان ئەنزىلەر ئاقلىنىپ، خىزمەـ
تى، مائاشى، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، پارتىيىنىڭ مېھىر
ـ شەپقىتى يەتكۈزۈلۈپ، غەمخورلۇققا ئېرىشتى. بۇ خىل سىياـ
سەت ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىگە تازا ياقتى. شۇڭا پارتىيە ئەزالىـ
رى، كادىرلار، زىيالىيلار، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭلى ئەمىن
تېپىپ، بوينى تاشلىۋېتىپ، يېنىكلەپ، سەپكە ئاتلىنىپ يېڭى
ۋەزىيەتتە يېڭى ۋەزىپىلەرنى كۈتۈۋېلىپ، تازا ئىجتىھات بىلەن
ئىشلەپ، پارتىيىمىزنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىـ



كىدە، ھەممە بىردەك سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئۈچۈن ئەخلاـ
قىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىشكەن غايىـ
لىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولغان ياشلارنى
تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە تىرىشتى. 1982 ـ يىلى ناھىيە،
يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك مائارىپقا رەھبەرلىك قىلىش
گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەت مائارىپنى بولۇپمۇ
باشلانغۇچ مائارىپنى تۇتۇشقا سەپەرۋەرلىك قىلىنىپ، ناھىيە دەـ
رىجىلىك 25 نەپەر كادىر 27 مەكتەپ بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈ-
مىنى ئورناتتى. 1983 ـ يىلى ناھىيە باشلانغۇچ مائارىپنى ئو-
مۇملاشتۇرۇش توغرىسىدا 7 ماددىلىق تەدبىرنى، 1984 ـ يىلى
قوشۇمچە 8 ماددىلىق تەدبىرنى تارقاتتى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا
تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر-
قايسى يېزىلار بىلەن توختام ئىمزالاشتى، بۇ تەدبىرلەرنىڭ كۈچى
بىلەن مەكتەپتىن چېكىنگەن ياكى مەكتەپكە كىرمىگەن 2327
نەپەر بالا مەكتەپ قوينىغا قايتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە
بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى 8359 نەپەر بالىدىن 8296 نەپىرى
مەكتەپكە كىرىپ، مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98.8% گە، ،
مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 98% گە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى
97.5% كە يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ قاتتىق تەكشۈرۈشىدىن
لاياقەتلىك بولۇپ ئۆتتى. مائارىپ بىر قاتار ئەگرى ـ توقايلىقلار-
نى باشتىن كەچۈرۈپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، فاڭـ
جېن، سىياسەتكە تايىنىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ،
ئاممىغا تايىنىپ ماڭغاندىلا نەتىجە چوڭ بولىدىغانلىقىنى، ئالغا
باسقىلى بولىدىغانلىقىنى، تەرەققىيات بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتـ
تى. 1979 ـ يىلىدىن باشلاپ مائارىپ رىلىسقا چۈشكەن تېز
پوييىزدەك ھەيۋەتلىك گۈدۈك چېلىپ، تېز ئىلگىرىلەپ 1954 ~

1975 ~ 1984 ـ يىلىدىكى پۈتۈن پارتىيە، ئومۇمىي خەلق مائارىپنى تۇتۇش، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، «ئىككى ئاساسەن» مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇپ، 2003 ـ يىلىغا كەلگەندە مەكتەپ سانى 61 غا، ئوقۇتقۇچىلار سانى 1762 گە يېتىپ، مەكتەپ سانى 33 ھەسسە، ئوقۇتقۇچى سانى 29 ھەسسە، ئوقۇغۇچىلار سانى 10.6 ھەسسە ئاشتى. مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100% كە يېتىپ، پۈتۈن ناھىيىنى قاپلىدى. ناھىيە رەھبەرلىكى بۇ خىزمەتنىڭ مېۋىسىنى مۇستەھكەملەش، چېكىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 15 ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، ئىز قوغلاپ، مەكتەپكە تولۇق قوبۇل قىلماقتا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مائارىپنىڭ ئاساسىنى ياراتماقتا. شۇڭا بۈگۈر مائارىپىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، كەلگۈسى تېخىمۇ نۇرلۇق بولغۇسىدۇر.

## 2. ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى

1955 ـ يىلى كورلا ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالى مەھكىمىسىنىڭ قارارى بويىچە مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابلىز تۇردىنى بۈگۈر ئوتتۇرا مەكتەپنى قۇرۇشقا ئەۋەتتى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ناھىيىنىڭ ھاكىمى قادىر ئابلايوپنىڭ قوللىشى بىلەن بىر گۇرۇپپا قۇرۇلۇپ ئومۇمىي ئىشلارغا قادىر ئابلايوپ، قۇرۇلۇشقا ئابلىز تۇردى مەسئۇل بولدى، سېتىۋېلىش ھېساباتىغا مەمەت تۆمۈر، سىدىق ئىبراھىم، قادىر ناسىر، ئىسمايىل يەھيالار مەسئۇل بولدى. مەكتەپ كېيىنكى يىلى پۈتتۈرۈلدى، مەكتەپكە ئىككى سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، 100 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىن-



دى. ۋاقىتىنچە گومىنداڭنىڭ بوش قالغان 382 ـ پولكىنىڭ گازارمىسىدا ئوقۇش باشلىدى. مەكتەپ مۇدىرى ياسىن قۇربان، ئىلمىي مۇدىرى ئابدىكېرىم سېتىۋالدى، ئوقۇتقۇچىلىرى ئىبراھىم رېھىم، ئابدىلىم مامۇت، ئېزىم ئېلى، جۇمە سېتى، ئېلى نىياز، خەلچەم سېتى، مىڭ زىفا، ئېزىز تۇرقى، جاڭ شىڭفا قاتارلىقلار ئىدى. ئېزىم ئېلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شۇجىلىقىنى، جۇمە سېتى پىئونېرلار باش ئەترىتىنىڭ تەربىيەچىلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى. 1960 ـ يىلى ئىلى گىمنازىيىسىدىن گۈلى، ئۆمەرجان، غېنى ۋەكىلى، تۇرلى غۇجا، مەرزىيە، سەۋرىدىن، گۈلبانۇ، رەھمەت قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار كېلىپ قوشۇلدى. 1958 ـ يىلى پارتىيىنىڭ مائارىپقا بولغان رەھبەرلىكى كۈچەيتىلدى. 1959 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپتە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى، مۇيدىن ھەسەن شۇجى بولدى. 1959 ـ يىلىغا كەلگەندە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپقا 46 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1958 ـ يىلىغا كەلگەندە بۈگۈر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن شەرقتىكى 4 يېزىنى ئاساس قىلغان ھالدا ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق يېڭىسار ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى، بۇ ناھىيىمىزدە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن كېيىن قۇرۇلغان مەكتەپ بولۇپ، جۇمە سېتى مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ مەكتەپنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئوقۇتقۇچىلىرى ئىبراھىم يۈسۈپ، نۇرخان سادىق، تۇرسۇن ئابدىرېھىم، خالىق باقى، گۈلنىھال قاتارلىقلار بولۇپ ئىلمىي مۇدىرلىقىنى ياسىن سالى ئۆتىدى. مەكتەپ دەسلەپتە ئىككى سىنىپقا 100 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. يېڭىسار يار بويى مەكتەپتىن 3 سىنىپنى ئاربىيەتكە ئېلىپ ئىككىسىنى سىنىپ، بىرسىنى ئىشخانا ھەم ئىسكىلات قىلىپ ئىشلەتتى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، تۆت

ياتاق سېلىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇردى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ،
ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ياتاتتى. كېلەر يىلى 9 - ئايدا مەكتەپ
پۈتكەندىن كېيىن كۆچۈپ بېرىپ ئوقۇش باشلىدى، ئۇ ۋاقىتتا
ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى بىرقەدەر جاپالىق ئۆت-
تى، لېكىن ھېچكىم زارلانمىدى، بەلكى ھەممىسى جۇشقۇن
ئىدى. ئىككىنچى يىلى سىنىپ سانى تۆتكە يېتىپ، ئىشچى -
خىزمەتچىلەر سانى 15 تىن ئاشتى، ئوقۇتقۇچىلارغا ياتاق بولمى-
غاچقا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئالتە ياتاق
سېلىنىپ ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇ يىلى سىنىپ
سانى ئالتىگە يەتتى، شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تۆت چوڭ ياتاق
ئۆي سېلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇرۇنقى ئوقۇ-
غۇچىلار ياتىقى سىنىپ بولدى. 1962 - يىلىدىكى مەملىكەت
خاراكتېرلىك تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن ئاپپاراتلار ئىخچاملىنىپ
يېڭىسار ئوتتۇرا مەكتەپ بۇگۇر ئوتتۇرا مەكتەپكە قوشۇۋېتىلدى.
1965 - يىلى بۇگۇر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تارمىقى بولۇپ يەنە
ئەسلىگە كەلدى. 1969 - يىلىغا كەلگەندە يېڭىسار گۇڭشېسىغا
ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1965 - يىلى يېڭى مەكتەپتە كۆكەرتىش
باشلىنىپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەربىرى ئىككى تۈپتىن
كۆچەت تىكىپ مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش چاقىرىقى بويىچە،
ھەربىر ئادەم كۆرسەتكەن ئورۇنغا ئۆزلىرى ئورەك كولاپ تاتلىق
تۇپا بىلەن تىندۇرۇپ كۆچەت تىكتى، كۆچەتكە ئۆز ئىسمىنى
يېزىپ كىچىك تاختاي ئاستى. 1 - يىلى 200 تۈپ، 2 - يىلى
400 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. بۇ ئەنئەنە 3 يىل داۋاملاشتى،
كېيىنكى ئەۋلادلار ياخشى پەرۋىش قىلغاچقا ئۇنىڭدىن 17 تۈپ
ئاكاتسىيە 20 مېتىر ئېگىزلىكتە ئىككى ئادەمنىڭ غولىچى يەتكۈ-
سىز ئۆسۈپ، مەكتەپنىڭ جەنۇبىدىكى باغ تېخىمۇ كېڭىيىپ،



مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ شاھىدى، بۇرۇنقىلار ئەمگىكىنىڭ مې-
ۋىسى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ ياشىرىپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا بۇ مەك-
تەپ ناھىيە بويىچە باغۋارانلاشقان مەكتەپلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ.
شۇنىڭدىن باشلاپ يېزىلاردا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر بىر -
بىرلەپ تەسىس قىلىنىپ، 2002 - يىلىغا كەلگەندە تولۇقسىز
ئوتتۇرا مەكتەپ 10 غا، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىرگە، تولۇق
ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككىگە يېتىپ، جەمئىي 13 مەكتەپ بولدى.
تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 886 گە، تولۇقسىز ئوت-
تۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 6072 گە يېتىپ، 1955 - يىلدى-
كىدىن 13 ھەسسە ئاشتى. 1993 - يىلىدىن باشلاپ ساپا مائارى-
پى بويىچە 290 نەپەر ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى. ئۇلار ئوتتۇرا
- باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەمگەك تېخنىكا دەرسىنى ئۈستىگە
ئالدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋاملىق يۇقىرىلاپ ئوقۇيالمىغانلىرى
يېزىلارغا قايتىپ، دېھقانلار سېپىگە قوشۇلۇپ، مەدەنىيەتلىك
ئەمگەكچىلەر قوشۇنى بولۇپ، پەن - تېخنىكا باشلامچىلىرى،
بېيىش نەمۇنىچىلىرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ
بېيىش قەدىمى تېزلەشتى، يېزىلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشى
ئۈچۈن پايدىلىق ئامىللار كۆپەيدى. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار باشلان-
غۇچ مەكەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى كورلى-
غا بېرىپ ئوقۇيتتى. 1967 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپكە بىر سى-
نىپ، 42 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، 1976 -
يىلىغا بارغاندا سىنىپ 10 غا، ئوقۇغۇچىلار 352 گە، تولۇق
ئوتتۇرا سىنىپ ئىككىگە، ئوقۇغۇچىلىرى 86 گە يېتىپ، 2 -
ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلدى. 1959 - يىلدىن باشلاپ،
يۈسۈپ تۇردى، ئىسمايىل روزى، زۇلپىيە زايىر، گۈلبانۇ،
قۇربانجان قاتارلىق يولداشلار ئەينى ۋاقىتتىكى «شىنجاڭ ئىنس-

تىتۇتى» نى پۈتتۈرۈپ، ناھىيىمىزگە كەلگەندىن باشلاپ، ناھى-
يىمىزدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بار بولدى ۋە
بارغانچە كۆپىيىپ قوشۇننىڭ ساپاسى ئۆسۈپ باردى.

## 3. باغچا مائارىپى

1958 ـ يىلىدىكى خەلق گۇڭشېلىشىش ئاممىۋى دولقۇنىدا
90 ئورۇندا 90 سىنىپلىق يەسلى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 2425 بالا
قوبۇل قىلىنىپ، 90 تەربىيىچى قوبۇل قىلىندى. 1960 ـ
يىلىدىن كېيىن خىراجەت يېتىشمەسلىك، باشقۇرۇش ناچار بو-
لۇش، تازىلىق ياخشى بولماسلىق سەۋەبىدىن خېيىمخەتەر كۆرۈ-
لۈپ، قىيىنچىلىق كۆپەيگەنلىكتىن، كۆپىنچىسى توختاپ قال-
دى. 1959 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ ناھىيىدە پۈتۈن كۇنلۈك
تۇزۇمدىكى 43 ئوقۇغۇچى بار بولغان بىر سىنىپلىق يەسلى قۇ-
رۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەسلى بىر قەدەر پۇختا قەدەم
بىلەن ئىلگىرىلەپ، سىنىپ سانى 14 كە، ئوقۇتقۇچى 29 غا،
ئوقۇغۇچى 450 كە يەتتى، ھازىر خۇسۇسىيلار باشقۇرغان بىر
باغچا مەكتەپ بولۇپ، سىنىپ سانى 8 گە، ئوقۇتقۇچىسى 12
گە، ئوقۇغۇچىلىرى 1900 غا يەتتى، كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ بۇ
ئىزباسارلىرى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە.

## 4. چوڭلار مائارىپى

ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى مىنگونىڭ 24 ـ يىلدىن
(1935 ـ يىلى) مىنگونىڭ 38 ـ يىلىغىچە (1949 ـ يىلى)
ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ بۆلۈمى چوڭلارنىڭ ساۋات چى-



قىرىش مەكتىپىدىن تۆتنى قۇرغان بولسىمۇ، نەتىجىسى ئانچە
ياخشى بولمىغان ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خەلق
ھۆكۈمىتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈ-
رۈشكە ئەھمىيەت بەردى. 1950 ـ يىلى ئىشچى ـ دېھقان،
كادىرلار ۋە ئاممىدىن بولۇپ، 7610 نەپەر كىشى كەچ كۇرسقا
تەشكىللەندى. 1953 ـ يىلى 843 كىشى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇل-
دى. مەن 1951 ـ يىلى چېدىردا، 1952 ـ يىلى چۇمباقتا
ئىشلىگەندە ساۋات چىقىرىش سىنىپىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىپ،
يەنە بىر تەرەپتىن ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى
دەستۇرىدىن دەرس ئۆتۈش ۋە تونۇشنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە بۇ
سىنىپلارغا دەرس ئۆتۈشكە بەلگىلەندىم، كەچلىك كۇرستا 45
مىنۇت دەرس ئۆتۈپ، 20 مىنۇت دەستۇر سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ
ساۋادىنى چىقىرىپ، سىياسەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم
بەردىم، بۇنىڭدىن يېزا خىزمەت دۈيىمۇ كۆپ رازى بولدى. شۇ
چاغدا بۇگۇرنىڭ ھەممە يېزا قىشلاقلىرىدا بارلىق ئوقۇتقۇچىلار
كەچ كۇرسقا بېرىپ دەرس ئۆتكەن ئىدى. شۇ مەزگىللەردە،
زومىگەر پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى، ئەكسىيەتچى ھۆ-
كۈمەتنىڭ ئالۋاڭ ـ ياساق، زۇلمەتلىرىدىن قۇتۇلغان ھەم ساۋا-
دى چىققان كىشىلەر خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، دەرس
تۈگىگەندىن كېيىن ئۆزى تۈزۈپ، ئاھاڭغا سېلىۋالغان بۇ ناخشى-
نى ئېيتاتتى: «رايونلارنىڭ كوچىسىدا پارتىيىنىڭ باغى بار،
بىزدەك ئاجىز نامراتلارنىڭ ماۋجۇشى ئاتىمىز بار، يولداشلار»
. . . دېگەن ناخشىنى، يەنە ئازادلىق ئارمىيە «ئۈچ چوڭ ئىنتى-
زام سەككىز دىققەت» شېئىرىنى ئوقۇشۇپ، خۇشال ھالدا ئۆيلى-
رىگە قايتىشاتتى. شۇ چاغدىكى مىلودىيە ئادەمنىڭ ئېسىدىن زادى
چىقمايدۇ. 1954 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش

سىنىپلىرى 110 غا، كۇرسانتلىرى 3169 غا يەتكەن، ساۋاتسىز-
لىقنى تۈگىتىشكە 180 ئوقۇتقۇچى قاتناشقان. 1954 - يىلى
ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كومىتېتى قۇرۇلغان، پۈتۈن ئىجتىما-
ئىي كۈچلەر سەپەرۋەر قىلىنغان، ھەرقايسى تارماقلارمۇ ئۆز
سىستېمىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە قاتتىق كۈچ چىقار-
غان. ھەتتا تۈرمىدىكى ھەم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدى-
كى جىنايەتچىلەرنىڭمۇ ساۋادىنى چىقارغان، مۇشۇ ئىككى يىلدا
ئۆگىنىشكە قاتناشقۇچىلار 7000 دىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن
1835 كىشى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغان. بۇ مەزگىلدىكى تەدبىر
ئەمەلىي، كۈچلۈك بولدى، ساۋادى يوقلارنى كادىر قىلماسلىق،
بازارغا كىرگۈزمەسلىك، نىكاھ توختامى كەسمەسلىك، بەزى
جايلاردا ھەتتا پارتىيە، ئىتتىپاققا قوبۇل قىلماسلىقنى يولغا
قويدى. بەزى جايلاردا ئېتىز، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرىدا ئېتىز
ئۇستىگە، ئۆستەڭ قېشىغا تاختاينى تىكلەپ دەرس ئۆتكەن،
تىراكتور ھارۋىلارنىڭ كەينىگە تاختاي ئېسىپ كەينىدىكىلەر ئۆ-
گىنىپ ماڭغان. ئۆيدە ئېرى ئايالىغا، بالىسى ئاتىسىغا، كېلىنى
ئوغلىغا ھۆددە ئېلىپ خەت ئۆگىتىش، ساۋادىنى چىقىرىش دول-
قۇنىنى كۆتۈرگەن. بۇ ھەرىكەت تاكى 1966 - يىلىغىچە داۋام-
لاشقان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ساۋاتسىزلىقنى
تۈگىتىش 10 يىلغىچە توختاپ قالدى، شۇ مەزگىللەردە ساۋات-
سىزلار يەنە كۆپىيىشكە باشلىدى. مائارىپمۇ چېكىندى، ھەتتا
بۇرۇنقى ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىنى «ئاق مۇتەخەسسىس» يو-
لىغا ماڭغانلىق، «سىنىپىي كۆرەشنى تۇتمىغانلىق» دەپ پىپەن
قىلىشتى. 1975 - يىلى ناھىيىلىك ئىشچى - دېھقانلار مائارىپ
كومىتېتى قۇرۇلدى. ناھىيە، گۇڭشى دەرىجىلىك ساۋاتسىزلىق-
نى تۈگىتىش، خىزمەت ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى. كادىرلار



سەپلەندى، خىراجەت كۆپەيتىپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن توختاپ
قالغان بۇ خىزمەت يېڭى باشتىن قانات يايدۇرۇلدى. ھەرقايسى
گۇڭشىلەرنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كەچ كۇرسلىرىنى قاي-
تىدىن ئاچتى. 1975 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە ھەر يىلى
ئۆگىنىشكە قاتنىشىدىغان ئادەم سانى 3000 دىن 4000 غىچە
بولۇپ تۇردى، ساۋادى چىققانلار يۇقىرىقى ساننىڭ 30% تىدىن
40% تىگىچە ئىگىلىدى. 1984 - يىلىغا كەلگەندە ناھىيىلىك
پارتكوم شۇجىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دائىمىي كومىتېت ھەيئەت-
لىرى 10 نەچچە قېتىم مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، بۇ خىزمەتنى
مۇھاكىمە قىلدى، قارارلار چىقاردى، دوكلات يىغىنلىرى ئاچ-
تى، تەتقىق قىلدى. شۇ ۋاقىتتا مائارىپ بۆلۈمىدىكى جاڭ يۇجاڭ
بىلەن داۋۇت قاسىم قاتارلىق يولداشلار پارتكومغا ماسلىشىپ
كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن
ھەرقايسى يېزىلار، يېزىلار بىلەن كەنتلەر، كەنتلەر بىلەن گۇ-
رۇپپىلار ھەتتا شەخسلەرگىچە قاتلاممۇ قاتلام ساۋاتسىزلىقنى تۈ-
گىتىش بويىچە توختامنامىلەرنى ئىمزالاشتى، ھۆددىگە ئېلىشتى،
شۇنىڭ بىلەن ناھىيە مىقياسىدا يەنە بىر قېتىم مىسلى كۆرۈلمى-
گەن شىددەتلىك ئاممىۋى ھەرىكەت قانات يېيىپ كەتتى. ھەرى-
كەت پىلانلىق، مەقسەتلىك، نىشانلىق، تەرتىپلىك، خۇددى پىلە
قۇرتى ئۇجمە يوپۇرمىقىنى يەپ تۈگىتىپ يىپەك چىقارغاندەك،
ساۋاتسىزلىقنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قورشاپ يوقىتىش ھەرىكىتى
بولۇپ، 100 كۈن ئىچىدە سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولغان ساۋات
چىقىرىش ھەرىكىتى يەنە بىر قېتىم قوزغالدى. ھېچكىممۇ بۇ
ھەرىكەتنىڭ سىرتىدا قالمىدى. ئېنىقلاپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇپ،
ئاخىرقى ھۇجۇمنى باشلاپ بۇ ساۋاتسىزلارنىڭ 93.6% ساۋاتىنى
چىقىرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 1985 - يىلى 10 - ئايدىكى قاتتىق

تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، بۈگۈر ناھىيىسى ساۋاتسىزلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەتكەن ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى. مۇشۇ ۋاقىتتا 500 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى بۇ خىزمەتكە قاتناشتى. شۇ قېتىمقى خىزمەت جەريانىدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى ئوسمان سىتى زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن كېسىلى قوزغىلىپ قازا قىلدى. ھۆكۈمەت بۇ يولداشقا كاتتا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنى ئاچتى. 1983 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە بۈگۈر مائارىپىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ ئوقۇتقۇچىلار پارتىيە يىغىنى ئېچىپ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ مائارىپنىڭ تەسىرلىك ھەم ياڭراق سىمپونىيىسىنى ياڭرىتىپ، مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلدى. بۈگۈر ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپمۇ ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، شارائىتنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، بايىنغولىندىكى نۇرلۇق يۇلتۇزغا، ئاپتونوم رايوندىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلغار مەكتەپكە ئايلاندى. ھەر يىلى 10 ~ 15 كىچە ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرى كېلىپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ تۇردى. 1996 - يىلى 6 - ئايدىكى «ئىككى ئاساسەن» نى قايتا تەكشۈرگەندە «ئەلا» بولدى. 1998 - يىلى 6 - ئايدىكى «ئىككى ئاساسەن» نىڭ مۇستەھكەملىنىشىنى قايتا تەكشۈرگەندە «ئەلا» دېگەن نەتىجىگە ئېرىشتى. مۇشۇ مەزگىللەردە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھوشۇر ئەمەت، ھاكىم ئىمام ھەسەن، ئىدارە باشلىقى ئىسلام قۇربانلار بۇ ئىشقا كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. ناھىيىمىزمۇ مۇشۇ يۇقىرى پەللە ئاساسىدا خىزمەتلەرنى بوشاشتۇرماي تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى. ئىككى تەرەپتىن قول سېلىپ، يەنە ئادەتتىكى مائارىپ



ئارقىلىق 15 ياشتىن تۆۋەنلەرنى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، ئىز قوغلاپ سۈرۈشتۈرسە، 16 ياشتىن يۇقىرىلارنى يېزا ئادەم بەلگىلەپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، چۈشۈپ قېلىش بوشلۇقىنى قالدۇرمىدى، ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، تۈزىتىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن 9 يىللىق مائارىپنىڭ مېۋىسى مۇستەھكەملىنىپ كۆپ خىل شەكىل، كۆپ خىل ئۇسۇل، كۆپ خىل چارىلەر ئارقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان بىر ئائىلىدە بىردىن پەن - تېخنىكا يېتەكچىسى ياكى ھۈنەرۋەن بولۇش لازىم، دېگەن چاقىرىقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، 1991 - يىلىدىن باشلاپ ناھىيىلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنى ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىپ، مەزكۇر مەكتەپنى مائارىپ ئىدارىسى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قىشتىكى ئارام ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ساۋادى چىققان دېھقانلارغا ئوتتۇرا تېخنىكوم قوللىنىشچان پەن - تېخنىكا كۇرسلىرىنى ئېچىپ، پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش يولىنى كېڭەيتمەكتە. شۇنىڭ بىلەن 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنىڭ ھۇلىنى مۇستەھكەملەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپ ئاساسىنى يارىتىپ، تۈرلۈك شەرتلەرنى ھازىرلىماقتا. 1979 - يىلىدىن 2003 - يىلىغىچە ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم مەكتەپلىرى، رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتەپلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپ تۈرى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشقا شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بىر قىسىم ئالىي

مەكتەپلەر بۇگۇردە ۋاكالىتەن باشقۇرۇش سىنىپلىرى ئاچتى، شۇنىڭ بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر، كادىرلار ساھەسىدە ئۆزگىرىش بولدى ۋە ئىمتىھان ئېلىپ ئۆلچەمگە يەتكەنلەرگە دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان دىپلوم تارقىتىپ بېرىلدى. ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە «ئىككى ئاساسەن» ئەلا نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ ناھىيىمىز ساۋاتسىزلىقنى چۆرۈۋېتىپ، ئەمدىلىكتە 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى مۇستەھكەملەپ، ساندىن سۈپەت ئۆزگىرىشكە ئۆتۈپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىمەكتە. پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 15 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدىن كېيىن مائارىپ ئىدارىسى پارتكومى شەخسەن ئىسلام قۇرباننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئىزچىل قوللىشى بىلەن يېقىنقى بەش - ئالتە يىلدىكى خىزمەتلەر تېخىمۇ نەتىجىلىك بولۇپ، مەكتەپنىڭ شەرت شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى.

### 5 . مەكتەپلەرنىڭ يۇمشاق، قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى

«مىللەتنىڭ ساپاسى مائارىپتا، مائارىپنىڭ ساپاسى ئوقۇتقۇچىلارغا باغلىق» ، بىز ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشمەكچى بولساق، ماددىي، مەنىۋى جەھەتلەردە لاياقەتلىك شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ.

1) يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ، مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرستىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك، باشلانغۇچ



مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى تېخنىكومدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك، دېگەن تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1978 - يىلىدىن باشلاپ تەييارلىق خىزمىتى كۈچەيتىلدى ۋە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. ۋاقىتلىق ئوقۇتۇش يېتەكچىلىرى قالدۇرۇلدى، غەيرىي كەسپىي پۈتتۈرگەنلەرنى مەخسۇس تەربىيىلەپ لاياقەتلىك بولغانلارغا كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلدى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە قارىتا خىزمەت ئۈستىدە ۋە خىزمەتتىن ئايرىپ تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلدى، يېشى توشقان ياكى ئاساسەن توشقان ئاغرىقچان ئوقۇتقۇچىلار سىياسەت بويىچە دەم ئېلىشقا چىقىرىلدى. نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىن سەرخىللىرى سەپلەندى. 1998 - يىلىغا كەلگەندە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىدا كۈچلۈك ئۆزگىرىش بولدى، ھازىر مائارىپ سېپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلار 170 كە، مەخسۇس كەسپىنى پۈتتۈرگەنلەر 758 گە، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 450 كە، ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 1 نەپەرگە يېتىپ، يۇقىرىنىڭ تەلىپىگە يەتتى. بۇلار ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا پىشىپ يېتىلدى، ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر 25 نەپەر، 1 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 432 نەپەر، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر 1004 نەپەرگە يەتتى.

2) ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇشتا قاتلاممۇ - قاتلام مەسئۇل بولۇش، ئىلمىي باشقۇرۇش، قاتتىق باشقۇرۇش، ياخشى باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش خىزمىتى سىستېمىلىق يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى قانات يايدۇرۇلدى. ئوقۇتۇش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. مەكتەپلەردە كەسپىنى بىلىدىغان، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك خادىملار تاللى-

نىپ رىقابەت بىلەن مەكتەپ مۇدىرلىقىغا قويۇلدى. يېزىدا يەنە
مائارىپ ئىشخانىلىرى قۇرۇلۇپ خادىملار سەپلەندى.

3) ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان سىياسىي ئىدىيۋى خىزمەت
ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ
نەزەرىيىسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيىسى» تەر-
بىيىسى، بەش قاراش تەربىيىسى، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى،
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، خەلقنى، ئەمگەكنى، مائارىپنى، ئىلىم ـ
پەننى قىزغىن سۆيۈش تەربىيىسى، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق
تەربىيىسى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، يېڭىلىق يارىتىش، دەۋر
بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. ئوقۇغۇچى-
لارغا توغرا ئىدىيە، كۆزقاراش، مەيدان، نۇقتىئىنەزەر تەربىيە-
سى قانات يايدۇرۇلدى. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا ئەخلاق تەربىيىسىنى
ئېلىپ بېرىش چىڭ تۇتۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىلاردا سىياسىيغا ئەھمى-
يەت بېرىدىغان، كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئۇنىۋېرسال ساپا
يېتىشتۈرۈلدى. 1989 ـ يىلى، 1990 ـ يىلى شەرقىي ياۋروپا
كوممۇنىزم ھەرىكىتى ئوڭۇشسىزلىقا ئۇچرىدى. شەرقىي ياۋرو-
پادىكى 12 سوتسىيالىستىك دۆلەتتە مالىمانچىلىق كۆرۈلۈپ،
ئۆزگىرىپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، سوتسىيا-
لىزمدىن چەتنەپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ تەشەببۇسۇم بىلەن
غالىب ھوشۇر، مەمتىمىن ئەيسا، رىسالەت شاكىر، قېيۇم يا-
سىن، تۇرسۇن ھۇسىيىن قاتارلىق ئالتە نەپەر يولداش تەشكىللى-
نىپ، بىر ھەپتە تەييارلىق قىلىپ سۆز تېكىستى تەييارلاپ،
مەكتەپتىكى 1000 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىغا تەشۋىق
قىلدى، كېيىن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يەتتە يېزىدىكى 1000 غا يېقىن ئوقۇتقۇ-
چىغا نۇتۇق سۆزلەپ، ياۋروپانىڭ يولى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە



زادى ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى، سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزا-
لايدىغانلىقىنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن چۈ-
شەندۈرۈپ بۇگۈرنىڭ مۇقىملىقى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى.
مائارىپ سىستېمىسى تىنچ، مۇقىم بولدى. پارتىيە تەشكىلى
قۇرۇلۇشى جەھەتتە «ئۈچ يىغىن بىر دەرس» تۈزۈمى ئىزچىل
ئېلىپ بېرىلىپ، پارتىيىگە ئىلتىماس يازغانلار ئىچىدىن شەرتى
توشقانلار پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. 1959 ـ يىلىدىن 2002
ـ يىلىغا قەدەر مائارىپ قوشۇنىدا پارتىيە ئەزالىرى سانى 444
كە، پارتىيە ياچېيكىسى 25 كە يېتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلام-
چىلىق، نەمۇنىلىك رولى، ياچېيكىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق
رولى جارى قىلدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ياشلار ئىتتىپاقى خىز-
مىتى، مائارىپ ئىشچىلار تەشكىلاتى، ئاياللار تەشكىلاتلىرى را-
ۋاجلاندۇرۇلدى ۋە رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

4) مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلار ئارا ئوقۇتۇش تەتقىقاتى چوڭ-
قۇر قانات يايدۇرۇلدى، تەجرىبىلىك ئوتتۇرا ياش، ياشانغان
ئوقۇتقۇچىلار ياشلارنى شاگىرت قىلىش، ياشلار پېشقەدەملەرنى
ئۇستاز تۇتۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا مەسئۇل بولۇپ،
بىرلىكتە ئىلگىرىلەش، پېشقەدەملەر ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلى-
شىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ياشلار پېشقەدەملەرنى ھۆرمەتلەش، تەج-
رىبىلىرىنى ئۆگىنىش تەكىتلىنىپ، خىزمەتلەر چىڭ تۇتۇلدى.
كەسپتە ياخشى، پىشقان ئوقۇتقۇچىلار كەسپىي ماھارىتىنى يې-
تىلدۈرۈشكە، ئىلمىيلىقا كۆتۈرۈپ يېڭىلىق يارىتىشقا، ئىلغار
تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتىشكە، ياشلارنى تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرى-
لەشكە ئىلھاملاندۇردى. كەسپىي جەھەتتە يېتەكلەش ئارقىلىق
ئامما ئېتىراپ قىلىدىغان، بۈگۈر مائارىپىغا تۆھپە قوشقان مەم-
لىكەت دەرىجىلىك ئىلغار ئوقۇتقۇچى 9 نەپەر، ئاپتونوم رايون،

ئوبلاست دەرىجىلىك ئىلغار ئوقۇتقۇچى 64 نەپەر، ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار ئوقۇتقۇچى 468 نەپەر ۋە 10 نەچچە ئىلغار كوللېكتىپ يېتىشىپ چىقتى. يەنە ھېچقانداق تەمەسىز، نام - شۆھرەت قوغلاشماي، سۇ ئاستىدىكى قاش تېشىدەك، 30 نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، تىرىشىپ ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققان ۋە ئىشلەۋاتقان 150 تىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى يېتىشىپ چىقتى. مانا بۇلار قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان بىباھا مائارىپ بايلىقى بولۇپ، ھەر قايسىسىنىڭ ئوخشىمىغان تەسىراتلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ماتېرىياللىرى، ئىش - ئىزلىرى، تەجرىبىلىرى، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى، بەزىلىرى يېقىندا لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇلار بۈگۈر مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولغانلار بولۇپ، بۇ تۆھپىكارلارنى خەلقىمىز ۋە تەشكىل ئۇنتۇپ قالمىدى.

5) مائارىپ مەمۇرىي ئورۇنلىرى مەكتەپلەرنىڭ قىرائەتخانا خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. ناھىيە بويىچە 61 مەكتەپتە 61 قىرائەتخانا قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا مەخسۇس ياكى قوشۇمچە خادىم سەپلەندى. جەمئىي ساقلانغان كىتاب 185010 پارچىغا يېتىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم خەزىنىسىگە ئايلاندى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار قەرەللىك كىتاب ئوقۇش، تەسىرات سۆزلەش، ئۇچۇر ئىگىلەش، ئۇچۇر يەتكۈزۈش، سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىلدى.

6) بۈگۈر ناھىيىسى 1998 - يىلىدىن باشلاپ مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تېزلە-



تىپ، كومپيۇتېر ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى. 2002 - يىلى يىل ئاخىرىغىچە 1119 كومپيۇتېر سېتىۋېلىنىپ، مەكتەپلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى. مەخسۇس خادىملاردىن 57 نى تەربىيىلەپ، بۇ خىزمەت يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. بىر جەھەتتىن قوشۇننى سەرخىللاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى ھازىرلىغانلىرى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، قايسى دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە لايىق بولسا شۇ ئورۇنغا قويۇش يولغا قويۇلدى. ۋاقىتلىق دەرس يېتەكچىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھەركىم رىقابەت بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى، 2002 - يىلىدىن ئېتىبارەن توك بارلىكى ئورۇنلارغا كومپيۇتېر سەپلىنىپ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرى يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق زامانىۋى قورال بىلەن تونۇشۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە شەرت يارىتىلدى ھەم ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىردى. يەنە ئالتە مەكتەپتە يىراق مۇساپىلىك مائارىپ تورى قۇرۇلدى، ھەرقايسى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۇچۇر مائارىپى يولغا قويۇلۇپ، ساپا مائارىپىنىڭ سۈپىتى ئۆستى.

7) 2002 - يىلى يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن خۇسۇسىيلار ئاچقان مەكتەپلەر تۆتكە يەتتى. بۇ مائارىپنى دۆلەت، خەلق ئورتاق ئۈستىگە ئېلىش دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، مانا بۇ مائارىپنىڭ كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

8) 2002 - يىلىدىن باشلاپ، پۈتكۈل ناھىيە بويىچە، مىللىي ئوقۇتقۇچىلار خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش، كومپيۇتېر ئۆگىنىش، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھەرقايسى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە

يېزىنى بىرلىك قىلغان كۇرسلار ئېچىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار سەۋىيىسىگە قاراپ، سىنىپلارغا ئايرىلىپ، ئۆگىنىشكە قاتناشتى، ئىمتىھان ئېلىپ، بېسىم پەيدا قىلىپ، ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلدى.

9) بولۇپمۇ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، مائارىپقا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، سېلىنمىنى ئاشۇرۇپ، مەكتەپلەرنىڭ قاتتىق، يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشلىرىنى سەرخىللاشتۇرۇشقا كۈچ چىقاردى، پارتكوم دائىمىي ھەيئىتى چىن چىنداڭ بىلەن مۇئاۋىن ھاكىم تۇرسۇن قاتارلىق رەھبەرلەر بۇ خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتقانلىقتىن مائارىپ خىزمىتىدە ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەسىلەن:

(1) 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ كېسەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ بەك كونىراپ كەتكەنلىكتىن قايتا سالمىسا بولمايتتى. ناھىيە ئۆز ئىمكانىيىتىگە ئاساسەن ئوقۇغۇچىلار ياتىقى، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى، تەجرىبىخانىسىنى يېڭىلاپ سېلىپ بەردى. مالىيە كۈچى چەكلىك بولغاچقا سېلىشقا تېگىشلىك سىنىپ ۋە ئوقۇغۇچىلار ياتىقىغا مەبلەغ ئاجرىتالمايتتى. شۇڭا مەكتەپنىڭ ئاپتونوم رايون ھەم ئوبلاستلىق نۇقتىلىق مەكتەپلىك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ناھىيىنىڭ قوللىشى بىلەن ئاپتونوم رايون، ئوبلاستقا 10 نەچچە قېتىمدىن بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز بىلەن ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جۈيجاڭنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايوندىن ئۈچ قەۋەتلىك، 2500 كۋادرات مېتىرلىق ئوقۇتۇش بىناسىغا، ئوبلاستتىن ئۈچ قەۋەتلىك، 1100 كۋادرات مېتىرلىق ئائىلىلىكلەر بىناسىغا 1 مىليون



600 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ئاجرىتىپ، 1986 ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچە مەكتەپنىڭ كونا ئۆيلىرىنى خىش بىتونلۇق قىلىپ سېلىپ چىقىش بىلەن، دەل ـ دەرەخ، ئورمان گۈللۈكلىرى بار بىر ياخشى مەرىپەت باغچىسىغا ئايلاندۇرۇلدى. ئىسمى جىسمىغا لايىق نۇقتىلىق مەكتەپكە ئايلاندى.

(2) 1995 ـ يىلى شياڭگاڭلىق ئوقۇمۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر زات شۈيىيۇ ئەپەندىنىڭ 4 يۈز مىڭ يۈەن شياڭگاڭ پۇلى ئىئانە قىلىشى، ناھىيە مالىيىسىدىن 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىشى بىلەن 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2298 كۋادرات مېتىرلىق، تۆت قەۋەتلىك يېڭىلاپ سېلىش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مەكتەپ مۇدىرى ئېزىز كېرەمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قۇرۇلۇش سۈپەتلىك بولۇپلا قالماي مەكتەپنىڭ ئەسلىي نامى ساقلىنىپ قېلىپ، بۇ بىنا «شۈيىيۇ» ئوقۇتۇش بىناسى دەپ ئاتالدى. شۇ يىلدىن باشلاپ بۇ مەكتەپكە خەنزۇ ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوبۇل قىلىنىپ، خەنزۇ، مىللىي ئارىلاش مەكتەپكە ئايلاندى ۋە قوش تىللىق ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى.

(3) 1996 ـ يىلى ناھىيە مالىيىسىدىن پۇل ئاجرىتىلىپ، 4063 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش سېلىنىپ، تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتەپنى يېڭىلاپ سېلىش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى. مەكتەپ مۇدىرى جۇمە مەمەت ئاپتونوم رايون ۋە ئوبلاستقا بېرىپ قۇرۇلۇشنىڭ كام قالغان پۇلىنى ھەل قىلدى، مەكتەپكە ئۇيغۇر ـ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى.

(4) 1998 ـ يىلى 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنى يېڭىلاش قۇرۇلۇشى باشلاندى، ناھىيە مالىيىسىدىن 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ، 511 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش تاماملى-

نىپ، 2000 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مەكتەپ مۇدىرى
يۇلۇڭ قۇرۇلۇشنىڭ سۈپەتلىك بولۇشىغا كۈچ چىقاردى.

(5) 2003 - يىلى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنى يېڭىلاش قۇرۇ-
لۇشى باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇشقا ناھىيىدىن 8 مىليون 600 مىڭ
يۈەن ئاجرىتىلىپ 8377 كۋادرات مېتىرلىق يۇرۇشلەشكەن زاما-
نىۋى مەكتەپ قۇرۇلۇشى سېلىنىپ 2004 - يىلى پۈتتۈرۈلۈپ
ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مەكتەپ مۇدىرى جاڭ يۈمىن مەكتەپنىڭ
پىلاننى ياخشى ئورۇنلاشتۇردى.

(6) 2003 - يىلى ياش - ئۆسمۈرلەر پائالىيەت مەركىزى
قۇرۇلۇشى باشلىنىپ شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا پۈتتۈرۈلدى. قۇرۇ-
لۇشقا ئاپتونوم رايوندىن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ناھىيىمىز-
دىن 5 يۈز 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى. يەنە ئاپتونوم رايون-
دىن 600 مىڭ يۈەنلىك ئوقۇتۇش سايمانلىرى سەپلەپ بېرىلدى.
بۇ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئورۇن بو-
لۇپ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ سۈپەتلىك ۋاقتىدا تاماملىنىشىغا ئىدارە
باشلىقى ئىلھام راخمان ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. 1998 - يىلى-
دىن 2001 - يىلىغىچە ئەڭ ئاخىرقى 8190 كۋادرات مېتىرلىق
خەتەرلىك سىنىپلار ئۆزگەرتىلىپ بولۇندى. 1991 - يىلىدىن
باشلاپ، باغۋارانلاشقان مەكتەپ بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات
يايدۇرۇلۇپ، مەكتەپلەر گۈزەللەشتۈرۈلدى. يېزا، مەيدان مەك-
تەپلىرىگە 150 يۈرۈش، 11259 كۋادرات مېتىرلىق ئائىلىلىك-
لەر تۇرالغۇ ئۆيى سېلىندى. ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن 1600 يۈرۈش-
تىن ئارتۇق ئۈستەل - ئورۇندۇق، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن 9000
يۈرۈشتىن ئارتۇق ئۆلچەملىك پارتا - ئورۇندۇق ياسىتىلدى.

10) جىسمانىي ساغلاملىق تەربىيىسى چىڭ تۇتۇلدى. مەك-
تەپلەردە ھەپتىسىگە 2 سائەتتىن تەنتەربىيە دەرسى تەسىس قى-



لىندى. ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ۋە كۆز گىمناستىكىسى ئوي-
ناش، قىشتا ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش چىڭ تۇتۇلدى، بىر ئايدا بىر
قېتىم تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەقدىرلەش، مۇ-
كاپاتلاش ئىشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بەدەن چېنىقتۇرۇش
خىزمىتىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىلدى.

بۇ خىزمەتلەرنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ھەربىر مەك-
تەپكە مائارىپ ئىدارىسى ياكى ئۆزلىرى تەنتەربىيە سايمانلىرىدىن
ۋالىبول، ۋاسكىتبول، تورنىك، قوش تورنىك، دىسكا توپ
قاتارلىق تەنتەربىيە سايمانلىرىنى سېتىۋالدى. 400 مېتىرلىق
مەيداندىن بىرى، 300 مېتىرلىق مەيداندىن بىرى، 200 مېتىر-
لىق مەيداندىن 59 ى بار بولغاندىن باشقا يەنە ھەممە مەكتەپلەردە
ۋالىبول، ۋاسكىتبول مەيدانلىرى بار بولدى. تولۇق كۇرس،
مەخسۇس كۇرس ۋە تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن تەنتەربىيە ئوقۇتقۇ-
چىلىرى يېتىشتۈرۈلدى، يەنە ساغلاملىق دەرسى تەسىس قىلى-
نىپ، ساقلىقنى ساقلاش تۈزۈملىرى تۈزۈپ چىقىلدى ۋە پۈتۈن
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى. ھازىر بۈگۈر مائا-
رىپى مۇكەممەللەشكەن، سىستېمىلاشقان، تۈزۈملەشكەن، قې-
لىپلاشقان مائارىپ قۇرۇلمىسىغا، كەسىپلەشكەن، مەخسۇس
تەربىيە كۆرگەن، ئەخلاق ۋە قابىلىيەتكە ئىگە، مۇنتىزىم قوشۇن-
غا، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت باشقۇرۇش، مائارىپ تورىغا
ئىگە زامانىۋى، ئىلغار ئۈسكۈنە ئەسلىھەلەرگە ئىگە، بىرقەدەر
ئىلغار قائىدە - تۈزۈم ھەم تەجرىبىگە ئىگە مەرىپەت بۆشۈكىگە،
بىلىم يۇرتىغا ئايلاندى. بۈگۈر مائارىپىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى-
نى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، كەڭ خەلق ئاممى-
سىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، كەڭ مائارىپچىلارنىڭ تىرىشچانلى-
قى، ئەجرى، ئۈن - تۈنسىز تۆھپە قوشقانلىقىدىن ئايرىپ قاراش-

قا بولمايدۇ. بۇگۇر مائارىپىنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ پارلاق، تېخىمۇ خەيرلىك بولغۇسىدۇر.

---

ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسى:

1. «بۇگۇر تارىخ ماتېرىياللىرى» (1) (2)
2. «بايىنغولىن تارىخ ماتېرىياللىرى» (2)
3. «بۇگۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى»
4. ئۆزۈمنىڭ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق مائارىپ بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىش جەريانىدىكى خاتىرەم ھەم 70 ياشتىن 90 ياشقىچە بىر ئۆمۈر مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان مائارىپچىلار ۋە جەمئىيەت مۆتىۋەرلىرىدىن نىياز توختى، مەمتىمىن يۇنۇس، رابىيەم ئەمەت، سىدىق مەمتىلى، قادىر ناسىر، ئېلى قۇربان، جياڭ گاڭپو، يۇسۇپ تۇردى، مەھەممەت ياقۇپ، ئىسمايىل راخمان، خالىق ھۇسەن، ئىسمايىل يەھيا، ئابدۇراخمان قارى ھاجىم قاتارلىقلاردىن ئىگىلەنگەن ۋە دەلىللەنگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىلدى.
5. بۇگۇر ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ھۆججەت، ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىلدى.

(ئاپتور: بۇگۇر ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سابىق مۇدىرى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى)



# شىنجاڭنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 50 نەچچە يىللىق دىن خىزمىتىگە نەزەر

ۋاڭ ۋېنخېڭ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، شۇنداقلا كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاھالە نىسبەتەن كۆپ بولغان رايون. ئىسلام دىنى تەخمىنەن 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭغا كىرگەن، ھازىر ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، تاتار، ئۆزبېك، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق 10 ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئىسلام دىنى شىنجاڭدا ئۇزاقتىن بۇيان ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئەڭ كۆپ، تەسىرى ئەڭ زور دىن بولۇپ كەلدى. بۇددا دىنى تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرى 80 ـ يىللاردا شىنجاڭغا كىرگەن، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرىشتىن ئىلگىرى، بۇددا دىنى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان، بۈگۈنكى كۈندىكى بۇددا دىنى قەدىمىي خارابىلىقلىرى بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. لاما دىنى تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى شىنجاڭغا كىرگەن، ھازىر موڭ-

غۇل ئاممىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىقاد قىلىدۇ. تەرىقەت دىنى
مىلادى 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئىدىقۇت رايونىغا تارقالغان
بولۇپ، شىنجاڭدا مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە بولغان. كاتولىك
دىنى، خرىستىيان دىنى ئاساسلىقى مىلادى 1840 ـ يىلى ئەپ‐
يۈن ئۇرۇشىدىن كېيىن شىنجاڭغا كىرگەن. پراۋۇسلاۋىيە دىنى
مىلادى 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى قىسمەن رۇسلارنىڭ چارروسى‐
يىدىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كىرىشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان.
ھازىر شىنجاڭدىكى خەنزۇلاردىن ئاز بىر قىسىم كىشى بۇددا
دىنى، خرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنى ۋە تەرىقەت دىنىغا ئېتى‐
قاد قىلىدۇ. شىبە ئاممىسىنىڭ كۆپىنچىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد
قىلىدۇ. باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ ئېتىقاد قىلىدى‐
غانلار بار. شىنجاڭدىكى دىنلار ئۇزاق تارىخقا ئىگە، بولۇپمۇ
ئىسلام دىنى بىلەن لاما دىنىنىڭ مىللىيلىكى، ئاممىۋىيلىقى،
خەلقئارالىقلىقى ۋە مۇرەككەپلىكى بىرقەدەر روشەن. خرىستى‐
يان دىنى، كاتولىك دىنىنىڭ خەلقئارالىقلىقى ۋە مۇرەككەپلىكى‐
گىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى
50 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دېموكراتىك
ئىسلاھات بولسۇن، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش بولسۇن ياكى
سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىك، سى‐
ياسىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بولسۇن، ھەممىسى دىن بىلەن
مۇئەييەن مۇناسىۋەتلىك، دىن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش
— شىنجاڭنىڭ ئومۇملۇقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

## 1. قىسقىچە نەزەر

شىنجاڭنىڭ 50 نەچچە يىلدىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ دىن سى‐



ياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، بۇ جەرياـ
نى تۆت باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

**بىرىنچى باسقۇچ — سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسەن تاماملانغان يەتتە يىل (1949 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1956 ـ يىلغىچە)**. بۇ تارىخىي باسقۇچتا، شىنجاڭدا
پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش يېڭى دېموكراتىزم باسقۇچىدىن سوتـ
سىيالىزم باسقۇچىغا ئۆتۈش قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئەمەلگە
ئاشۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھاكىمىيىتى ئورۇنلىرى قۇـ
رۇلۇپ، يەر ئىسلاھاتى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان دېموكراتىك
ئۆزگەرتىش تاماملىنىپ، يېزا ئىگىلىك، قول سانائەت ۋە خۇسۇـ
سىي سودا ـ سانائەتكە بولغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئەـ
مەلگە ئاشۇرۇلۇپ، ئېكسپىلاتاتسىيىچى سىنىپلارنىڭ ئېكسپىـ
لاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلدى. بۇ تارىخىي باسقۇچتا، پارتىيە
تۈزگەن يېتەكچى فاڭجېن، ئاساسىي سىياسەتلەر توغرا بولدى.
شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، 1952 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلـ
گەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ 2 ـ
نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، چارۋىچىلىق رايونلىـ
رى خىزمىتىدە سالماق قەدەم بىلەن پۇختا ئىلگىرىلەش فاڭجېنىـ
دا چىڭ تۇرۇپ، يەر ئىسلاھاتى ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە
دىنغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا تېخىمۇ ئېھـ
تىياتچان بولدۇق. پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى
سىياسىتى، شۇنىڭدەك باشقا كونكرېت سىياسەتلەر توغرا ئىزـ
چىللاشتۇرۇلغانلىقى ۋە ئىجرا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، دىن ساھەـ
سىدىكى يۇقىرى تەبىقە زاتلىرى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامـ
مىنى ئۇنۇملۇك ئۆز يېنىمىزغا تارتىپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ،
ياردەمچى كۈچنى كۆپەيتىپ، توسالغۇنى ئازايتتۇق، بۇ، يەر

ئىسلاھاتى ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئوڭۇشلۇق تاماملاش-
قا تولىمۇ پايدىلىق بولدى ھەمدە ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپنى
مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ياخشى ئاساس سېلىپ بەر-
دى. بۇ باسقۇچ شىنجاڭنىڭ 50 نەچچە يىللىق دىن خىزمىتى
ئەمەلىيىتىدىكى ئەڭ ياخشى دەۋرلەرنىڭ بىرى بولدى.

**ئىككىنچى باسقۇچ — ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىزم
قۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان 10 يىل (1957 - يىلدىن
1966 - يىلىغىچە).** بۇ تارىخىي باسقۇچتا، دۆلىتىمىز ئېغىر
ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن سوتسىيالىستىك قۇ-
رۇلۇشتا يەنىلا ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى ھەمدە
قىممەتلىك قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرى توپلاندى ۋە كادىرلار يېتىش-
تۈرۈلدى، لېكىن يېتەكچى فاڭجېن جەھەتتە ئېغىر سەۋەنلىك
كۆرۈلدى. سىياسىي ئىدىيىۋى ساھەدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىن-
جاڭدا بۇ سەۋەنلىك ئاساسلىقى ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش ۋە
يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش جەھەتتە ئىپادىلەندى. بۇ
جەھەتتىكى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش تامامەن زۆرۈر ئىدى،
ئەمما ئەمەلىيەت داۋامىدا ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىش خاھىشى
كۆرۈلدى. دىن ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان يەرلىك مىللەتچىلىك-
كە قارشى ئىستىل تۈزىتىشتە ئۇلار چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە
قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ناھەق، يالغان، خاتا دېلو
پەيدا بولدى. ئىقتىسادىي ساھەنى ئېلىپ ئېيتقاندا، «چوڭ سەك-
رەپ ئىلگىرىلەش» ۋە يېزا خەلق كوپېراتىپلىرىنى قۇرۇش يولغا
قويۇلغانلىقتىن، يۇقىرى ئۆلچەم بېكىتىش، قارىغۇلارچە قومان-
دانلىق قىلىش، كۆپتۈرمىچىلىك ۋە «كوممۇنىزم شامىلى» ئا-
ساسىي بەلگە قىلىنغان ئېغىر «سول» چىللىق خاتالىقى يامراپ
كەتتى. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياستى ۋە ئاز



سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە مۇخالىپ ئىشلار داۋام-
لىق كۆرۈلدى. بەزى جايلاردا مەسچىت، ئىبادەتخانىلار ئىگىلى-
ۋېلىندى ۋە چېقىۋېتىلدى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ
نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىدى، دىنغا
ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتى ۋە مىللىي ھېس-
سىياتى بەرھەم يېدى. 1962 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم
مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، مىللەتلەر سىياستى ۋە دىن
سىياستىنى ئىجرا قىلىشتا كۆرۈلگەن ئېغىر «سول» چىللىق
خاتالىقىنى تەكشۈرۈپ تەنقىد قىلدى، لېكىن پارتىيە ئىچىدە
«سول» چىللىق خاتالىقى داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، 20 -
ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى تېخىمۇ ئېغىرلاشقان-
لىقتىن، دىن سىياستىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى «سول»
چىللىق خاتالىقى شۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن تۈزىتىلگەن بول-
سىمۇ، لېكىن ئۈزۈل - كېسىل تۈزىتىلىپ كەتمىدى.

**ئۈچىنچى باسقۇچ — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئې-
لىپ بېرىلغان 10 يىل (1966 - يىلدىن 1976 - يىل
10 - ئايغىچە).** بۇ تارىخىي باسقۇچتا، پارتىيە، دۆلەت ۋە
خەلق دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر ئوڭۇشسىزلىق
ۋە زىيانغا ئۇچرىدى. لىن بياۋ ۋە «4 كىشىلىك گۇرۇھ» بارغان-
سېرى ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتقان «سول» چىللىق خاتالىقىدىن
يامان نىيەتتە پايدىلىنىپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇ-
غۇللاندى. دىن خىزمىتى جەھەتتە، ئۇلار ماركسىزم، لېنىنىزم،
ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ دىن مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىلمىي
نەزەرىيىسىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، پارتىيىنىڭ دۆلىتىمىز
قۇرۇلغاندىن بۇيانقى دىن مەسىلىسىگە دائىر توغرا فاڭجېنىنى
تامامەن ئىنكار قىلىپ، پارتىيىنىڭ دىنغا قاراتقان خىزمىتىنى

تۆپتىن بىكار قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىرلىكسەپ، مىللەت-
لەر، دىن خىزمىتى تارماقلىرىغا تەسلىمچىلىك قىلدى دېگەن
قالپاقنى كەيگۈزۈپ، دىن ساھەسىدىكى بەزى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى
دىكتاتورا ئوبيېكتى قىلىپ، مەسچىت، ئىبادەتخانىلارنى پېچەت-
لەپ، ئىگىلىۋېلىپ ۋە چېقىۋېتىپ، دىنىي كىتابلارنى كۆيدۈ-
رۈپ، دىنىي مۇراسىم چالغۇلىرىنى بۇلاپ كېتىپ ۋە بۇزۇۋې-
تىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالى-
يەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى چەكلەپ، پارتىيىنىڭ دىن ساھەسى
بىلەن ئورناتقان ياخشى مۇناسىۋىتىگە ئىنتايىن ئېغىر زىيان يەت-
كۈزدى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەر بۇ شارائىتتىن
پايدىلىنىپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن ھەدەپ
شۇغۇللاندى.

**تۆتىنچى باسقۇچ — «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىنكى بولۇپمۇ 1978 - يىل 12 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتې-تى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ۋاقىت.** بۇ تارىخىي باسقۇچتا، پارتىيىمىز مەملىكەت بويىچە لىن
بياۋ ۋە «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىشتا
ئۇلۇغ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن ئاساستا، زور تارىخىي ئەھمى-
يەتكە ئىگە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇ-
مىي يىغىنىنى ئاچتى، نەتىجىدە، 1979 - يىلدىن باشلاپ پۈتۈن
پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى-
نىڭ دىققەت - ئېتىبارى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىغا يۆتكەلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلق ئىچى-
دىكى سىياسىي تۇرمۇشتا دېموكراتىك ئۇسۇلنىلا يولغا قويۇشقا
بولىدىغانلىقى، بېسىش، زەربە بېرىش ۋاسىتىسىنى قوللىنىشقا



بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، كوكۇلىسىدىن تۇتماسلىق، قالپاق
كىيگۈزمەسلىك، دۇمبالىماسلىقتىن ئىبارەت «ئۈچنى قىلماس-
لىق» نى قايتا تەكىتلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت ئىشلى-
رىنى باشقۇرۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغىدى، ئىدىيىدە ئازاد
بولۇپ، يېڭى ئەھۋال، يېڭى شەيئى، يېڭى مەسىلىلەرنى تىرى-
شىپ تەتقىق قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممى-
دە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى
بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىدى. بۇ تارى-
خىي باسقۇچتا، دۆلىتىمىز يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى
پارتىيىنىڭ 2 - ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ، يولداش
جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ 3 - ئەۋلاد رەھبەرلىك
كوللېكتىپىنىڭ ۋە يولداش خۇجىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئىسلاھات،
ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇ-
لۇشى جەھەتتە پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان شانلىق نەتىجى-
لەرنى قولغا كەلتۈردى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەدە-
نىيەت تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە
ئىقتىساد راۋاجلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، ئىشلار راۋان، خەلق
ئىناق، جەمئىيەت مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا
كەلدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەم-
ئىيەت قۇرۇش ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشەنچىسى
تولۇپ تاشتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلدى. ئەمە-
لىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ مۇشۇ تارىخىي باسقۇچتا تۈز-
گەن لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى تامامەن توغرا ھەم سوت-

سىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن
بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلى-
دى. بۇ ھال پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش،
دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسى-
تىپ بەردى ۋە ياخشى مۇھىت يارىتىپ بەردى. بۇ تارىخىي
باسقۇچتىكى دىن خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق ئىككى
باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى باسقۇچ — 1976 - يىل
10 - ئايدىن 1985 - يىلنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىل.
بۇ مەزگىلدە لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى پاش
قىلىش، تەنقىد قىلىش ئاساسىدا قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ،
پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇ-
رۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ئىس-
تىل تۈزىتىش ھەم «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا دىن
ساھەسىدە پەيدا قىلىنغان ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈپ، بۇ جەھەتتىكى قالدۇق مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر
تەرەپ قىلىپ، پارتىيىنىڭ دىن ساھەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋى-
تىنى تىرىشىپ ياخشىلىدۇق. ئىككىنچى باسقۇچ — يەنى 1985
- يىلدىن ھازىرغىچە بولغان مەزگىل. بۇ باسقۇچتا پارتىيىنىڭ
دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك
توغرا ئىزچىللاشتۇردۇق ھەمدە ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈن-
لەش ئاساسىدا دىنغا دائىر قانۇن - قائىدىلەرنى كەينى - كەينى-
دىن تۈزۈپ چىقىپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى تەدرىجىي
ھالدا قانۇن بويىچە كۆچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا بول-
غان سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيىنى ۋە دىنىي بىلىم تەربىيىسىنى
تەدرىجىي كۈچەيتىپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇز-
لۇكسىز ماسلىشىشقا پائال يېتەكلىدۇق. بۇ تارىخىي باسقۇچ



دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 55 يىلدىن بۇيان دىن سىياسىتى ئەڭ
ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇلغان مەزگىل بولدى.

## 2. ئاساسىي نەتىجىلەر

50 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى 20
نەچچە يىلدىن بۇيان، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيە-
سى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»
مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە شىنجاڭنىڭ دىن خىزمىتى
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھەر
دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ ھەرقايسى
دەۋردىكى مەركىزىي ۋەزىپىسىنى زىچ دەۋر قىلىپ، پارتىيىنىڭ
دىنغا قارىتىلغان تۈرلۈك سىياسەتلىرى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل-
لاشتۇرۇلۇپ ۋە ئىجرا قىلىنىپ، دىن ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر
زاتلار، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئىتتىپاقلاشتۇرۇلۇپ ۋە
تەربىيىلىنىپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئىشلىرىنى تاماملاش
لاش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئىج-
تىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت
قىلىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر يارىتىلدى.

**(1) دىن سىياسىتى ھەققىدىكى قايتا تەربىيە چوڭ-**
**قۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشۇلۇپ،**
**دىن ساھەسىدىكى ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار ئەسلىگە**
**كەلتۈرۈلدى، مەسچىت، ئىبادەتخانىلارنىڭ ئۆي - مۈ-**
**لۈكلىرى قايتۇرۇپ بېرىلدى.** 1957 - يىلدىن كېيىن،

بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا «سول» چىل ئىدە-
يىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار
ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىنىڭ دىن سىياسىتى قارىشى ئىنتايىن
ئاجىزلاپ كەتتى، بەزى خاتا تونۇشلارمۇ ساقلاندى. مەسىلەن:
بەزىلەر «پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى ئۆلۈك بولۇپ كەتتى»، «ۋاق-
تى ئۆتتى»، «سول» بولسا بولسۇنكى، ئوڭ بولمىسۇن دەيدىغان
ئىدىيىلەر خېلى ئېغىر دەرىجىدە ساقلاندى. پارتىيە ئەزالىرى،
كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرمىگەندە پارتىيىنىڭ دىن
سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىن ساھەسىدىكى ناھەق، يال-
غان، خاتا دېلولارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ناھايىتى تەس بولاتتى.
شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان دىن سىياسىتى ھەققىدىكى قايتا
تەربىيە ئاساسەن مۇنداق ئىككى باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلدى:
بىرىنچى باسقۇچ — «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن
دىن تارتىپ 1982 - يىل 3 - ئايغىچە بولغان مەزگىل. 1979
- يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە ئىچى - سىرتىدا
دىن سىياسىتى ھەققىدە قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىش ۋە پارتىيە-
نىڭ دىن سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش-
نى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. 1979 - يىل 3 - ئايدىن 1980
- يىل 6 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ «پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى
ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دە-
نىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پى-
كىر» نى تەستىقلاپ تارقاتتى، «دىن سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش
قوللانمىسى» نى بېسىپ تارقاتتى، «پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىيا-
ستىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە» سىدە پارتىيە-



نىڭ دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا
قىلىش مەخسۇس سۆزلەندى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى
بىرلىكسەپ بۆلۈمى تەستىقىي جاۋاب بېرىپ قوشۇلۇشى ئارقىلىق
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى 1980 - يىل 10
- ئاينىڭ 20 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزدا كاتولىك دىنى،
خىرىستىيان دىنى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسى
توغرىسىدىكى پىكىر» نى تارقىتىپ، «پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد
قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتى بويىچە شىنجاڭدا كاتولىك دىنى،
خىرىستىيان دىنىغا ئىسلام دىنى ۋە لاما دىنىغا ئوخشاش مۇئامىلە
قىلىش كېرەك، كاتولىك دىنى، خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد
قىلىدىغان ئاممىغا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا ئاممىغا ئوخشاش
نەزەردە قاراش كېرەك» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى، شۇنىڭدىن كې-
يىن مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى مەركىزىي كومى-
تېت شۇجىچۇسىدىن يولىيورۇق سوراپ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئار-
قىلىق ئىشانچىلىقا نىسبەتەن يەنىلا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى
شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ 1954 - يىلىدىكى توغرا فاكتېنىدا چىڭ
تۇردى ھەمدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئىشانچىلىقنى ئەمەل-
دىن قالدۇرۇش فاكتېنى تامامەن خاتا، دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ
باسقۇچتىكى دىن سىياسىتى ھەققىدىكى قايتا تەربىيە مىللەتلەر
سىياسىتى ھەققىدىكى قايتا تەربىيە بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىل-
دى، دىن سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دىن ساھەسىدىكى
ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پەقەت دەس-
لەپكى قەدەمدىكى ئىش بولدى. ئىككىنچى باسقۇچ — 1982 -
يىل 4 - ئايدىن 1985 - يىلنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىل.
بۇ مەزگىلدە دىن سىياسىتى ھەققىدىكى قايتا تەربىيە تېخىمۇ
چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى ئىزچىل-

لاشتۇرۇلدى ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇلدى. 1982 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ
31 ـ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «دۆلىتىمىزنىڭ
سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىن مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئاساسىي
قارىشى ۋە ئاساسىي سىياسىتى» يەنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ
1982 ـ يىل 19 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى تارقاتتى. بۇ ھۆججەت-
تە دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 33 يىلدا پارتىيىنىڭ دىن
مەسىلىسىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تارىخىي تەجر-
بىلىرى يەكۈنلەندى، پارتىيىنىڭ دىن مەسىلىسى ھەققىدىكى
ئاساسىي قارىشى ۋە ئاساسىي سىياسىتى شەرھىلەندى، شۇڭا ئۇ
دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىن خىزمىتى توغرىسى-
دىكى مۇھىم يېتەكچى خاراكتېرلىك ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ.
1982 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم
ئاچقان بىرلىكسەپ خىزمىتى يىغىنىدا بۇ ھۆججەت بېسىپ تارقى-
تىلدى ھەمدە خۇياۋباڭ، ئۇلەنفۇ، ليۇلەنتاۋ قاتارلىق رەھبىرىي
يولداشلارنىڭ مۇشۇ ھۆججەت توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزلىرى
يەتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا يولداش ۋاڭ ئېنماۋ، يولداش
تۆمۈر داۋامەتلەرمۇ سۆز قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىر-
لەشتۈرۈپ، بۇ ھۆججەتنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇ-
رۇش، ئىجرا قىلىشنى پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل
ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىن ساھەسىدىكى ناھەق، يالغان، خاتا دېلو-
لارنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا قايتا تەكشۈرۈپ
ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش
ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى قوغداشنى تەكىتلىدى. يىغىندىن كېيىن
مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1982 ـ يىل 19 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى-
نىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن
قىلىنغان دىن سىياسىتى ھەققىدىكى قايتا تەربىيە پۈتۈن شىنجاڭ



دائىرىسىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلۇپ، پارتى-
يە ئەزالىرى، كادىرلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي
كادىرلارنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىن مەسى-
لىسىگە بولغان ئاساسىي قارىشى ۋە ئاساسىي سىياسىتىگە بولغان
تونۇشى تەدرىجىي ھالدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ مۇشۇ مۇھىم
ھۆججىتى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلدى ھەمدە دىن سىياسىتى-
نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ئۈنۈملۈك
ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۈنىڭدىن ئىلگىرى، ئەسلىگە كەلتۈرۈلمى-
گەن ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار ئالاقىدار تارماقلارغا چېتىلىدى-
غان، توسالغۇ زور بولغانلىقى ياكى دېلولار مۇرەككەپ بولۇپ،
چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈن،
خېلى ئۇزاققىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەن ئىدى. مەركىزىي كو-
مىتېتنىڭ 1982 ـ يىل 19 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ۋە مەركى-
زىي كومىتېت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ سۆز-
لىرىنى ئۆگىنىپ ئىدىيىۋى تونۇش ئۆستۈرۈلگەچكە، مەسىلىلەر
ئاسانلا ھەل قىلىندى. مەسىلەن: 1959 ـ يىلى يەرلىك مىللەت-
چىلىككە قارشى تۇرۇش ئىستىل تۈزۈتىشىدە پەيدا بولغان ئۇي-
غۇر، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇللاردىن دىن ساھەسىدىكى خېلى
كۆپ كىشىگە چېتىلىدىغان، تەسىرى بىرقەدەر چوڭ، دىن ساھە-
سىدىكىلەر ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تۆت دېلونىڭ ئەسلى-
گە كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغانلىرى ئەستايىدىل قايتا تەكشۈ-
رۈش ئارقىلىق، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بويىچە
تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە
1500 دىن كۆپ ئادەمگە چېتىلىدىغان دىن ساھەسىدىكى ناھەق،
يالغان، خاتا دېلونىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى قايتا تەكشۈرۈپ ئەسلى-
گە كەلتۈرۈلدى. سىياسەت بويىچە، بۇ كىشىلەرنىڭ ئەسلىدىكى

دىنىي ۋەزىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئەسلىدە ناھىيە (شەھەر) لىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسىدىن يۇقىرى ۋەزىپە ئۆتىگەنلەرنىڭ تۇتۇپ قېلىنغان تۇرمۇش پۇلى تولۇقلاپ بېرىلدى ھەمدە سىياسىي جەھەتتە داۋاملىق مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، مەسچىت، ئىبادەتخانىلارنىڭ ئۆزگەرتىلگەن، ئىگىلىۋېلىنغان ۋە چېقىۋېتىلگەن ئۆي مۈلۈكلىرى شۇنىڭدەك ئىگىلىۋېلىنغان مال - مۈلۈكلىرى ئېتىبار بىلەن ئەستايىدىل ئېنىقلاپ قايتۇرۇپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، دىن ساھەسىدىكىلەرمۇ بىرقەدەر رازى بولدى. مەسىلەن: تەخمىنەن بىر يىل ئىچىدە، بۇ جەھەتتىكى خىزمەت مىقدارى نىسپەتەن زور بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەسچىتلەرنىڭ 1959 - يىلى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن 1437 ئېغىز ئۆيى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئىگىلىۋېلىنغان، چېقىۋېتىلگەن 222 ئېغىز ئۆيى شۇنىڭدەك كاتولىك دىنى، خىرىستىيان دىنى، بۇددا دىنى ساھەسىنىڭ 108 ئېغىز ئۆيىدىن ئىگىلىۋېلىنغانلىرى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئاساسىدا ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرىلدى ياكى تولۇقلىما بېرىلدى. ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى ئىگىلىۋېلىنغان خېجىڭ ناھىيىسىدىكى خۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسىغا بېرىلىدىغان 260 مىڭ يۈەن تولۇقلىمىنى ناھايىتى تېزلا بەردى. قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئېلىپ كېتىلگەن لاما ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا نەرسىلىرىنىڭ باھاغا سۇندۇرۇلغان پۇلىنى لاما ئىبادەتخانىسىنى رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىشكە تولۇق قايتۇردى. دىن ساھەسىدىكىلەر ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما خۇشال بولۇپ:



«پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى» دېيىشىپ، چوقۇم كومپارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېڭى تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

**(2) پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلدى ۋە ئىجرا قىلىندى. ئاساسلىق ئىپادىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:**

1. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى نورماللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ماددىي شەرتى. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تەسىس قىلىشتا دىنغا ۋە ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ۋە دىنىي زاتلار بىلەن كېڭىشىش ھەمدە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى تەستىقلاش ئارقىلىق، زۆرۈر بولغان مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋ ۋە بەلگىلەنگەن دىنىي پائالىيەت نۇقتىلىرى تەدرىجىي ھالدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ياكى يېڭىدىن سېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقارمىسى تەمىنلىگەن ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتتا، ئاپتونوم رايون بويىچە مەسچىت 24017، بۇتخانا (لاما ئىبادەتخانىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 53، خىرىستىيان دىنى ئىبادەتخانىسى 27، پائالىيەت نۇقتىسى

119، كاتولىك دىنى ئىبادەتخانىسى 12، پائالىيەت نۇقتىسى 4،
پراۋوسلاۋىيە دىنى ئىبادەتخانىسى 2، ساڭرام 2 گە يېتىدىكەن،
بۇ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممى-
نىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئېھتىياجىنى
قاندۇرالايدىكەن.

2. ۋەزىپىدىكى دىنىي تەلىم - تەربىيە خادىملىرى ئىتتىپاق-
لاشتۇرۇلدى ۋە تەربىيىلەندى. بۇ، پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتى-
نىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلى-
كى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىشنىڭ ئالدىنقى
شەرتى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتو-
نوم رايون بويىچە ئىمامدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي ۋەزىپىدىكى
خادىم 27 مىڭ 320، لاما دىنىدا گېگەن، بۇددا دىنى ئۆلىماسى-
دىن يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىدىكى خادىم 299، خىرىستىيان
دىنى مىسسىئونېرى 6، تەربىيىچىسى 3، شەيخ ھەزرەت 14،
دىن ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم 126، كاتولىك دىنى پوپى 1،
دىن ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم 11، پراۋوسلاۋىيە دىنى مەسئۇل
خادىمى 2، تەرىقەت دىنى مەسئۇل خادىمى 2 ئىكەن. ئۇزاقتىن
بۇيان، سىياسىي مەكتەپ، ئۆگىنىش كۇرسى، سۆھبەت يىغىن-
لىرىنى ئېچىش، ئېكىسكۇرسىيە تەشكىللەش قاتارلىق شەكىللەر
ئارقىلىق، بۇ دىنىي تەلىم - تەربىيىچىلەرگە بولغان سىياسىي
ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە دىنىي بىلىم تەربىيىسى كۈچەيتىلدى. مۇت-
لەق كۆپ ساندىكى دىنىي تەلىم - تەربىيىچىلەر ۋەتەننى، دىننى
سۆيۈپ، ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇردى.

3. ياش بىر ئەۋلاد دىنىي تەلىم - تەربىيىچىلەر پىلانلىق
تۈردە يېتىشتۈرۈلدى. بۇ شىنجاڭدىكى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ
كەلگۈسىدىكى ئەھۋالىنى بەلگىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە. ئاپتونوم



رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن گوۋۇيۈەنگە يول-
لاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، 1987 - يىلى ئۈرۈمچىدە بەش يىل
ئوقۇش تۈزۈمىدىكى شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى قۇرۇل-
دى، بۇ ئىنستىتۇتنىڭ ۋەزىپىسى ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان،
كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە
قىلىدىغان، شۇنىڭدەك بىرقەدەر مول دىنىي بىلىمگە ئىگە ياش
دىنىي تەلىم - تەربىيىچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت
بولدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، بۇ
ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 130 نەچچىگە، ئالدىنقى قا-
رارلاردا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر 330 نەچچىگە يەتكەن بولۇپ،
ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى جايلاردىكى مەس-
چىتلەردە ۋەزىپە ئۆتەپ، تايانچلىق رول ئوينىغان. 2003 - يىل
3 - ئايدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، قىسمەن نۇقتىلىق ۋىلايەت،
ئوبلاست، شەھەرلەر مەسئۇل بولۇپ ئاچقان ئوتتۇرا، تۆۋەن
دەرىجىلىك دىنىي تەلىم - تەربىيىچىلەرنى يېتىشتۈرۈش مەكتەپ
(سىنىپ) لىرىدىكى ئوقۇغۇچى 325 كە، ئالدىنقى قارارلاردا
ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر 1668 گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى 1267
كىشى دىنىي تەلىم - تەربىيىچىلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئاپتو-
نوم رايون بويىچە 580 نەپەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات يېتەكلىگەن
تالىپ 1700 گە يەتكەن. ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيى-
تى 30 نەپەر مەنجىننى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋە
شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدىكى بۇددىزم ئىنستىتۇتى ياكى داڭلىق
ئىبادەتخانىلارغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن. خىرىستىئان دىنى،
كاتولىك دىنى ساھەلىرىمۇ ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچى-
لارنى تاللاپ بېيجىڭ دىنىي ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن.

4. زۆرۈر بولغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ،

ئجابىي رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. بۇ، دىنغا ئېتىقاد
قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي پائا-
لىيەتلەرنى نورماللاشتۇرۇشنىڭ تەشكىلىي كاپالىتى. «مەدەنى-
يەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى شىنجاڭدا دىنىي تەشكىلات
— ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىلا بار بولۇپ، 20
- ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ باشلىرى بۇ تەشكىلات ئەسلىگە
كەلتۈرۈلۈپ، پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا باشلىغان. ئىس-
لام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن،
ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربى-
يىلەشكە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا قارىتىلغان خىزمەت-
لەرنى قانات يايدۇرۇشقا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن، 20 - ئەسىر-
نىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ 13 ۋىلايەت،
ئوبلاست، شەھەر ۋە 65 ناھىيە (شەھەر) دە ئىسلام دىنى جەمئى-
يەتلىرى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى
1982 - يىل 12 - ئايدا قۇرۇلغاندىن كېيىن، بايىنغولىن
موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى،
ئۈرۈمچى شەھىرى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، خې-
جىڭ ناھىيىلىرىدىمۇ بۇددا دىنى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى
شەھىرى بىلەن مىچۈەن ناھىيىسىدىمۇ خىرىستىيان دىنى «ئۈچ
ئۆز» ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشكىلاتى قۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك پارت-
كوم، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلار ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەر-
ۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز نىزامنامىسى بويىچە دىن ئىشلىرى
پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئالدىغا قانات يايدۇرۇشىنى ئاكتىپ قوللىدى
ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلدى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار مۇستە-
قىل ھالدا ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز ئىشىنى ئۆزى
قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ تىز-



گىنلىشى ۋە ئارىلىشىشىدىن مۇستەسنا ھالدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت-
نىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاش-
تۇرۇپ، دىنىي تەلىم - تەربىيىچىلەرنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدى-
غان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە تەربىيىلەپ، ئىسلاھات، ئې-
چىۋېتىش ئىشى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شىغا خىزمەت قىلدۇرۇشقا ھەمكارلىشىش جەھەتتە نۇرغۇن خىز-
مەت ئىشلەپ مۇھىم رول ئوينىدى.

5. زۆرۈر بولغان دىنىي كىتاب ۋە لازىمەتلىكلەر بىلەن
تەمىنلەشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلى-
كى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىنىي
تەلىم - تەربىيىچىلەرنى دىنىي بىلىم جەھەتتە تەربىيىلەشكە قولا-
يلىق يارىتىش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي بىلىم
ئۆگىنىش تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق دىن
ئىشلىرى تارماقلىرى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارغا پائال ھەم-
كارلىشىپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن «قۇرئان»، «ھەدىس» نىڭ
ئەرەبچە نۇسخىسى ۋە خەنزۇچە نۇسخىسىدىن 800 نەچچە مىڭ
پارچىنى تەمىنلىدى. «قۇرئان» نىڭ ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە تەرجى-
مە نۇسخىلىرى، «سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى» نىڭ ئۇيغۇرچە
تەرجىمە نۇسخىسى 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى كەينى -
كەينىدىن نەشر قىلدۇرۇلۇپ، شىنجاڭدا 100 نەچچە مىڭ پارچە
تارقىتىلدى. ئېھتىياجغا ئاساسەن، لاما دىنى ساھەسىگە 7000
پارچىدىن كۆپ بۇددا دىنى نومى، 40 نەچچە ساكىيامونى ھەيكى-
لى، 77 بۇددا دىنى ئەسۋابى، 1000 دىن كۆپرەك سىچۈەن
كىمخابلىق بۇت تەمىنلەپ بېرىلدى. خىرىستىيان دىنى، كاتو-
لىك دىنى قاتارلىق دىنىي ساھەلەرمۇ مۇئەييەن يول بىلەن زۆرۈر
بولغان دىنىي كىتاب - ژۇرناللارغا ئىگە قىلىندى.

6. دىنىي جەھەتتىكى خەلقئارا دوستانە بېرىش - كېلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭ دىنىي جەھەتتىكى تاشقى مۇناسىۋەتتە ھەم دىنىي جەھەتتىكى خەلقئارا دوستانە بېرىش - كېلىشنى پائال قانات يايدۇرۇش، ھەم چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشنى قەتئىي توسۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇردى. شىنجاڭ مۇسۇلمانلار بىرقەدەر توپلاشقان رايون، كۆپ يىلدىن بېرى ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن ئەرەپ ئەللىرى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى زور تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. دۇنيادىكى ئىسلام ئەللىرى ئۆمەكلىرى، مۇخبىرلىرى، ۋەكىللىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى كۆپ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە - زىيارەتتە بولدى ياكى دىن، مەدەنىيەت، شۇنىڭدەك ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى جەھەتتىكى ئالاقىدار ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەشتى. ياپونىيە بۇددا دىنى ساھەسى زىيارەت ئۆمىكى، سەييارە تاۋاپ قىلىش ئۆمىكى، كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى ۋە كانادا بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېڭ شەن ئۇستاز قاتارلىقلار شىنجاڭدا كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى. شىنجاڭدىكى ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زاتلار ۋە دىنىي ئالىملارمۇ تەكلىپكە بىنائەن كۆپ قېتىم چەت ئەلدە زىيارەتتە بولدى ياكى دىنىي ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا ئىشتىراك قىلدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 1985 - يىلدىن 2004 - يىلغىچە جۇڭگو ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆمەك تەشكىللىشى بىلەن مەككىگە ھەجگە بارغان مۇسۇلمان جەمئىي 14 مىڭ 136 كىشىگە يەتكەن. دىن جەھەتتىكى



تاشقى ئالاقە ئىشلىرى ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق بولۇش سىياسىتى، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى غايەت زور نەتىجىلەر ۋە شىنجاڭدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر تەشۋىق قىلىنىپ، جۇڭگو خەلقى بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقى كۈچەيتىلدى.

**(3) دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.** دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش — قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى، ئاساسىي قانۇن، قانۇن - تۈزۈم ۋە سىياسەتلەرنىڭ دىن ساھەسىدە توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا ئۇنىڭدا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش مەقسەت قىلىنغان.

دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتىكى مەقسەت — «قانۇنلۇقنى قوغداش، قانۇنسىزنى چەكلەش، سىڭىپ كىرىشكە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش» ، يەنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداپ، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان بارلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى چەكلەش، چېگرا سىرتىدىكى كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارىدىغان سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىنى توسۇپ، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش. دۆلىتىمىز-

دە ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن دىنىي ئىشلارنى ئايرىۋېتىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ، ھەرقانداق دىنىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن ـ تۈزۈمدىن ھالقىغان ئىمتىيازى بولمايدۇ، ھەرقانداق دىنىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار، ئەدلىيە ئىشلىرى، مائارىپ، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق دۆلەت فۇنكسىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئارىلىششىغا يول قويۇلمايدۇ، دىندىن پايدىلىنىپ پارتىيە رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە قارشى چىقىشىغا، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشىغا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ، بىكار قىلىنغان دىنىي فېئودال ئىمتىيازنى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، ئېزىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئىككى ھالقا چىڭ تۇتۇلىدۇ:

1. دىنىي قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزۈپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى تايىنىدىغان قانۇنغا ئىگە قىلىش. شىنجاڭدا دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش 1985 ـ يىلدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش تەخىرسىز، زۆرۈر بولغان ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1986 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ «خىرىستىيان دىنى پائالىيەتلىرىنى نورماللاشتۇرۇش توغرىسىدا بىرنەچچە پىكىر» ى ۋە «ئىسلام دىنى جەھەتتىكى بىرقانچە كونكرېت مەسىلە توغرىسىدىكى پىكىر» ى (ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىرى ئىلگىرى كۆرۈپ قوشۇلغان) نى تەستىقلاپ تارقاتتى. گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ



ئىككى ھۆججەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، مەن ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى چاقىرغان 8 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتىم، يىغىندا، دىنىي قانۇن ـ قائىدىلەرنى قانداق تۈزۈپ چىقىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى ھەمدە دۆلەتنىڭ دىن قانۇنى ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ئۆز ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئايرىم يولغا قويۇلىدىغان دىنىي قانۇن ـ نىزاملارنى تۈزۈپ چىقسا بولىدىغانلىقى بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق قائىدىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) نى تەييارلىدى، 1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاچقان بىرلىكسەپ ـ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك پارتكوم رەھبەرلىرىدىن بۇ «قائىدە» گە پىكىر ئېلىندى، شۇ چاغدا تەكلىپ بىلەن يىغىنغا قاتناشقان مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى 2 ـ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش جاڭ شېڭزو يەنە بىز بىلەن بىرلىكتە بۇ پىكىر ئېلىش نۇسخىسىنى ماددىمۇ ـ ماددا مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا يوللىدۇق، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەكشۈرۈپ قوشۇلغاندىن كېيىن، 1988 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 11 ـ قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللىنىپ، 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. دېمەك، بۇ شىنجاڭنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتـ

كى تۈنجى قانۇن ـ نىزام خاراكتېرلىك ھۆججىتى بولدى. دىنىي قانۇن ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمىتى داۋاملىق ئىشلىنىپ، 1990 ـ يىل 7 ـ ئايغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش ۋە شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 96 ـ قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللاش ئارقىلىق، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي تەلىم ـ تەربىيىچىلەرنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، 1994 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگراسى ئىچىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» ۋە «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى ئېلان قىلدى. 1994 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامى» نى ماقۇللىغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. بولۇپمۇ گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «دىن ئىشلىرى نىزامى» 2005 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدا دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ قانۇن ـ قائىدە ئاساسى يەنىمۇ مۇكەممەللىشىشكە باشلىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نىزام ـ بەلگىلىمە ۋە ئاساسىي قانۇن، ئالاقىدار قانۇن ـ تۈزۈملەردىكى دىنغا مۇناسىۋەتلىك ماددىلار — شىنجاڭدا دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ قانۇنىي ئاساسى بولۇپ، دىن ئىشلىرىدا تايىنىدىغان قانۇن بولۇش مەسىلىسى ئاساسەن ھەل قىلىندى. بۇ نىزام، بەلگىلىمىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ئەمەلىيەتتە ئىلگىرىكى دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى بولۇپ، ھەممىسىدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئومۇملۇقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداش چىقىش قىلىنغان بولۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇزاقتىن بۇيان، بۇ نىزام ۋە بەلگىلىمىلەر يولغا قويۇلۇش داۋامىدا ئىجابىي رول ئوينىدى ۋە ياخشى ئۈنۈم بەردى.

2. دىن ساھەسىدىكىلەرنىڭ قانۇن بويىچە دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئاڭلىقلىقى تولۇق قوزغىتىلدى. ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان دىن ئىشلىرى نىزامى ۋە بەلگىلىمىلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش، دىنىي قانۇن ـ قائىدىلەرنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، قانداق قىلىپ دىن ساھەسىدىكىلەرنىڭ قانۇن بويىچە دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالدى. دىن ساھەسىدىكىلەرنىڭ قانۇن بويىچە دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئاڭلىقلىقىنى تولۇق قوزغاش ئۈچۈن، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىـ

ـنلدى:
(1) دىنىي تەلىم ـ تەربىيىچىلەر ۋە دىنىي پائالىيەت سو-
رۇنى مەسئۇللىرىغا ئەستايىدىل هالدا قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيىسى
ئېلىپ بېرىلدى. هەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە هۆكۈمەتلەر بۇ
خىزمەتكە ئىنتايىن ئەهمىيەت بېرىپ، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان
ئامما توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيە-
سى ئېلىپ بېرىشتىكى بىر مۇهىم هالقا، دەپ قارىدى. بىرلىك-
سەپ، مىللەتلەر، دىن خىزمىتى، سىياسىي كېڭەش، قانۇن
ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى قاتارلىق ئالاقىدار تار-
ماقلار زىچ ماسلىشىپ، ئاساسلىقى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش
شەكلىنى قوللىنىپ، دىن ساهەسىدىكى زاتلار مۇددەت ۋە تۇركۇم
بويىچە ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى، نى-
كاھ قانۇنى، ۋارىسلىق قانۇنى، ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازا-
لاش نىزامىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۆگىنىش داۋامىدا
يۇقىرىدا ئېيتىلغان دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر نىزام،
بەلگىلىمىلەر نۇقتىلىق ئۆگىنىلىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۇرۇپ
مۇزاكىرە قىلىنىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، ئاڭلىق هالدا
سىلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشنىڭ ئۈنۈمى ناهايىتى ياخشى بولدى.
بەزىلەر چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولۇپ مۇنداق دېيىشتى: «قانۇن
ـ تۈزۈم دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى ئەڭگۈشتەر.
قانۇن ـ تۈزۈم بولمىسا، جەمئىيەت خۇددى رېلىستىن چىقىپ
كەتكەن پويىزدەك بولۇپ قالىدۇ، ئادەممۇ قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ
چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىسا، تۈيۈق يولغا كىرىپ قالىدۇ». ئۇلار
مۇنۇلارنى بىلدۈرۈشتى: دىنىي كىتابلارنى دۆلەت قانۇنى بىلەن
تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ، بۇ ئىككىسى زىت كېلىپ قالغاند-



دا، شەرتسىز هالدا قانۇنغا بويسۇنۇشى كېرەك؛ دىنىي قانۇن ـ
قائىدە بولغاندىلا، دىن ساهەسى قالايمىقانچىلىقتىن ساقلىنىدۇ،
بۇ، دۆلەت، جەمئىيەت، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغىمۇ
پايدىلىق. قىسقىسى، ئۆگىنىش ئارقىلىق دىن ساهەسىدىكىلەر-
نىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى ئاساسىي قانۇن، قانۇن ـ تۈزۈم ۋە
قانۇن ـ قائىدە ۋە سىياسەت ئىزىغا سېلىش ئاڭلىقلىقى زور
دەرىجىدە ئۆستى.
(2) قوش «بەشتە ياخشى» (بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت
سورۇنى، بەشتە ياخشى دىنىي تەلىم ـ تەربىيىچى) لەرنى باهالاش
ـ تەقدىرلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ دىنىي پائالىيەت
سورۇنلىرى، دىنىي تەلىم ـ تەربىيىچىلەرنى ۋەتەننى سۆيۈپ،
قانۇنغا رىئايە قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لىقىنى قوغداپ، پائال تۈردە ئىسلاهات، ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كۆپرەك تۆهپە
قوشۇشقا ئىلهاملاندۇرىدىغان ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. ئاپتونوم رايون-
ىمىز نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، قوش «بەشتە ياخشى» لارنى باهالاش
ـ تەقدىرلەش پائالىيىتى ئەڭ دەسلەپتە 1988 ـ يىلى غۇلجا
شەهىرىدە باشلىنىپ، كېيىن ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە كې-
ڭەيتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قوشۇلۇش ئارقىلىق، ئاپ-
تونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى غۇلجا شەهىرىنىڭ بۇ
ئۇسۇلىنى ۋاقتىدا كېڭەيتتى، نەتىجىدە، بۇ پائالىيەت تەدرىجىي
هالدا ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە قانات يايدۇرۇلدى. قوش
«بەشتە ياخشى» بولۇشنىڭ ئۆلچىمى جايلاردا تامامەن بىردەك
بولىسىمۇ، لېكىن ئاساسەن ئوخشاش بولدى. ئۈرۈمچى شەهىرىنى
ئېلىپ ئېيتساق، بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ
ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: ① ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش،

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ياخشى بولۇش؛ ② قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، سىياسەتنى ئىجرا قىلىشى ياخشى بولۇش؛ ③ قائىدە - تۈزۈمى مۇكەممەل، دېموكراتىك باشقۇرۇشى ياخشى بولۇش؛ ④ كۆچەت تىكىپ، گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈپ، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشى ياخشى بولۇش؛ ⑤ پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ ئۆزىنى بېقىشى ياخشى بولۇش. بەشتە ياخشى دىنىي تەلىم - تەربىيىچىلەرنىڭ ئۆلچىمى مۇنداق بولغان: ① پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، خىزمەتكە ماسلىشىشى ياخشى بولۇش؛ ② قانۇن - ئىنتىزام، سىياسەتلەرگە رىئايە قىلىپ، نىزام، بەلگىلىمىلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشى ياخشى بولۇش؛ ③ دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ تىنچلىقىنى قوغداپ، تاشقى سىڭىپ كىرىشنى چەكلەپ، ئۈلگە كۆرسىتىشى ياخشى بولۇش؛ ④ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، جامائەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزىنى - ئۆزى بېقىش ئىشلىرىنى قوللىشى ياخشى بولۇش؛ ⑤ دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىغا ھۆرمەت قىلىپ، دىن ۋە مەزھەپلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشى ياخشى بولۇش. جايلاردا ئومۇميۈزلۈك قوش «بەشتە ياخشى» لارنى باھالاش - تەقدىرلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئاساسىدا، 1993 - يىلى 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دىن ساھەسىدە قوش «بەشتە ياخشى» ئۆلچىمىگە يېتىش بويىچە باھالاشنى يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايون 1993 - يىل 10 - ئايدا تۇنجى قېتىملىق دىن ساھەسىدە قوش «بەشتە ياخشى» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىنى ئېچىپ، 52 دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە 82 نەپەر دىنىي تەلىم



- تەربىيىچىنى تەقدىرلىدى، 1998 - يىلى 2 - قېتىملىق قوش «بەشتە ياخشى» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 102 دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە 182 دىنىي تەلىم تەربىيىچىنى تەقدىرلىدى. 2003 - يىل 8 - ئايدا 3 - قېتىملىق قوش «بەشتە ياخشى» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 80 دىنىي پائالىيەت سورۇنى، 200 نەپەر تەلىم - تەربىيىچىنى تەقدىرلىدى. قوش «بەشتە ياخشى» لارنى باھالاش - تەقدىرلەش پائالىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇش ئارقىسىدا دىن ئىشلىرى نىزامى ۋە بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە يولغا قويۇلۇشى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

(3) دىنىي تەلىم - تەربىيىچىلەرنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى ئىپادىسى ۋە دىنىي بىلىمى ئومۇميۈزلۈك سىناپ كۆرۈلدى. چۈنكى، دىنىي تەلىم - تەربىيىچىلەرنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى ئەھۋالى ۋە دىنىي بىلىم سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇلارنىڭ قانۇن بويىچە دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ خىزمەت ئەڭ دەسلەپتە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ، 1987 - يىل 11 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تەدرىجىي كېڭەيتىلدى. ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، دىنىي تەلىم - تەربىيىچىلەرنى سىناپ كۆرۈش — بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىش؛ ئىككىنچىدىن، شەرتكە ئۇيغۇن بولغان دىنىي تەلىم - تەربىيىچىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار ئۇلارغا دىنىي تەلىم - تەربىيىلىگۈچىلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىش بولۇپ، بۇ كىشىلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان؛ ئۈچىنچىدىن، شەرتكە تولۇق توشمايدىغانلارنى تەربىيىلەش ئارقىلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە قىزغىن ياردەم قىلىپ،

شەرتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش؛ تۆتىنچىدىن، دىنىي تەلىم - تەربىيەچىلەر قوشۇنىغا كۆز بوياپ كىرىۋالغان، دىنىي تەلىم - تەربىيەچى بولۇشقا مۇناسىپ بولمىغانلارنى قوشۇندىن تازىلىۋېتىش مەقسەت قىلىنغان، بۇنداق كىشىلەر ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن يەتكۈزىدىغان زىيىنى ئىنتايىن زور، تازىلىۋېتىش تامامەن زۆرۈر. بۇ سىناشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلدى ھەمدە ئۇ دىنىي پائالىيەتلەرنى نورماللاشتۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇپ، دىنىي تەلىم - تەربىيەچىلەر ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىم تەربىيىگە ئىگە قىلىندى، بۇ پائالىيەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا پايدىلىق بولغاچقا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ماختىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ خىزمەت ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، 1990 - يىلدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىمۇ دىنىي تەلىم - تەربىيەچىلەرنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا كەنت، يېزىنى بىرلىك قىلىپ يىلدا بىر قېتىم دېموكراتىك باھالاش ئېلىپ بېرىلدى، بۇ پائالىيەتكە ئاساسلىقى دىنىي تەلىم - تەربىيەچىلەر ھەمدە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما قاتناشتى، ئالدى بىلەن شەخسلەر ئۆز ئەھۋالىنى خۇلاسىلىغاندىن كېيىن باشقىلار پىكىر بېرىپ، نەتىجىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە يېتەرسىزلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۈمىدلىرىنى قويدى، دېمەك، ئىجابىي تەربىيە بېرىش، ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە تولۇقلاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغا-



لىقتىن، ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشى بولدى. ئۆگىنىش باھالاش ئارقىلىق، دىنىي تەلىم - تەربىيەچىلەر ھەق - ناھەقنى تېخىمۇ ئېنىق ئايرىۋالدى ۋە دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئېغىر خەۋپىنى ئېنىق تونۇۋالدى، دىنىي تەلىم - تەربىيەچىلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈپ قانۇنغا رىئايە قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئاڭلىقلىقى تېخىمۇ ئاشتى.

(4) دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى نۇقتىلىق ھالدا تەرتىپكە سېلىندى. تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرى دېموكراتىك سايلاپ چىقىلدى ۋە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. مەسىلەن: دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزگىنلىۋالغان ئاز ساندىكى يامان نىيەتلەر باشقۇرۇش تەشكىلاتىدىن تازىلىۋېتىلدى؛ ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ئاتالمىش «بىرلەشمە مۇداپىئە» نى يولغا قويۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، دىنىي فېئودال ئىمتىيازنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى قەتئىي چەكلەندى. قىسقىسى، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرىدىغان بۇ تەشكىلاتلار يۆنىلىشنى توغرىلىدى. قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش قارىشىنى ھەقىقىي تۇرغۇزدى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ھەقىقىي يوسۇندا ھۆكۈمەت دىن ئىشلىرى تارمىقىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى.

**(4) دىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا پائال يېتەكلەندى.** بۇ، پارتىيىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش

قىلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى دىن خىزمىتىدىكى
مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ چىقارغان ئىلمىي يە-
كۈن، دۆلىتىمىز دىن ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ توغرا يۆنىلىشى
50 نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز ئىشلىگەن خىزمەتلەر مەيلى پارتى-
يىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتى بولسۇن،
ياكى قانۇن بويىچە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بول-
سۇن، ھەممىسىدە دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلى-
شىشقا پائال يېتەكلەش مەقسەت قىلىندى. ئۇزاقتىن بۇيان،
شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى چىقىش قىلىنىپ، دىننى سوتسىيالىس-
تىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا پائال يېتەكلەش جەھەتتە، ئاساس-
لىقى، تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتىكى خىزمەت تۇتۇلدى: بىرىن-
چىدىن، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا،
پارتىيىنىڭ دىنغا قاراتقان سىياسەتلىرى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇل-
دى ۋە ئىجرا قىلىندى؛ ئىككىنچىدىن، دىن ساھەسىگە نىسبەتەن
ئېيتقاندا، دىنىي ئېتىقادنى ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلاردىن
كومپارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قى-
لىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ
قاتنىشىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
قوغداش، دىن ئىشلىرى نىزامى ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئىزچىللاشتۇ-
رۇش، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق - مەجبۇرىيەت دائى-
رىسىدە دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش تەلەپ قىلىندى.
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدىكى دىنلار
تەدرىجىي ھالدا ئۆز ئۆزىنى ئىسلاھ قىلدى. 20 - ئەسىرنىڭ
50 - يىللىرى كاتولىك دىنى، خىرىستىيان دىنى جاھانگىرلىك-
نىڭ كونتروللۇقى ۋە ئىدارە قىلىشىدىن قۇتۇلدى، ئىسلام دى-
نى، بۇددا دىنى، تەرىقەت دىنى فېئودال ئىمتىيازنى ۋە ئېكسپى-



لاتاتسىيە قىلىش، ئېزىش تۈزۈمىنى بىكار قىلدى، مەملىكەتلىك
ھەرقايسى دىن تەشكىلاتلىرى بايانات ئېلان قىلىپ، جۇڭگو كوم-
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە
قىلدى. دېمەك، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلاشتۇ-
رۇشتا مۇھىم قەدەم تاشلىنىپ، دىننىڭ سوتسىيالىستىك جەمئى-
يەتكە ماسلىشىشىغا سىياسىي ئاساس سېلىندى. پارتىيە 11 -
نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن
كېيىن، قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقى-
لابى» دىكى ئىنتايىن «سول» چىللىق خاتالىقى تۈزىتىلىپ،
پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ،
ساقلانغان مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان
ئاممىا ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى
ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېڭى تۆھپە
قوشۇشقا ئۈيۈشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن يېڭى تارىخىي دەۋردە
دىننىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشى يېڭى تەرەققى-
ياتقا ئېرىشتى. جايلاردىكى ۋەتەنپەرۋەر دىن تەشكىلاتلىرى، دى-
نىي زاتلار، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر
باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى سىياسىتىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش
ئەركىنلىكى سىياسىتىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ئاك-
تىپ تەشۋىق قىلدى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالارنى ئېتى-
بار بىلەن ھەل قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي
مۇقىملىقنى قوغدىدى، باشلامچىلىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ باي
بولۇپ، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش، نامرات ئائى-
لىلەرگە، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرگە ياردەم قى-
لىش ۋە ئۇلارنى يۆلەش، ئاپەت رايونلىرىغا ماددىي ئەشيا ئىئانە
قىلىش، جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى قوللاش ۋە يولغا قو-

يۇش، ئامىغا ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى تەشۋىق
قىلىش، توي ياكى ئۆلۈم ئىشلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشنى تەشەب-
بۇس قىلىش، قىمارۋاز، ئوغرىلارنى يامان ئىللەتلىرىنى تاشلاپ
دۇرۇس ئادەم بولۇشقا تەربىيىلەش، يامان ئادەم ۋە ھەرىكەتلەرنى
توسۇش، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى چەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە
كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلى-
رىدا بەشتە ياخشى دىنىي تەلىم ـ تەربىيىچى، بەشتە ياخشى دىنىي
پائالىيەت سورۇنلىرى بارغانسېرى كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. يې-
قىنقى ئىككى يىلدىن بېرى، جۇڭگو ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى،
ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى جۈمە نامىزى ئوقۇ-
لىدىغان مەسچىتتىن چوڭ مەسچىتلەردە «يېڭى تۈزۈلگەن ۋەز
سۆزلىرى توپلىمى» نى ئومۇملاشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن ۋەز ئېيى-
تىشنىڭ مەزمۇنى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ھەم مۇقەددەس دىنىي كى-
تابلارنىڭ روھىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلدى، ھەم سوتسىيالىستىك
جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇش ھەققىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىپ،
جەمئىيەتتە ئىجابىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

**(5) پارتىيىنىڭ دىن ساھەسى بىلەن بولغان بىرلىك سېپى مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى.** بۇ جۇڭگو-
چە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ئىج-
تىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى. 50 نەچچە يىلدىن
بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3
ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ دىن ساھەسى بىلەن
بولغان بىرلىكسېپى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىپ ۋە راۋاجلى-
نىپ، ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. بۇنىڭ ئەڭ توپ سەۋەبى
شۇكى، پارتىيىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا،



تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئاساسىي لۇش-
يەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكى، ئىتتى-
پاقلىقى سىياسىتى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسى-
تىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدى-
غان ئامىمنى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىل-
دى. ئىقتىساد ئۇدا تەرەققىي قىلغان ئاساستا، ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ،
پارتىيە رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ ئىستىقبالىغا
بولغان ئىشەنچى ۋە ئۈمىدى تېخىمۇ ئاشتى. مانا بۇ پارتىيىنىڭ
دىنىي ساھە بىلەن بولغان بىرلىكسېپى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەم-
لىنىش ۋە راۋاجلىنىشىنىڭ سىياسىي ئاساسى، ئىقتىسادىي ئاسا-
سى ۋە ئىدىيىۋى ئاساسى. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش
قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكى-
دە، دىن ساھەسىدە يەنە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرمۇ ئېلىپ بېرىلدى.

1. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامىغا ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا
سىياسىي ئىدىيە تەربىيىسى كۈچەيتىلدى. ئاساسلىقى، ئەمەلى-
يەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيە-
سى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»
مۇھىم ئىدىيىسى تەشۋىق قىلىندى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيە-
نى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرى تەربىيىسى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ،
ئۇلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشىغا ۋە سوتسىيالىستىك زا-
مانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقى ئەڭ زور
دەرىجىدە قوزغىتىلدى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامىغا قارىتىل-
غان تەربىيە ئاساسلىقى، پارتىيىنىڭ ھەرقايسى دەۋردىكى مەركى-

ـزي خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە بۇ تەربىيە
پارتىيىنىڭ يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرى، شەھەر، بازارلاردىكى
خىزمەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ قانات يايدۇرۇلدى. دىن ساھەسىدىـ
ـكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا بولغان تەربىيە ئاساسلىقى، شىنىـ
ـجاڭ سوتسىيالىزم ئىنىستىتۇتى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرـ
ـلىك سىياسىي مەكتەپلەر، ناھىيىلەر ئۇيۇشتۇرغان ئۆگىنىش
كۇرسلىرى، سۆھبەت يىغىنلىرى ۋە يېزا ـ بازارلاردىكى ئۆگىـ
ـنىش گۇرۇپپىلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى، بولۇپمۇ يېقىنقى
يىللاردا پىلانلىق تەربىيىلەش يولغا قويۇلۇپ، ياخشى ئۈنۈم ھاـ
ـسىل قىلىندى.

2. شەرتكە ئۇيغۇن دىنىي زاتلار سىياسىي جەھەتتە مۇۋاپىق
ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ھاكىمىيەتنى ئىلمىي يۇرگۈزۈش، دېموكـ
ـراتىك يۇرگۈزۈشنىڭ ئېھتىياجى. شۇنداقلا دىنىي ساھەدىكى
ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى جارى
قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تېز
راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، سىياسىي جەھەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان
ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ سانى داۋاملىق كۆپەيتىلدى. 2001
ـ يىللىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، دىنىي زاتلاردىن سايلىنىپ ناھىـ
ـيە دەرىجىدىن يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولغانلار 561
كىشىگە، كۆرسىتىش ئارقىلىق ناھىيە دەرىجىدىن يۇقىرى خەلق
سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىـ
ـتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسى بولغانلار 1350 كە، ناھىيە
دەرىجىدىن يۇقىرى ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي
ھەيئەت ئەزاسى، جەمئىيەت باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى بولغانـ
ـلار 4688 گە، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك بۇددا دىنى جەمئىـ
ـيىتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، جەمئىيەت باشـ



ـلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى بولغانلار 94 كە يەتكەن. دېمەك،
كىرىشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار تەخمىنەن ئاز كەم 5 مىڭغا
يەتكەن. بۇ ۋەتەنپەرۋەر زاتلار دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش،
ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاـ
ـكىمە قىلىش، سىياسىي كېڭىشىش، ئۆز دىنىنىڭ ئىشلىرىنى
باشقۇرۇش ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولغان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان
يوللار ئارقىلىق، پارتىيە، ھۆكۈمەت دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان
ئاممىنىڭ ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى
ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، بۇ، پارتىـ
ـيە، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلەرنى ياخشىلىشىغا ۋە ساقلانغان ئاساسـ
ـلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىشىغا پايدىلىق بولدى.

3. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈنـ
ـدى. بۇمۇ «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ
تەلىپى. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان،
تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا، تۆھپىسى
بار، تەسىرى بىرقەدەر چوڭ بولغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا
مەلۇم مىقداردا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىشى تامامەن توغرا. بۇ
خىزمەت 1956 ـ يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسەن
تاماملانغان ئەھۋالدا باشلاندى. تۇرمۇش ياردىمىدىن بەھرىمەن
بولىدىغانلار داۋاملىق كۆپەيتىلدى. 2004 ـ يىللىق مەلۇماتتىن
قارىغاندا، تارقىتىلغان يىللىق ياردەم پۇلى 20 مىليون 740
مىڭ يۈەنگە يەتكەن. بۇ ۋەتەنپەرۋەر زاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ
ئۆزلىرىگە غەمخورلۇق قىلغانلىقى ۋە ئاسرىغانلىقىغا چىن كۆڭلىـ
ـدىن تەشەككۈر ئېيتىدۇ. 2005 ـ يىلدىن باشلاپ 17 مىڭ 435
نەپەر ۋەتەنپەۋەر دىنىي زات تۇرمۇش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن
بولغان، تارقىتىلغان يىللىق ياردەم پۇلى 41 مىليون 750 مىڭ

يۈەنگە يەتكەن.

## 3. ئاساسىي تەجرىبىلەر

50 نەچچە يىلدىن بېرى شىنجاڭنىڭ دىن خىزمىتى مۇرەك-
كەپ ھەم ئەگرى ـ توقاي جەريانلارنى باشتىن كەچۈردى. ئىجا-
بىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش نۆ-
ۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئوبدان ئىش-
لىشىمىزدە ئىنتايىن زۆرۈر. دىن خىزمىتى كاتېگورىيىسى بىر-
قەدەر كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئەمەلىي خىزمەتلەردە ناھايىتى
كۆپ كونكرېت تەجرىبىلەر بار. بۇ يەردە ئاساسلىقى، دىن خىز-
مىتى يېتەكچى ئىدىيىسى جەھەتتىكى بىرنەچچە ئاساسىي تەجرىبە
ئۈستىدە توختىلىمەن.

**(1) پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىد-
كىنى كۈچەيتىش — دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ
تۈپ كاپالىتى.**

بىرىنچى، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى-
نى ھەقىقىي تونۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىدىكى ئەڭ
تۈپ مەسىلە — دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا بولغان خىزمەتنى
ئوبدان ئىشلەش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن
بولغان قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش،
دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما قانچە كۆپ جايلاردا دىن خىزمىتى-
نى ياخشى ئىشلەشكە شۇنچە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ھەممىگە
ئايانكى، شىنجاڭدا دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت
بېرىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇ-
قىملىقنى ساقلاش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە ۋەتىنىمىز-



نىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە مۇناسىۋەتلىك. دۆ-
لەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىسلاھات، تە-
رەققىيات، مۇقىملىق ئومۇملۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش سىياسىي
يۈكسەكلىكى نۇقتىسىدىن دىن مەسىلىسىنى كۆزىتىپ ۋە بىر
تەرەپ قىلىپ، دىن خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ مەسئۇلىيەت
تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش لازىم. 50
نەچچە يىلدىن بېرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم (ج ك پ مەركى-
زىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى) ئىزچىل تۈردە مىللەتلەر ۋە
دىن خىزمىتىنى بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قى-
لىپ، دىن خىزمىتىنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قاتارىغا قويۇپ،
دىنغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىشقا ئىنتايىن
ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر قايسى مەزگىللەردە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن
تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، بايقىغان ئىختىلاپلارنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ،
دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىدى، ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. ئەمەلى-
يەت ئىسپاتلىدىكى، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم-
لىقىنى ھەقىقىي چۈشىنىش ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ دىن
خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيىدى-
كىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ
مۇھىم ئىدىيىۋى ئاساسى.

ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى، مەركىزىي كو-
مىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى
دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى كۆرسەتمە ۋە تەدبىرلىرىنى قەتئىي
تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش لازىم. بۇ، پارتىيى-
نىڭ دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنىڭ تۈپ
كاپالىتى. پارتىيىنىڭ سىياسىتى — پارتىيىنىڭ ھاياتى. پارتى-
يىنىڭ دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكى ئاساسلىقى، پارتىيى-

نىڭ دىن خىزمىتىگە قاراتقان فاڭجېن، سىياسەت ۋە رەھبەرلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ دىن ھەققىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرى، ئاساسىي فاڭجېن، سىياسەتلىرى ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ دىن توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇڭا ئۇنى ھەر مىللەت خەلقى ھىمايە قىلىدۇ ۋە قوللايدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى تامامەن توغرا، چوقۇم قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش لازىم. ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا ۋە تەۋرىنىشكە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىز يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئېكسپىلاتاتسىيىچى سىنىپلارنى، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشىنى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېز راۋاجلاندۇردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ھەرقايسى دەۋرلەردە دىن خىزمىتى ھەققىدە مۇھىم يوليورۇقلارنى چىقىرىپ كەلدى. بولۇپمۇ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3 - ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دىن خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، دىن مەسىلىسى توغرىسىدا بىرقاتار مۇھىم بايان ۋە مۇھىم يوليورۇقلارنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ دىن مەسىلىسىگە بولغان تونۇشىنى دەۋرگە ماس ھالدا چوڭقۇرلاشتۇردى ۋە ئۆستۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەركىزىي كومىتېتنىڭ دىن خىزمىتى توغرىـ



سىدىكى مۇھىم يوليورۇقلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇردى ۋە ئىجرا قىلدى، ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ بىرقاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى. شىنجاڭنىڭ دىن خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنىڭ ۋە مەركىزىي كومىتېت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ ۋە تەدبىرلىرىنىڭ توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقىنىڭ ۋە ئىجرا قىلىنغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

ئۈچىنچى، دىن خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دىن خىزمىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار زىچ ماسلىشىش كېرەك. بۇ، پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنىڭ تەشكىلىي كاپالىتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ 1985 - يىلدىن بۇيان، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە دىن خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، مەلۇم شتات بېرىلدى ۋە كادىرلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يېزا، بازارلىق پارتكوملاردىمۇ دىن خىزمىتى كادىرلىرى قويۇلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون بىرلىكسەپ، دىن خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبىرىي كادىرلارنى ۋە دىن خىزمىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش سالمىقىنى زورايتتى. 2002 - يىلدىن 2004 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە سەككىز قارار يېزا، بازارلاردىكى بىرلىكسەپ، دىن خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 800 نەچچە كىشى تەربىيىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا، بازارلاردىكى بىرلىكسەپ، دىن خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبىرىي كادىرلار ئاساسىي جەھەتتىن بىر

نۆۋەت تەربىيىلەندى. يەنە بىرنەچچە قارار ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك دىن خىزمىتى كادىرلىرى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەندى. بۇ يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 5 كۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا دىن خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبىرىي كادىرلار ۋە بىرلىكسەپ، دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «دىن ئىشلىرى نىزامى» نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، بۇمۇ بىر خىل تەربىيىلەش شەكلى بولۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىرلىكسەپ، دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ ھەمكارلىشىپ، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇپ، دىن خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.

تۆتىنچى، شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق رايونلاردا مەركەزلىك تۈزەش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنىڭ سالمىقى زورايتىلدى. بۇ مەركەزلىك تۈزەش ۋە مەخسۇس كۈرەش 1997 - يىلى باشلىنىپ، كۆپ يىل داۋاملاشتۇرۇش ئارقىسىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىلدى. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ زوراۋانلىقى ۋە تېررورلۇقى ۋە باشقا قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلاردا ئاساسلىقى دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز ھەرىكەت قىلىپ، ئامما قايمۇقتۇرۇلغانلىقى ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلىشقا تەشكىللىگەنلىكى ئۈچۈن، مەركەزلىك تۈزەش ۋە مەخسۇس كۈرەش داۋامىدا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا تەشۋىق قىلىش سالمىقى زورايتىلدى.



قاراتمىلىقى بولغان «تەشۋىقات ماتېرىياللىرى» بېسىپ تارقىتىلىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا قارشى تۇرۇشنىڭ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ زور ئەھمىيىتى، پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشى نېمە ئۈچۈن دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش لازىملىقىنى، قانداق قىلغاندا دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز ھەرىكەت قىلىشنى قانداق پەرقلەندۈرۈش لازىملىقىنى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى، شىنجاڭدىكى ئەڭ زور خەۋپ — دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئىكەنلىكىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسىنى ھەم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىملىقىنى چۈشىنىۋالدى. تۈزەش ۋە مەخسۇس كۈرەش ئارقىلىق، جايلاردىكى پارتكوملار بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**(2) دىننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، دىن مەسىلىسىنىڭ ئالاھىدە مۇرەككەپلىكىنى تولۇق تونۇش — دىن مەسىلىسىنى توغرا چۈشىنىش ۋە دىن خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى.** يولداش جياڭ زېمىن: «دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى دىن مەسىلىسىنى توغرا چۈشىنىشتىكى ئاچقۇچ-

لۇق مەسىلە مەۋقەنى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى دۆلەت ئەھۋالىغا قويۇپ، دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى شۇنىڭدەك مۇرەككەپ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتە دىن مەسىلىسى ئۆزگىچە مۇرەككەپلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇشتا» دېگەن ئىدى. بۇ يولداش جياڭ زېمىن ئىلگىرىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ئوتتۇرىغا قويغان دىن مەسىلىسىنى توغرا تونۇشتىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر بولۇپ، شىنجاڭدىكى دىن مەسىلىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن. بىز شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، چوقۇم «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئىنتايىن «سول» چىللىق خاتالىقنىڭ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، دىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى ئىجتىمائىي مەنبە، بىلىش مەنبەئى ۋە تارىخىي مەنبەنى چوڭقۇر تونۇپ، دىنىنىڭ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىپ، پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىشىمىز لازىم. مەمۇرىي بۇيرۇق ئارقىلىق كىشىلەرنى دىنغا ئېتىقاد قىلدۇرمايمەن دېيىش ئاقمايدۇ، بۇنداق قىلىش پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن زىيانلىق. ئاددىي كۆرۈپ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتىغا بەرھەم بېرىشتىن، پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش لازىم. سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە مەمۇرىي كۈچ بىلەن دىنىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بولمايدۇ، شۇنداقلا مەمۇرىي كۈچ بىلەن دىنىنى يوقىتىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىل-



لاشتۇرۇپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا پائال يېتەكلەشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭدا، مۇرەككەپ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتە دىن مەسىلىسىنىڭ ئالاھىدە مۇرەككەپلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ تولۇق تونۇش لازىم. شىنجاڭدا دىن مەسىلىسىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، دىن مۇئەييەن مىللىيلىك، ئاممىۋىلىق ۋە خەلقئارالىققا ئىگە بولۇپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە خەلقئارا تەسىرگە چېتىلىپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئىچكى - تاشقى مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى ھەدەپ يولغا قويۇپ، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن دىندىن پايدىلىنىپ، سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكى، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئەسەبىي دىنىي كۈچلەر چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، دىندىن پايدىلىنىپ قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن ئەسەبىيلەرچە شۇغۇللىنىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈپ چاتاق چىقىرىشقا قۇترىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارادىكى دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشىدىكى ئۇچىغا چىققان ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ شىنجاڭدىكى دىنلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئىلگىرى بەزى يولداشلار دىن خىزمىتىدە ئالدىراقسانلىق قىلىش

كەپپياتىدا بولغان، ھەتتا خاتا ئۇسۇللارنىمۇ قوللانغان ئىدى،
بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار دىنىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى-
نى ھەقىقىي تونۇپ يەتمىگەن ياكى دىن مەسىلىسىنىڭ ئالاھىدە
مۇرەككەپلىكىگە سەل قارىغان. بىز چوقۇم ئىلگىرىكى تەجرىبە
- ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، دىنىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە دىن
مەسىلىسىنىڭ ئالاھىدە مۇرەككەپلىكىگە بولغان ئاساسىي قاراشنى
چىڭ تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قاراشتا چىڭ تۇرغاندىلا،
شىنجاڭدىكى دىن مەسىلىسىنى توغرا تونۇغىلى بولىدۇ.

**(3) دىن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا شىنجاڭ-
نىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەت-
تىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش
ۋېتىش ئومۇملۇقىنى قوغداشقا پايدىلىق بولۇشى ئۈ-
چۈن، ۋاقىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئەستايىدىل مۇئامىلە
قىلىش لازىم.**

1. دىن ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ئىجابىي رولىنى جارى قىلى-
دۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شىنجاڭ ئازاد بولغان دەس-
لەپكى مەزگىلدە، «يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئارقىلىق ئاممىنى
سەۋەپەرۋەر قىلىش» يەنى، ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نىڭ دىن ساھەسىدىكى يۇقىرى تەبىقە زاتلىرى خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەپ، ئۇلار ئارقىلىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا خىز-
مەت ئىشلەيدىغان مۇھىم تەجرىبە بار ئىدى. بۇنى ئەينى چاغدىكى
شارائىت بەلگىلىگەن. ئەينى چاغدا، دىن ساھەسىدىكى زاتلارنى
قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى ئۈ-
چۈن، بىرىنچىدىن، دىن بىلەن خۇراپاتلىقنى، دىن خىزمەتچىلى-
رى بىلەن پومېشچىكلارنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ، دىن ساھەسى-



دىكى ۋەكىل زاتلار ھەر دەرىجىلىك يەر ئىسلاھاتى كومىتېتلىرىغا
قاتناشتۇرۇلغان، بەزىلىرى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا قويۇلغان، ھەمدە
دىن ساھەسىدىكى يۇقىرى تەبىقە زاتلىرى يەر ئىسلاھاتى نەتىجىلى-
رىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، يەر ئىسلاھاتى سىيا-
سىتى ۋە يەر ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈرلۈكىگە بولغان تونۇشى ھەقىقىي
تۈردە ئۆستۈرۈلگەن. ئىككىنچىدىن، يەر ئىسلاھاتى ۋە سوتسىيا-
لىستىك ئۆزگەرتىش داۋامىدا، مەسچىتلەرنىڭ چىقىمى ۋە دىنىي
تەلىم - تەربىيىچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن،
مەسچىت ۋە ئىبادەتخانىلارغا ئىلگىرىكى يېرىدىن مەلۇم مىقداردا
قالدۇرۇلغان. دىن ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ھەمكارلىق كوپېراتى-
پىغا قاتنىشىش - قاتناشماسلىقىدا، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇش
پرىنسىپى ئىجرا قىلىنغان. تۆۋەن دەرىجىلىك كوپېراتىپلاردىن
تارتىپ يۇقىرى دەرىجىلىك كوپېراتىپلارغىچە، ئۆز ئىختىيارلىقى
بىلەن كوپېراتىپقا كىرگەن مەسچىت، ئىبادەتخانىلارنىڭ ھەممى-
سىگە كوپېراتىپ مەلۇم ئىجارە يەر ھەققى بەرگەن. ئۈچىنچى-
دىن، 1956 - يىلدىن باشلاپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەستى-
قىي يولىيورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قال-
غان، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بولغان يۇقىرى تەبىقە دىنىي زاتلار-
غا مەلۇم مىقداردا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلگەن. يۇقىرى تەبىقە
دىنىي زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت
بېرىش ئارقىلىق ياردەمچى كۈچنى ئاشۇرۇپ، توسالغۇنى ئازاي-
تىش، يەر ئىسلاھاتى ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئوڭۇش-
لۇق ئېلىپ بېرىشقا تولىمۇ پايدىلىق بولغانلىقىنى ھەم ھەر
مىللەت ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە تامامەن ئۇيغۇنلىقىنى ئەمە-
لىيەت ئىسپاتلىغان. كېيىن «يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئارقىلىق
ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش» ئوتتۇرىغا قويۇلمايدىغان بولدى، بۇنى

چۈشىنىشكە بولىدۇ، لېكىن دىن ساھەسىدىكى يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى تەسىرى ۋە ئوينىغان رولى ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، 1981 ـ يىل «13 ـ ئۆكتەبىر» قەشقەر ۋەقەسىدە ئىشانچىلىقتىكى يۇقىرى قاتلام زات سەمەت مەخسۇم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىگە پائال ھەمكارلاشقانلىقتىن، ۋەقەنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى ھەمدە مەسىلىنىڭ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنىشىغا ناھايىتى پايدىلىق بولغاچقا، ئاممىنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى ياخشى بولدى. بۇ ۋەتەنپەرۋەر زات ئىشتىن بۇرۇن ئىسمى كۆرسىتىلمىگەن ئەھۋالدا، قەشقەر شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ سايلاندى. ئارقىدىنلا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى بولۇپ سايلاندى. يەنە مەسىلەن: شۇ يىلى 27 ـ ماي يۈز بەرگەن پەيزىۋات ئەكسىلئىنقىلابى قوراللىق توپىلىڭىدا، ھەربىيلىرىمىز قورشىۋالغان ئەھۋالدا، دىن ساھەسىدىكى يۇقىرى قاتلام زات يۇسۇپ داموللا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ خىزمەت ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ دىن ساھەسىدىكى ئابرۇيى ۋە مول دىنىي بىلىمى ئارقىلىق «يولۋاس ئۇۋىسى» غا كىرىپ قايىل قىلىش خىزمىتى ئىشلىگەنلىكتىن، ئورمانلىققا يوشۇرۇنغان 100 دىن كۆپ توپىلاڭچى قورال تاشلىغاچقا، بۇ توپىلاڭ قان تۆكۈلمەي تىنجىتىلدى. بۇ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتمۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى بولۇپ سايلانغان. قىسقىسى، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دىنىي زاتلار ئىچىدىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ



ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى داۋامىدا گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئارىسىدا ئاكتىپ تەسىر پەيدا قىلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بەزى ئالاھىدە ئەھۋاللاردا، ئۇلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئارىسىدا ئوينىغان رولىنى پارتىيە ئەزالىرىمىز ۋە كادىرلىرىمىز ئوينىيالمايدۇ. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ لېچۈەن ئېيتقاندەك، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ھەقىقەتەن ئالاھىدە تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئىجابىي رولىنى يۈكسەك دەرىجىدە مۇپەسسەل يىغىنچاقلاش بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ تۆھپە قوشۇش ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن.

2. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش توغرىسىدا. پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ۋە ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن 1958 ـ يىلدىن ئىلگىرى بولۇپمۇ شىنجاڭ ئازاد قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئادەتتە، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى تەشۋىق قىلىشلا تەكىتلىنىپ، ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى تەشۋىق قىلىش تەكىتلەنمىدى. چۈنكى ئەينى چاغدا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى چۈشەنمەيتتى، ھەتتا بەزىلەر پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىدىن گۇمانلاندى، بولۇپمۇ سىنىپىي دۈشمەنلەر ئىغۋا توقۇپ ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، «كومپارتىيە دىننى يوقىتىدۇ» دەپ جار سېلىپ،

پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشقا ئۇرۇندى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى تەرىپىنىلا تەشۋىق قىلىشنى تەكىتلەپ، ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى تەرىپىنى تەشۋىق قىلىشنى تەكىتلىمەسلىك سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئىغۋا توقۇپ ئاممىنى قايمۇقتۇرۇش مەقسىتىنى ئېچىپ تاشلاپ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يەر ئىسلاھاتى ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى تاماملاشقا پايدىلىق ئىدى. لېكىن دىن ساھەسىدە بەزىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارنى دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىشقا مەجبۇرلىغان جايلاردا، پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تەشۋىق قىلىنىپ، ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى تەرىپى ئېنىق سۆزلەندى، ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى تەرىپىمۇ ئېنىق سۆزلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي فېئودال ئىمتىيازىنى، ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش جەھەتتىكى ئىلغار تەلەپلىرىنى ئاكتىپ قوللىدى. يەنە مەسىلەن: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا لىن بياۋ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئىنتايىن «سول» چىللىقنى قۇترىتىپ، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى ۋە دىن خىزمىتىگە ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇشىنى چەكلىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۈشمەن كۈچلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىغۋا توقۇپ، قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقتىن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىدە دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلى-



كى سىياسىتىگە گۇمان تۇغۇلغاچقا، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىنكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش مەزگىلىدە ئېلىپ بېرىلغان پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتى تەشۋىقاتىدا، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى تەشۋىق قىلىش تەرىپى كۆپرەك تەكىتلەندى، بۇنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ھازىرغىچە، پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا تەشۋىق قىلدۇق، بۇ، دەۋرنىڭ تەلىپى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ: «سىياسەت ۋە تاكتىكا پارتىيىنىڭ ھاياتى» دېگەن ئىدى. تاكتىكا سىياسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بەزى چاغدا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى تەشۋىق قىلىشنى تەكىتلەشتىكى مەقسەتمۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىشتىن ئىبارەت.

3. دىنىي تۈزۈم ئىسلاھاتى توغرىسىدا. دىنىي تۈزۈم ئىسلاھاتىنى 1958 - يىل مەركىزىي كومىتېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭدىكى مەقسەت — دىنىنىڭ فېئودال ئىمتىيازى ۋە ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، ئاساسلىقى ئىسلام دىنى ۋە بۇددا دىنىدا يولغا قويۇلۇشىنى بىكار قىلىش ئىدى. بۇ دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، لېكىن دىن مەسىلىسى ئالاھىدە مۇرەككەپ بولغاچقا، ئۇنى مەملىكەت خاراكتېرلىك دېموكراتىك ئىنقىلاب ھەرىكىتى داۋامىدا تولۇق تاماملاش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، 1958 - يىلى يەنە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون شىنجاڭ-

نىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مۇھىم قارار چىقاردى: بىرى، بۇ خىزمەتنى مەخسۇس بىر ھەرىكەت سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، يەرلىك مىللەتچىلىككەقارشى ئىستىل تۈزىتىشكە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش، ئاساسلىقى، تەربىيە بېرىش ئارقىلىق، دىن ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، يەنە بىرى، «دىنىي تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش» شوئارىنى جەمئىيەتتە ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويماي، بەلكى «دىنىي فېئودال ئىمتىيازنى، ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ۋە دىن ساھەسىدىكى يامان ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش» شوئارىنى ياڭرىتىش لازىم. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ شوئارنىڭ كونكرېت ئەمەلدىيەتكە بىر قەدەر ئۇيغۇن ئىكەنلىكى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئاسان قوبۇل قىلىدىغانلىقى، كىشىلەر قەلبىگە تازا ياقىدىغانلىقى، شۇنداقلا مەسىلىنىڭ ئەجەللىك يېرى تۇتۇلۇپ، دۈشمەنگە ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالدۇرۇلمىغانلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا پايدىلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

4. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا دىن مەسىلىسىگە توغرا قاراش كېرەك. «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» دا مۇنداق ئېنىق كۆرسىتىلدى: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تەربىيىسى داۋامىدا، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىنى تەشۋىق قىلىش لازىم». ئاپتونوم رايونلۇق



پارتكوم مۇنداق كۆرسەتتى: پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن ماركسىزملىق دىن قارىشىنى تەشۋىق قىلىشى ئۆزئارا زىت ئەمەس. دىنىي دۇنيا قاراش بىلەن ماركسىزملىق دۇنيا قاراش بىر ـ بىرىگە زىت بولۇپ، مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدۇ، لېكىن دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى — پارتىيىنىڭ دىنغا قاراتقان بىر تۈرلۈك تۈپ سىياسىتى شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك تەدبىرى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغاش مەقسەت قىلىنغان. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ بىر خىل كونكرېت ئىپادىسى. مەنىۋىيەتنى بۇلغاش بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىش بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش. مەنىۋىيەتنى بۇلغاشنىڭ ماھىيىتى بۇرژۇئازىيەچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك «غەربلەشتۈرۈش» ، فېئودالىزم، كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئەكسىيەتچى ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە كاپىتالىزم يولىغا مېڭىش. فېئودال خۇراپىي ھەرىكەت بىلەن دىنىي پائالىيەتمۇ پرىنسىپ جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئىككىسى ئېتىقاد ئوبيېكتى، دىنىي ئەقىدىسى ۋە دىنىي دەستۇرلىرى، تەشكىلاتى ۋە مۇراسىم شەكىللىرى، پائالىيەت ئورنى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاشمايدۇ، شۇڭا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۆزىنى ئىلاھ كۆرسىتىپ، پەتىۋا توقۇپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇش ۋە مال ـ دۇنيا ئالداپ ئېلىشنى ئالاھىدىلىك قىلغان فېئودال خۇراپاتلىقنى قەتئىي بىكار قىلىش، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى

قەتئىي قوغداش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، سوتسىيالىستىك
مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ساغلام هالدا ئالغا راۋاجلىنىدۇ.
5. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل-
لاشتۇرۇش جەھەتتە، «سول» چىلىلىقتىنمۇ، ئوڭچىلىلىقتىنمۇ
ساقلىنىش، لېكىن «سول» چىلىلىقتىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە دىق-
قەت قىلىش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەن ئىدى:
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەھەتتە بىز ئىجابىي جەھەتتىكى،
سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبىلەرگە ئىگە، «سول» چىلىلىق خاتالى-
قى سادىر قىلىشتىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز
كېرەك» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» خەنزۇچە نەش-
رى 3 - توم، 139 - بەت). ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا،
50 نەچچە يىل داۋامىدا، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى
سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە، «سول» چىلىلىق خاتالىقى
1957 - يىلدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غىچە 20 يىلدىن
ئۇزاق داۋاملاشتى، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى
ئاچچىق ساۋاق ئىنتايىن چوڭقۇر بولدى. شۇڭا «سول» چىلىلىق-
تىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. پارتىيە 11
- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن
بۇيانقى 20 نەچچە يىل داۋامىدا، ئومۇمەن ئېيتقاندا، دىن سىيا-
سىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى ياخشى بولدى، بەزى جايلاردا
«سول» چىلىلىق خاتالىقى يەنىلا نىسبەتەن كۆپ ساقلاندى، ئەمما
ئوڭچىلىلىق خاتالىقىنى يوق دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. ئومۇمەن ئېيت-
قاندا، «سول» چىلىلىق خاتالىقىدىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمى-
يەت بېرىش لازىم، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ھەقىقەتنى
ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، «سول» چىلىلىق خاتالىقى بولسا «سول»
چىلىلىق خاتالىقىنى، ئوڭچىلىلىق خاتالىقى بولسا ئوڭچىلىلىق خاتا-



لىقىنى تۈزىتىش، نېمە خاتالىق بولسا شۇ خاتالىقىنى تۈزىتىش
كېرەك.

**(4) دىن ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى پىلان-
لىق تۈردە، قاتلاملار بويىچە تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش
لازىم.** بۇ، دىن خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىكى ئاچقۇچ، 50 نەچچە
يىللىق دىن خىزمىتىدە ھاسىل قىلىنغان ئىنتايىن مۇھىم تەجرى-
بە. شىنجاڭدا ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى
ساھەسىدىكى دىنىي زاتلار ئەڭ كۆپ، ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدى-
غان ئامما ئارىسىدا بىرقەدەر زور تەسىرگە ئىگە. ئۇلارنىڭ ئىدى-
يىۋى ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى دىنىنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەت-
لىك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش،
تەربىيىلەشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈ-
رۈش، دىن خىزمىتىدىكى بىر تۈرلۈك ئاساس ۋە نېگىزدىن
تۈزەش خاراكتېرلىك خىزمەت. ئاپتونوم رايون 1950 - يىللاردا
قۇرغان سىياسىي مەكتەپلەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىي-
لەيدىغان مۇھىم سورۇن بولۇپ، ئادەتتە ھەر يىلى ئۈچ قارار
كۇرس ئېچىلىپ ھەر قارارda 100 كىشى ئاساسلىقى ۋەزىيەت
تەربىيىسى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى، ۋە-
تەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەي-
تىش بويىچە تەربىيىلىنەتتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ۋىلايەت، ئوب-
لاست، شەھەرلەردە سىياسىي مەكتەپ ئاپپاراتىنى تېخىمۇ مۇ-
كەممەللەشتۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەكتەپنى شىن-
جاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتتى. بولۇپمۇ 2001 -
يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئەھمىيەت بەرگەنلىكى

ۋە رەھبەرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر) دىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تەربىيىلەش سىستېمىسى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، ھەممە پىلان تۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىسلام دىنى تەلىم - تەربىيىچىلىرى پىلان ۋە قاتلاملار بويىچە تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايون مەسئۇللۇقىدا ھەر يىلى 2000 كىشى تەربىيىلىنىپ، 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 7560 كىشى تەربىيىلەندى، 8000 كىشىنى تەربىيىلەش پىلانى ئاساسەن ئورۇندالدى. ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر) دىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئورۇنلار ھەر يىلى تەخمىنەن 5000 كىشىنى تەربىيىلەپ، 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 26 مىڭ كىشىنى تەربىيىلەپ، 21 مىڭ كىشىنى تەربىيىلەش پىلانىنى ئورۇنلىدى. بۇ، دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز دىنىي زاتلارنى ئەڭ زور كۆلەمدە ئۇنۇمى ئەڭ كۆرۈنەرلىك تەربىيىلىگەن تەربىيىلەش بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئىچكى جايلارغا ئېكىسكۇرسىيە، كۆزدىن كەچۈرۈشكە پىلانلىق ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيتىلدى، كۆرگەن - بىلگەنلىرى كۆپەيتىلدى. قىسقىسى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى سىياسىي ئىدىيە جەھەتتە پىلانلىق تەربىيىلەش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتكە بولغان تونۇشى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە بولغان تونۇشى ئۆستۈرۈلدى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقى كۈچەيتىلدى، بۇ، دىنىنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا پائال يېتەكلەشنى ئىل-



گىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولدى.

**(5) مۇستەقىل، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قاتتىق توسۇش لازىم.** ئۇزاقتىن بۇيان، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتىنى توختاتمىدى، ھەممە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشىمىزدىن پايدىلىنىپ، مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. بۇ، ئۇلارنىڭ دۆلىتىمىزدە «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش مەقسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئەكسىلئىنقىلابىي مەزمۇندىكى نۇرغۇن دىنىي كىتاب - ژۇرنال، ئۈن - سىن پلاستىنكىسى كىرگۈزۈش، «پان ئىسلامىزم»، «پان تۈركىزم» نى كۈچىنىڭ بارچە تارقىتىپ ۋە «غازات» نى تەرغىپ قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ۋە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسىغا، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىگە، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى، دىن سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قۇترىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇش.

2. يامان نىيەت بىلەن شىنجاڭدىكى ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى
چەت ئەلدە «دىنىي ئەقىدە» ئۆگىنىشكە جەلپ قىلىش. چەت
ئەلگە چىقىپ «دىنىي ئەقىدە» ئۆگىنىدىغان ياشلارنىڭ كۆپىنچى-
سى ۋەتەننى، يۇرتىنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش-
نى خالايدىغانلار بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشى-
لەرنىڭ چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈچى كۈچلەر ۋە باشقا
دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تەھدىت سېلىشى، قايمۇقتۇرۇشى ئارقىسى-
دا، يامان يولغا مېڭىپ قالغانلىقىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ.

3. چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى گۇرۇھلار ئاشكارا
ياكى مەخپىي يوسۇندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىن تۇغقان يوقلاشقا،
ھەج تاۋاپ قىلىشقا چىققانلارنى يېنىغا تارتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلى-
رىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان ئەكسىيەتچى ئىدىيە-
نى تارقىتىش. تۇغقان يوقلاش، ھەج - تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن
چەت ئەلگە چىققانلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى سوتسىيالىستىك
ۋەتەننى سۆيىدىغانلار، شۇنداقتىمۇ، بۆلگۈنچى گۇرۇھلارنىڭ ھىيى-
لە - مىكرى ۋە بەد نىيىتىدىن ھوشيار بولماي بولمايدۇ.

4. شىنجاڭدا ھەرىكەت قىلىشقا داۋاملىق ئادەم ئەۋەتىش.
بىرىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرىنى ۋە مەشھۇر دى-
نىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزگىنلەشكە، شۇنداقلا ھەرىكەت
نۇقتىسى قۇرۇشقا ئۇرۇنۇش. ئىككىنچىدىن، «پان ئىسلامىزم»
، «پان تۈركىزم» نى تەرغىپ قىلىپ، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيىنى
تارقىتىش، چەت ئەلدىن شىنجاڭغا كەلگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىن-
چىسىنىڭ ياخشى ئارزۇ بىلەن كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئەيىنلەشتۇ-
رۇش كېرەك. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە يامان مۇددىئا بىلەن
كېلىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان
يامان ئىشلارنى قىلىدىغانلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بول-



مايدۇ، ئۇنداقلار قاتتىق ئەيىبلىنىشى ۋە تېگىشلىك جازالىنىشى
لازىم.

چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ
سىڭىپ كىرىشى، بۇزغۇنچىلىق قىلىشى شىنجاڭدا ئىسلام دىنى
جەھەتتىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى كاتولىك دىنى، خىرىستىيان
دىنى جەھەتتىمۇ بار، بەزى مەسىلىلەر بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ،
سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى كۆزدە
تۇتۇپ مۇنداق كۆرسەتتى: شىنجاڭدىكى دىنلارمۇ مەملىكىتىمىز-
دىكى دىنلارغا ئوخشاش ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش، دىنىي
پائالىيەت سورۇنلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇ-
رۇپ، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ
ھەر خىل شەكىلدە سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرى-
شىنى قەتئىي چەكلىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە ئاساسلىقى، تۆۋەن-
دىكى خىزمەتلەر ئىشلەندى:

(1) ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىغا
سىياسىي ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش، سىڭىپ كىرىشنىڭ ئالدىنى
ئېلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن
كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش ھەرى-
كىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ئېغىرلىقى، زىيىنىنى تونۇپ يې-
تىپ، تاشقى ئىشلار ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، پارتىيە
ۋە دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دا-
مىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىن-
دى.

(2) ئالاقىدار تارماقلار زىچ ھەمكارلىشىپ، چەت ئەلدىن
ئەۋەتىلگەن ياكى ئېلىپ كېلىنگەن دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى

قاتتىق تەكشۈرۈپ، مەزمۇنى ئەكسىيەتچى بولغانلىرى بىردەك مۇسادىرە قىلىندى ۋە تۇتۇپ قېلىندى.

(3) ھەج تاۋاپقا، بولۇپمۇ تۇغقان يوقلاپ ھەج تاۋاپ قىلىشقا چىقىدىغانلارغا بولغان سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئۇلار چەت ئەلگە بارغاندىن كېيىن پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى توغرا تەشۋىق قىلىدىغان، سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم بولۇپ، مىللىي غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ يېنىغا تارتىشىغا ئاڭلىق ھالدا قەتئىي تاقابىل تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

(4) چەت ئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭدىكى دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئاساسىي قانۇن، قانۇن، قائىدە - نىزام ۋە سىياسەت بويىچە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلدى ۋە ئىجرا قىلىندى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلات تەكلىپ قىلمىغان ئەھۋالدا، چەت ئەللىكلەرنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ئىمامەتچىلىك قىلىشى ياكى ۋەز ئېيتىشى رەت قىلىندى، چەت ئەل دىنىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە دىنىي خادىملىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ دىن تارقىتىشى، دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تارقىتىشى ۋە چەت ئەلدە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشى رەت قىلىندى. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ چەت ئەللەرنىڭ ۋەز ئېيتىپ ئۈن ۋە سىنغا ئېلىنغان پلاستىنكىلىرىنى قويۇپ بېرىشىگە يول قويۇلمىدى. چەت ئەل دىن تەشكىلاتلىرى ياكى شەخسلەرنىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە دىنىي پائالىيەت ئۇقتىسى قۇرۇش مەقسەت قىلىنغان دىنىي پاراۋانلىق



ئەسلىھەلىرىنى تەسىس قىلىشى قەتئىي چەكلەندى. چەت ئەل دىنىي تەشكىلاتلىرىنىڭ پۇلنى يەمچۈك قىلىپ دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا ئۇرۇنۇشى قەتئىي چەكلەندى. شەرتلىك بېرىلگەن ئىئانىلارنى قوبۇل قىلىشقا بىردەك يول قويۇلمىدى. بۇ جەھەتتە كۆرۈلگەن مەسىلىلەر قاتتىق بىر تەرەپ قىلىندى.

(5) چەت ئەلگە دىنىي ئوقۇشقا چىققان ياشلارغىمۇ تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم تەربىيىسى بېرىلدى، ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نەتىجىلىرى، شىنجاڭدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر تەشۋىق قىلىنىپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ شىنجاڭنىڭ دىن ئىشلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا خىزمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى.

**(6) پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى ۋە ياخشىلاندى.** يولداش خۇ جىنتاۋ مۇنداق كۆرسەتتى: «پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ ھۇجەيرىسى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاساسىي قاتلامدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئاساس پۇختا بولمىسا ھېچ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، شۇڭا ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمىتىنى تۇتۇشنى ھەرقانداق ۋاقىتتا بوشاشتۇرۇشقا بولمايدۇ». شىنجاڭدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە نىسبەتەن ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان

ئاممىغا خىزمەت ئىشلەش ھېسابلىنىدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان
ئاممىنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ئاساسىي قاتلامدا بولۇپمۇ دېھقانچى-
لىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. ئىككىنچىدىن،
دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش، بۆ-
زۈكچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسىي قاتلامدا
بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆرۈلىدۇ. ئۈ-
چىنچىدىن، ئادەتتىكىدەك قىلىپ ئېيتقاندا، ئاساسىي قاتلامدىكى
دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا قارىتىلغان سىياسىي ئىدىيىۋى
تەربىيە خىزمىتى نىسبىي ئاجىز بولىدۇ. شۇڭا، ئاساسىي قاتلام
پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش —
دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغ-
داشنىڭ ئاچقۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پار-
تىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز
كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكتىن يۇ-
قىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار بۇ خىزمەتنى مۇھىم ئىشلار
كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، پارتىيە
ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكى-
لىي قۇرۇلۇشى، ئىستىل قۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى
ھەقىقىي كۈچەيتىش ۋە ياخشىلىشى لازىم. ئۆگىنىش ۋە تەربىيە-
لەش ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە ئىدىيە-
ۋى سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەر-
نى ھەقىقىي يوسۇندا ھەل قىلىشى لازىم. ئاساسىي قاتلام پارتىيە
تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش جەھەتتىكى
ئاچقۇچلۇق مەسىلە شۇكى، چوقۇم كۈچلۈك رەھبەرلىك بەنزىسى
بولۇشى، بولۇپمۇ ياخشى «رەھبەر» بولۇشى، بۇلار مەيدانى مۇس-
تەھكەم، سىياسىي سەزگۈرلۈكى كۈچلۈك، بايرىقى روشەن بو-



لۇپ، پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى
مەردانىلىك بىلەن ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە
ئىجرا قىلىشقا، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداش، دىندىن
پايدىلىنىپ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا قارشى تۇ-
رۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇشى، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ
ۋە يېتەكلەپ، دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ
بارغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي كۈ-
رەش قىلىشقا ماھىر بولۇشى، ھەمدە يوشۇرۇن ئاپەتنى بىخ ھالەت-
تە يوقىتىپ، خەلقنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرە-
لەيدىغان بولۇشى كېرەك.

## 4 . خاتىمە

نۆۋەتتە، خەلقئارا ۋەزىيەت مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولۇ-
ۋاتىدۇ. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۈشمەن كۈچلىرى دۆلى-
تىمىزگە قاراتقان «تېنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ، «غەربلەشتۈرۈش»
، «پارچىلىۋېتىش» سىياسىي سۈيىقەستىنى قىلچە ئۆزگەرتمە-
دى. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر يەنىلا
غالجىرلارچە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.
ئىچكى - تاشقى بارلىق دۈشمەن كۈچلەر تۈرلۈك ئامىللار بىلەن
دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرى-
كىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. بىز يولۇققان دۈشمەنگە قارشى
تۇرۇش كۈرەش ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن جىددى بولۇۋاتىدۇ.
بىز ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش،
دۆلىتىمىز ئەبەدىي ئامان بولۇش ئومۇملۇقىنى چىقىش قىلىپ،
سىياسىي ئاڭ، ئومۇملۇق ئېڭى، كۆلپەت ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت

ئېغىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مېغىزىنى باشتىن ـ ئاخىر سەگەك
تۇتۇپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە دىن خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوبدان
ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇش
لازىم. مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يولىيو-
رۇقىنىڭ روھى بويىچە، شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن
كېيىنكى دىنىي خىزمەت ۋەزىپىسى — پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد
قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئو-
مۇمىيۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، دىن ئىش-
لىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، دىنىنى سوتسىيا-
لىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، مۇستەقىل،
ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا
چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ دىن ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر-
لىكسېپىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مۇقىملىقنى
قوغداپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋى-
لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتەننى بىرلىككە
كەلتۈرۈش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ۋە ئورتاق تەرەققىياتنى
ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت.
بىز شىنجاڭنىڭ 50 نەچچە يىلدىن بۇيانقى دىن خىزمىتى نەتىجى-
لىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنىڭدىن
كېيىنكى دىن خىزمىتى ۋەزىپىسىنىڭ يەنىلا ئېغىر، جاپالىق
بولىدىغانلىقىنى، دىن ساھەسىدە يەنىلا سەل قاراشقا بولمايدىغان
بەزى مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، بۇ مەسىلىلەرنى يەنىمۇ
چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش
لازىملىقىنى، بولۇپمۇ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە
يەنىمۇ كۈچەيتىپ، داۋاملىق تۈردە پىلانلىق يوسۇندا، قاتلاملار
بويىچە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەپ، ھەر دەرىجىلىك



پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوتتۇرا دەرىجى-
لىكتىن يۇقىرى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا مارك-
سىزملىق دىن قارىشى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.
قىسقىسى، پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىدە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرى-
لەشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. بىز شۇنىڭغا قەتئىي
ئىشىنىمىزكى، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى،
دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم
ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يولداش خۇجىنتاۋ باش شۇجىلى-
قىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارت-
كومنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ ئور-
تاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ دىن خىزمىتىنىڭ پارتىيى-
نىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە مۇلازىمەت قىلىش جەھەتتە چوقۇم
يېڭى ۋە تېخىمۇ زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ
سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)

ئىمىنجان دۇگامەت تەرجىمىسى

# شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشتىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى

كېرەم ھاشىم

1931 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ياپون جاھانگىرلىكى
ئەسكەر چىقىرىپ ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىنى بېسىۋال-
غاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى غايەت زور
ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى بىلەن كۈچلۈك، ھەققانىي غەزەپ
نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن. يازغۇچىلار، شائىرلار، ئوقۇتقۇچىلار،
ئوقۇغۇچىلار، ئارتىستلار ۋە باشقا ھەرقايسى ساھەدىكىلەر ئىستى-
خىيىلىك ھالدا ھەرىكەتكە كېلىپ، ياپونغا قارشى ۋەتەنپەرۋەر-
لىك تەشۋىقى تەربىيە ھەرىكىتى قوزغىغان. شېڭ شىسەينىڭ
مىللەتارىست ھۆكۈمىتى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ بېسىمى
ئاستىدا بىرقەدەر ئاقىلانە بولغان «جاھانگىرلىككە قارشى تۇ-
رۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، دېموكراتىيىنى
يولغا قويۇش، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى سۆيۈش،
قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» تىن ئىبارەت ئالتە چوڭ سىياسەتنى
ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولغان. 1936 ـ يىلى «شىئەن ۋەقەسى»
دىن كېيىن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ جاپالىق، ئىنچىكە ۋە



سەۋرچانلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتى ئىشلىشى ئارقى-
لىق، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ياپونغا قارشى ۋەتەنپەرۋەر-
لىك بىرلىكسېپى ئورنىتىلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيى-
سى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى چېن
تەنچيۇ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئىنىسى ماۋزېمىن زور بىر تۈركۈم
كوممۇنىستلارنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ شىڭ شىسەي ھۆكۈمى-
تىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپ، 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا
تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىنى قۇرغان. جۇڭگو كومپارتىيىسى
ئەزالىرىنى رەھبىرىي تايانچ قىلىپ «شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا
قارشى تۇرۇپ ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارقا سەپ ياردەم بېرىش جەمئى-
يىتى» ۋە «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش
بىرلەشمىسى» (خەنزۇچە نامى قىسقارتىلىپ «فەندىخۆي» دېيىل-
گەن) نى قۇرۇپ چىقىپ، ئاممىنىڭ ئىستىخىيىلىك ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك قىزغىنلىقىنى تەشكىلىي، پروگراممىسى، پىلانى بولغان
ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى نىشانىغا يېتەك-
لىگەن. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر دېھقانلار
يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئېتىزنى تاشلاپ ئالتاي، خوتەن، قەشقەردى-
كى ئالتۇن كانلىرىغا بېرىپ ئالتۇن كۈمۈش تاۋلاشقا قاتنىشىپ،
ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بەرگەن. جاپالىق ئەمگەك شارائى-
تىدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھاياتىدىن ئايرىلغان. شىنجاڭدا ئە-
زەلدىن تاشيول بولمىغاچقا ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىدى-
غان ئەشيالارنى توشۇشقا مۇمكىنچىلىك بولمىغان. شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان
ئەشيالارنى توشۇش ئۈچۈن يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش ھەرى-
كىتى قوزغىغان. ئاتاقلىق يازغۇچى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ،
زۇنۇن قادىر ۋەكىللىكىدىكى زىيالىيلار ئاممىسى ياپونغا قارشى

ئۇرۇشنى تېما قىلغان 100 دىن ئارتۇق دراما، تىياتىر، 1000 پارچىدىن ئارتۇق فېلىيەتون، شېئىر قاتارلىق تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ ئېلان قىلغان. مەكتەپلەرنىڭ مۇئەللىملىرى ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ كەسپىي ئارتىستلار بىلەن بىرلىكتە خالىسانە ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغان، شۇ چاغدا ئاران 10 مىڭ ئاھالىسى بولغان چەت، ياقا تاغلىق رايوندىكى كەلپىن ناھىيە خەلقىلا 45 مىڭ سەر كۈمۈش پۇل ئىئانە قىلغان.

1937 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرىدە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ نىشانىنى سولغا بۇراپ، ئاممىنى تەشكىللەش، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش، ياپونغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىش، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا تەۋە رايونلۇق ئۇيۇشمىلاردا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىلى قۇرۇلغان. سودا - سانائەت ساھەسىدىكى 300 نەپەردىن ئارتۇق زاتلار جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىگە قاتناشقان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەرقايسى رايونلۇق تەشكىللىرى خالىسانە دراما، تىياتىر ئويناش، كىنو قويۇش ئارقىلىق ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە توپلىغاندىن سىرت، يەنە سودا - سانائەت ساھەسىدىكى زاتلارنى پۇل، مال - مۈلۈك ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغان. بەزى سودا دۇكانلىرى خالىسانە مال سېتىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۈچ كۈنلۈك كىرىمىنى ئىئانە قىلغان. 1937 - يىلى 9 - ئايدىن 1940 - يىلى 5 - ئايغا قەدەر ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سودا - سانائەت ساھەسى 720 مىڭ سەر كۈمۈش قىممىتىدە ئىئانە توپلىغان.



1938 - يىلى 2 - ئايدا قەشقەر شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەن قۇتقۇزۇش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسى» بىلەن «شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارقا سەپ ياردەم بېرىش جەمئىيىتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى» نى قۇرغان. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئاساسلىق تەركىبى قەشقەر شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. بۇلارنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى ۋە رەھبەرلىكىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ سودا - سانائەت ساھەسى ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەن قۇتقۇزۇش دولقۇنى قوزغىغان. سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ تايانچى بولغان 10 چوڭ شىركەت ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە 640 مىڭ سەر كۈمۈش پۇل ئىئانە قىلغان. يەككە، خۇسۇسىي تىجارەتچىلەر 544500 سەر كۈمۈش پۇل ئىئانە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ئۇيغۇر يازغۇچىلار يازغان «شاڭخەي كېچىسى»، «كۆرەش قىزى»، «پادىشاھ سامورايلىرى قاتتىق ھالسىرايدۇ» قاتارلىق ياپونغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان دراما تىياتىرلارنى خالىسانە ئويناشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، خالىسانە كىنو قويۇپ 80 مىڭ سەر كۈمۈش پۇل ئىئانە توپلىغان. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلق ئاممىسى ۋە سودىگەرلەر ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ياردەم بەرگەن.

ئومۇمەن ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە ئارقا سەپتە تۇرۇۋاتقان شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىمۇ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشقان.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن)

# كونا ۋە يېڭى كۇرەدە ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىم

سىدىق ئىمىن

مەن 1909 ـ يىلى هازىرقى قورغاس ناهىيىسىنىڭ كۇرە يېزىسىدا تۇغۇلدۇم. 1959 ـ يىلغىچە 50 يىل كۇرەدە تۇردۇم، 1960 ـ يىلى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كۇرەدىن ئايرىلىپ، بۇ ناهىيىنىڭ تەلكە چارۋىچىلىق فېرمىسىغا يۆتكەلدىم.

مېنىڭ ئۆمرۈمنىڭ كۆپ قىسمى كۇرەدە ئۆتتى. مەن ياش چېغىمدىن باشلاپلا جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. بۇ چاغدا، كونا، يېڭى كۇرەدىكى ئەھۋاللارنى كۆرگەن ۋە بىلىدىغان پېشقەدەملەر كۆپ ئىدى. كۇرەدىكى جاڭجۇن مەھكىمىسىنىڭ ساماۋەرچىسى بوۋاخۇنكام، يېڭى كۇرە سېپىلىنى سوقۇشقا قاتناشقان ئىسلام ئاكا بوتۇڭ، سودىگەرلەر جەمئىيىتى يەنى شاڭۇۋخۇينىڭ هەيئەت ئەزاسى هەزىزاخۇن كەنجىباي، جاڭجۇن يامۇلىدا تۇرغان خى شاۋيى (مانجۇ، ئۇيغۇر تىلى بىلىدۇ) قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. مەن بەزى سورۇنلاردا، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن كونا ۋە يېڭى كۇرەدە بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى ئاڭلايتتىم، بەزىدە ئۇلاردىن كۇرەدە ئۆتكەن جاڭجۇنلەر، ئەمەلدارلار، كۇرەدىكى يامۇللار، ئەڭ كېيىنكى جاڭجۇن ۋە ئۇنىڭ هۆكۈمرانلىقى، مەغلۇبىيىتى، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ



ئىلىغا تەسىرى، جۇڭخۇا مىنگونىڭ قۇرۇلۇشى، مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى هاكىمىيەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئالاقىدار مۇهىم ـ مۇهىم ئىشلارنى سوراپ بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتىم. ماڭا مۇشۇ ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرگەن كىشىلەر شۇ چاغلاردىلا 70 ياشتىن ئاشقانىدى. مانا بۇنىڭغا هازىر 60 يىلدىن ئاشتى، بۇ ئىككى يىلنى قوشقاندا 130 يىلدىن ئاشىدۇ. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەچكە ۋە ئۆزۈمنىڭ يېشىم چوڭىيىپ قالغاچقا، ئاڭلىغان، كۆرگەن ئىشلارنى ۋاقتى قەرەلى بىلەن ئەينەن ئەستە ساقلاش مۇمكىن ئەمەسكەن. شۇنداق بولسىمۇ، باشقىلارغا، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزغا پايدىسى تېگىپ قالار، دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۆزۈم ئاڭلىغان، كۆرگەن ئىشلارنى قايتا ـ قايتا ئەسلەپ، قىسمەن تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئىزدىنىپ، سوراپ، سۈرۈشتە قىلىپ كونا ـ يېڭى كۇرە تارىخىغا دائىر تۆۋەندىكى تارىخىي ماتېرىيالنى يېزىپ چىقتىم. بۇ دەل توغرا، تولۇق بولماسلىقى مۇمكىن، كۆرۈش جەريانىدا يولداشلارنىڭ توغرىلىشىنى، تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## كونا كۇرەنىڭ ۋەيران قىلىنىشى

1762 ـ يىلى قۇرۇلغان كونا كۇرە چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ئىلى جاڭجۇنى تۇرغان ئورۇن. ئىلى جاڭجۇنى ئەينى يىللاردا شىنجاڭدىكى ئەڭ كاتتا هەربىي ئەمەلدار بولۇپ، ئۇنىڭ هوقۇق دائىرىسى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئۇ هەم هەربىي، هەم مەمۇرىي هوقۇق يۈرگۈزەتتى. مەهكىمە خىراجىتى، چېرىكلەرنىڭ خىراجىتى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار خىراجىتى پۈتۈنلەي يەرلىك خەلقتىن شۇ-

لۇپ ئېلىناتتى، شۇڭا سېلىق ۋە ئالۋاڭنىڭ تۈرى، مىقدارى ناھايىتى كۆپ ئىدى. جاڭجۈن ۋە ئۇنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرى پۈتۈنلەي سېپىل ئىچىدىكى جاڭجۈن مەھكىمىسىگە بېكىنىۋېلىپ ھوقۇق يۈرگۈزەتتى، سىرتقا چىقىپ خەلقنىڭ دەردى - ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقمايتتى، ئۇققان تەقدىردىمۇ، خەلقنىڭ زارى بىلەن كارى بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ سېلىقى يىلمۇ يىل كۆپىيىپ، زۇلۇم كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى، خەلقنىڭ غەزىپى كۈنسېرى ئاشتى. 1864 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. قولىغا كالتەك، چوماق ئالغان قوزغىلاڭچىلار سادىر پالۋان قاتارلىق ئەل سۆيەر سەركەردىلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا غۇلجا شەھىرىنى تېز ئىگىلەپ، بايانداي سېپىلىنى، ئاندىن ئىلى جاڭجۈنى تۇرۇشلۇق جاي — كۈرە سېپىلىنى پارتلىتىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىدىكى زۇلۇمىغا خاتىمە بەردى. شۇنچە چېرىك، خىل قوراللار بىلەن تاياق - توخماقلىق خەلقتىن يېڭىلگەن ئىلى جاڭجۈنى مىڭ شۈي خەلقنىڭ غەلىبىسى ئالدىدا ئەلەمگە چىدىماي ئايالى، ئىككى ئوغلى ۋە بىر قىزى بىلەن ئۆزىگە ئوت يېقىپ، پاجىئەلىك ھالدا ئۆلۈۋالدى. جاڭجۈننىڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىشى بىلەن تەڭ كونا كۈرەمۇ غەزەپكە كەلگەن قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن تۈپتۈز قىلىۋېتىلدى.

## شىنچىڭ — يېڭى كۈرە قەلئەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە جاڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ قايتا تىكلىنىشى

چىڭ سۇلالىسى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولغان جىن شۈننى ئىلى



جاڭجۈنى قىلىپ تەيىنلىدى. ئارقىدىنلا يېڭى كۈرە قەلئەسىنى قۇرۇش يارلىقىنى چۈشۈردى. جىن شۈن خاننىڭ يارلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، يېڭى كۈرە قەلئەسىنى ھازىرقى ئورۇنغا سېلىشنى لايىق كۆرۈپ، خانغا مەلۇم قىلدى، خاننىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قەلئە قۇرۇلۇشىنى باشلىدى.

جىن شۈن قەلئەنى پۈتۈنلەي پۇقرانىڭ كۈچىگە تايىنىپ قۇرۇشنى قارارلاشتۇرغاندىن كېيىن مىڭ ئامبالنى سېپىل سوقۇش ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل (ئەينى چاغدا سېپىل سوقۇشقا قاتناشقان ئىسلام بوتۇڭ ئېيتىپ بەرگەن) قىلدى. ئامباللار تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ 1000 دىن كۆپرەك دېھقاننى يىغقان، بۇ كىشىلەر 10 بۆلەككە، بۇ 10 بۆلەكنىڭ بىرى يەنە 10 بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ھەر 100 كىشىگە بىر يۈز بېگى، ھەر 10 كىشىگە بىردىن 10 بېگى باشلىق قىلىپ بېكىتىلگەن، ھەر 100 كىشىگە بىردىن بوتۇڭ مەسئۇل قىلىنغان، بوتۇڭ كىشىلەرنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلغاندىن تاشقىرى، سېپىل سوقۇش ۋەزىپىسىنى ئۆلچەپ بېرىپ تۇرىدىكەن. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، سېپىل سوقۇش شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇبتىن بىرلا ۋاقىتتا باشلىنىپ، ئومۇمەن سېپىلنىڭ ئايلىنىشى 12 چاقىرىم، ئېگىزلىكى يەتتە يېرىم مېتىر، ئاستى بەش مېتىر، ئۈستى تۆت مېتىر كەڭلىكتە بولۇپ، سېپىلنىڭ ئۈستىدە سەككىز ئات سۆرەيدىغان ئوتتۇرا كالىبىرلىق زەمبىرەك بىمالال يۈرەلەيدىكەن ھەم تۆت قاتار تىزىلغان چېرىكلەرمۇ ئەركىن ماڭالايدىكەن. سېپىلنىڭ ھەر 100 مېتىر ئارىلىقىدا بەش چېرىك ئازادە تۇرالايدىغان كىچىك قوقتا (پوتەي)، سېپىلنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ئىككى قەۋەتلىك قەدىمىي ئۇسۇلدا ياسالغان بىر پەي چېرىك تۇرالايدىغان چوڭ قوقتا ياسالغان. قەلئەنىڭ تۆت تەرىپى-

گە كۆك پىششىق خىشتىن مۇستەھكەم، ئاركىلىق ھەم كاھىش-
لىق كاتتا دەرۋازا ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى قەۋەت ئېگىز چوڭ
قوقتا سېلىنغان بولۇپ، قوقتىنىڭ دەرۋازىسى تۆمۈردىن قاپلانغا-
نىكەن، ئۇنىڭغا 10 ~ 20 جىڭ ئېغىرلىقتىكى قۇلۇپلاش زەنجى-
رى بېكىتىلگەنىكەن. سېپىل پۈتكەندە بۇ يەرگە بىر پەي ئەسكەر
تۇرغۇزۇپ، بىردىن زەمبىرەك تىكلەپ قويۇلغانىكەن. بۇنىڭدىن
تاشقىرى، چوڭ سېپىلنىڭ 100 مېتىر سىرتىغا ئېگىزلىكى ئۈچ
مېتىر كېلىدىغان، پۈتۈن سېپىلنى ئايلىنىپ ئوراپ تۇرىدىغان
ئالتە سېپىل سوقۇلۇپ، ئالاھىدە دەرۋازىلار بېكىتىلگەنىكەن،
مەزكۇر ئالتە سېپىلنىڭ سىرتىغا كەڭلىكى 50 مېتىر، چوڭقۇر-
لۇقى 10 مېتىر كېلىدىغان پۈتۈن سېپىلنى ئوراپ تۇرىدىغان
خەندەك قېزىلغان بولۇپ، دۈشمەن قەلئەگە ھۇجۇم قىلماقچى
بولسا، خەندەكنى سۇغا تولدۇرۇپ، قەلئەنى مۇداپىئە قىلىش
پىلانلانغانىكەن.

سېپىل ياساشقا قاتناشقان چوڭلارنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشى-
چە، قولىغا سىم ئورالغان يىلان قامچا تۇتقان يۈز بېگىلەر ئىش
ئورنىنى تىنىم تاپماي ئايلىنىپ يۈرىدىكەن، مۇبادا، بەزى بىرلى-
رى چارچاپ، قەددىنى رۇسلىۋېلىش ئۈچۈن بىردەم - يېرىمدەم
دەم ئېلىپ قالغانلىقىنى كۆرسە، ئۇنداقلارنى شۇ يەردىلا باستۇ-
رۇپ يىلان قامچا بىلەن ئۇرۇپ، ھالىدىن كەتكۈزۈپ تاشلايدى-
كەن. ھەربىر بوتۇڭ ئۆلچەپ بەرگەن يەردىكى سېپىل تېمى
پۈتتۈرۈلگەندە، يۈز بېگى ئامبالغا مەلۇم قىلىدىكەن، ئۇ تەكشۈ-
رۈپ ئۆلچەمگە لايىق بولسا ئالىدىكەن، بولمىسا ئالمايدىكەن.
تەكشۈرۈپ ئېلىشقا، قولىغا ئۇزۇن ساپلىق نەيزە تۇتقان كىشى
نەيزىنى كۈچ بىلەن سېپىلغا سانجىيدىكەن، ئەگەر نەيزە مەلۇم
يېرىگىچە سېپىلغا پېتىپ كەتسە، مەسئۇل بولغان بوتۇڭنى شۇ



يەردىلا بېسىپ ئۇرۇپ، سېپىلنى يارىماسقا ھۆكۈم قىلىپ، سې-
پىلنى تاپشۇرۇپ ئالمايدىكەن. ئەلەمدە قالغان بوتۇڭلار ئاپقۇرلاپ
ياخشى ھاراق، چېكىشكە ئەپيۇن تەييارلاپ، يۈز بېگى، ئامباللار-
نىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ يىغلاپ، ئاز دېگەندە 20 ~ 30 سەر
ئاق كۈمۈش تارتۇق قىلىپ، ئاندىن سېپىلنى ئۆتكۈزىدىكەن.
كىشىلەر شۇنداق زوراۋانلىق ئىچىدە 2 ~ 3 مېتىر يىراقتىن
توپا قېزىپ، توپىنى قاپ تاغار، زەمبىل بىلەن يەتتە مېتىر
ئېگىزلىكتىكى سېپىل ئۈستىگە ئېلىپ چىقىدىكەن. ئىش قاتتى-
تىق، دەم ئېلىش ئاز، يېمەك - ئىچمەك يېتەرسىز بولغانلىقى
ئۈچۈن، كىشىلەر تومۇز ئاپتاپلىرىدا تولغاق، بەزگەك، كېزىك
بولۇپ ئاھۇ - ۋاي بىلەن كۈنىگە بىرنەچچە ئادەم كېسەل سەۋەبى
بىلەن ئۆلسە، بەزىلەر يىلان قامچىنىڭ زەربىسىدىن قان يۇتۇپ
ئۆلىدىكەن، ئۆلگەن، ئاغرىغانلار بىلەن كارى بولماي، ئۇلارنى
سىرتقا تاشلاپ، ئورنىغا ئادەم تولۇقلاپ تۇرىدىكەن. سىرتقا چى-
قىرىپ تاشلانغان ئاغرىقلار ئىگە - چاقىسىز مۇساپىرلار بولۇپ،
سېپىلغا توپا ئېلىنغان جايلاردا يېتىپ قالىدىكەن. يۇرت ئىچىدى-
كى ھەسەن ئاقساقال، ئىسلام ئاكا، قۇۋان پالۋان قاتارلىق
كىشىلەر ۋە جامائەت كېلىپ، ئۆلگەنلەرنى قائىدە بويىچە دەپنە
قىلىدىكەن، ئاغرىق - سىلاقلارنى يۆتكەپ، مەسچىتنىڭ مۇسا-
پىرخانىسىغا ياكى ھەسەن ئاقساقال چايخانىسىغا يۆتكەپ ئورۇن-
لاشتۇرۇپ، جامائەت ياردەم قىلىپ باقىدىكەن. سېپىل مانا شۇن-
داق مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قان تەرى، جېنىدىن جۇدا قىلىنىشى
بەدىلىگە ئۈچ يىل ئىچىدە پۈتكەنىكەن. سېپىلنىڭ تۆت بۇرجىكى-
گە سېپىلدىن 4 ~ 5 چاقىرىم يىراقلىقتا بىردىن جەمئىي تۆت
كىچىك سېپىل بىنا قىلىنىپ، سېپىلنىڭ ئىچىگە گازارما قۇ-
رۇپ، ھەربىرىگە بىردىن جەمئىي تۆت ئاتلىق مۇھاپىزەتچى تۇر-

غۇزغانىكەن. بۇ ئاتلىق مۇھاپىزەتچىلەر ئۆزىگە تېگىشلىك دائىرە
ئىچىدە چارلاش ئېلىپ بېرىپ چوڭ كۇرەنى قوغداش ۋەزىپىسىنى
ئۆتەيدىكەن.

جىن شۇن جاڭجۇن چىڭ سۇلالىسى خانىنىڭ ئەمرى بويىچە
سېپىلنى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن،
خانغا ئالاھىدە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئاندىن كۇرە قەلئەسىنى
شىنچېڭ — يېڭى كۇرە دەپ ئاتاپ، ئۇنى ئىلى تەۋەسىگە جاكارلىـ
غانىكەن. يېڭى كۇرە كونا كۇرەنىڭ سەككىز كىلومېتىر غەربىي
شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، جاڭجۇننىڭ جاكاسىدىن كېيىن
«كۇرە» دەپ ئاتالغانىكەن.

## كۇرە قەلئەسىنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشى

كۇرە سېپىلى سوقۇلۇپ، دەرۋازىلىرى بېكىتىلىپ بولغاندـ
دىن كېيىن، ئىچكى قۇرۇلۇشى ياسالغانىكەن. ئۇلار: جاڭجۇن
يامۇلى — جاڭجۇنفۇ، دۇتۇڭ يامۇلى، تۆت چوڭ لۇڭدۇي، تۆت
شىلىڭ، 16 زولىڭ يامۇلى، پىيادە، توپچى ۋە ئاتلىق قىسىملار
گازارمىسى، ئامبار ھەم بىر قانچە ئىبادەتخانا قاتارلىقلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدىكەن. قەلئەنىڭ كوچىلىرى چاقماق شەكلىدە بوـ
لۇپ، تۈز ھەم كەڭ ئىكەن، ئەينى زاماندا شەرقىي دەرۋازىسى
«دوڭگۇەن» دەپ ئاتىلىپ، دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ئۇيغۇر، خۇيـ
زۇ، خەنزۇ ئاھالىلىرى ئولتۇراقلاشقانىكەن، غەربىي دەرۋازىنى
«تارجى» دەرۋازىسى، جەنۇبىي دەرۋازىنى «نەنگۇەن» سۇلۇم
دەرۋازىسى، شىمالىي دەرۋازىنى «بېيگۇەن» سۈيدۇڭ دەرۋازىسى
دەپ ئاتايدىكەن. شەرقىي دەرۋازىدىن غەربىي دەرۋازىغا، شىمالىي
دەرۋازىدىن جەنۇبىي دەرۋازىغا ئۇدۇل مەركىزىي چوڭ كوچا ئېـ



لىنغان بولۇپ، قەلئەنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئېگىزلىكى يەتتە
مېتىر، كەڭلىكى 50 مېتىر كېلىدىغان كۆك خىشتىن تۆت
ئەگمە دەرۋازىلىق بىر قورغان —سۇپا ياكى سەھنە ياسىلىپ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىدا ئۈچ قەۋەتلىك
جۇڭگوچە راۋاق ياسالغانىكەن؛ قەلئەنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى تەـ
رىپىدىكى مەركىزىي كوچىغا جاڭجۇن مەھكىمىسى — جاڭجۇنفۇ،
ئىككى لىڭدۇي، بىر شىلىڭ يامۇلى، بىر قەلئە باشقۇرۇش
ئامبىلى يامۇلى (ساقچى ئىدارىسىگە تەڭ)، بىر ئورۇنغا ھۆكۈـ
مەت پۇل ئىدارىسى — گۈەنچەنجۈي، ئىككى ئورۇنغا چوڭ ئىباـ
دەتخانا سېلىنغانىكەن؛ قەلئە ئىچىدىكى چوڭ كوچىنىڭ بويىدىن
تىجارەتچىلەرگە، قول ھۈنەرۋەنلەرگە دۇكان سېلىش ئۈچۈن يەر
تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىكەن.

## جاڭجۇنفۇ — جاڭجۇن مەھكىمىسى

جاڭجۇن مەھكىمىسى شەرقىي چوڭ كوچىنىڭ ئوتتۇرا قىسـ
مىغا جايلاشقان كاتتا قورغان ئىچىدە بولۇپ، يەر مەيدانى 300
كۋادرات مېتىر كېلەتتى. بۇنىڭ چوڭ دەرۋازىسى جۇڭگودىكى
قەدىمىي خان سارايلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىلىرىغا ئوخشاش
ئېگىز كۆتۈرۈپ ياسالغان، ئۆگزىلىرى كاھىشلانغان، تۆت ئەتراـ
پى يېشىل خىشتىن ياسالغان ئەجدىھار باشلىق لۇڭتۇ ۋە سېرىق
سىرلىق ساپال گۈللەر بىلەن نەقىشلەنگەنىدى؛ دەرۋازىنىڭ ئىكـ
كى تەرىپىدە تاشتىن ياسالغان، ئېگىزلىكى ئىككى يېرىم مېتىر
كېلىدىغان ئىككى شىر بىر - بىرىگە ھومىيىپ تۇراتتى؛ دەرۋازدـ
دىن 20 مېتىر نېرىدىكى ئىككى يەردە ئىككى سۇپا بولۇپ، ھەر
خىل سىردا سىرلانغان جۇڭگوچە شىپاڭ يەنى راۋاقچە بار ئىدى،

ئۇنىڭ بىرسىگە ئۈزۈنلۈكى ئۈچ مېتىرچە كېلىدىغان چوڭ، بوم ئاۋازلىق سىرىق مىس كانايدىن ئىككىسى ئېسىقلىق تۇراتتى، بۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل كاناي - سۇناي، داقا - دۇمباق، جاڭ ۋە تەبىل قاتارلىق سازلارنى تۇتقان كىشىلەر تۇراتتى، يەنە بىر شىپاڭدا غىجەك، قومۇش بالمان، پۇۋلەپ چالىدىغان جەمشىد بالمانى قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تۇتقان كىشىلەر قاتار تىزىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىزىل تاۋاردىن ئالدى - كەينىگە ئەنقانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئۇزۇن چاپان، بېشىغا چىغدىن توقۇلغان قىزىل پۆپۈكلۈك قالپاق، پۇتىغا قىزىل لاتىدىن تىكىلگەن ئۆتۈك كىيەتتى. ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەن، چۈش ۋە كەچتە جاڭجۇن ۋە ئۇنىڭ خانىشى تاماق يېگەن، دەم ئالغان ۋاقىتنىڭ ئالدى - كەينىدە ساز چېلىپ، نەغمە - ناۋا قىلىپ، جاڭجۇن ۋە ئۇنىڭ خانىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچاتتى؛ جاڭجۇن مەھكىمىسىگە مېھمان چاقىرىلغاندا، چوڭ ئامباللارنىڭ يىغىلىشى ۋە ياكى دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ساز چېلىنىپ تۇراتتى. جاڭجۇن مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر مەشىق مەيدانى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپى تام بىلەن ئىھاتە قىلىنغان بولۇپ، چوڭ مەركىزىي يولغا ئۇدۇل ئىككى دەرۋازىسى بار ئىدى، دەرۋازىدا ئىككى چېرىك پوست تۇرۇپ، ئەمەلدار ۋە چېرىكلەردىن باشقا پۇقرالارنى بۇ يولدا يۈرۈشكە رۇخسەت قىلمايتتى. جاڭجۇن مەھكىمىسىگە كىرگەندە، دەرۋازىنىڭ ئىككىلا تەرىپىدە ئۆي بولۇپ، بىر ئۆيدە دەرۋازىۋەنلەر، چېرىكلەر تۇراتتى، بۇلار دەرۋازىنى مۇھاپىزەت قىلاتتى؛ يەنە بىر ئۆيدە دائىم پو ئاتىدىغان ئېگىز بويلۇق، ئاۋاق، ئۇزۇن چاچ قويغان بىر قېرى پوچى، پو بەتلەگۈچى ۋە پوغا دورا تەييارلىغۇچىلار تۇراتتى. ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەن قەلئەنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىدىغان ۋاقىتتا، چۈش ۋاقتى-



دا، كەچتە قەلئەنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىدىغان ۋاقىتتا بىر قېتىمدىن پو ئاتاتتى، بۇنىڭدىن باشقا جاڭجۇن مەھكىمىسىدىن چىقسا - كىرسە توققۇز پايدىن، خانىش مەھكىمىدىن چىقسا - كىرسە يەتتە پايدىن پو ئاتاتتى. بىرىنچى دەرۋازىدىن كىرىپ 100 مېتىر مىقدارى ماڭغاندا، ئىككىنچى دەرۋازا بار ئىدى. بۇ دەرۋازىمۇ ئالاھىدە ياسالغان بولۇپ، بۇ يەردىمۇ مەخسۇس ئىشىك باقارلار تۇراتتى. بىرىنچى دەرۋازا بىلەن ئىككىنچى دەرۋازا ئارىسىدا يامۇلنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان چېرىكلەر ھەم بىر مۇھاپىزەتچى تۇراتتى. ئىككىنچى دەرۋازىدىن كىرگەندە 2000 كىشى كەڭ سىققىدەك مەيدان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق، غەرب تەرىپىدە رەتلىك سېلىنغان ئۆيلەر بار ئىدى، بۇنىڭدا پەقەت جاڭجۇن مەھكىمىسىنى مەخسۇس ساقلايدىغان لىيەن تۇراتتى. بۇ ئۆيلەردىن 50 مېتىر يىراقلىقتا ئۈچىنچى دەرۋازا بولۇپ، بۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىر مېتىر ئېگىزلىكتە ياسالغان كەڭ سەھنە بار ئىدى؛ بۇ سەھنىگىمۇ مىڭغا يېقىن ئادەم سىغاتتى؛ سەھنىنىڭ تۆرى ۋاڭ - گۈڭلارغا خاس ئورۇنلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان قەدىمىي ئۇسلۇبتا ياسالغان، كۆپ تۈۋرۈكلۈك ئىدى؛ سەھنىنىڭ تورۇسلىرىغا چىڭ سۇلالىسى خانى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن تاختايغا ئالتۇن ھەل بېرىلىپ چوڭ خەتلەر يېزىلغان تەبرىك نامىلەر، تۈۋرۈكلەرگە بولسا، خانغا، خاندانلىققا، جاڭجۇنغا ئەبەدىي بەخت - سائادەت، ئۆزلىرىگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ يېزىلغان تاختايلار قاتار ئېسىلغانىدى. بۇ قورۇلۇشنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئالتۇن زەر بىلەن ئەجدىھانىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن سىرىق، قىزىل بايراقلار ئېسىقلىق تۇراتتى، سەھنىنىڭ تۆرىگە خاننىڭ سۈرىتى ئېسىلغانىدى. بۇ سەھنىنى «داتاڭ» دەپ ئاتايتتى، «داتاڭ» نىڭ تۆرىدە قاتىرىسىغا قوش قاناتلىق ئىككى چوڭ ئېگىز ئىشىك بولۇپ، بۇنى

«ئەرمىن» دەپ ئاتايتتى. بۇ ئىككى ئىشىك جاڭجۇن، دۇتۇڭ
دەرىجىلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ خانىشلىرىنىڭلا كىرىپ - چىقىشى
ئۈچۈن ئېچىلاتتى، باشقا ھەرقانداق ئەمەلدارلار ئۈچۈن ئېچىل-
مايتتى. قالغانلار يان ئىشىكتىن كىرىپ - چىقاتتى. بۇ يەردىمۇ
تۆت چېرىك قورال تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىچكىرىگە كىرمەكچى بولغان
كىشىلەرنى تەكشۈرۈپ، كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغان قەغىزى
بولسا كىرگۈزەتتى، بولمىسا قەتئىي كىرگۈزمەيتتى، مەزكۇر
«داتاڭ» نىڭ ئوڭ تەرىپىدە كاتىپلار، خەۋەرلەشكۈچىلەر، تەك-
شۈرگۈچىلەر تۇراتتى. ئۇلار جاڭجۇن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن
كەلگەن ئامباللارنى مۇشۇ ئۆيلەرگە كىرىپ باشقۇرغۇچى ئامبالغا
كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپ، ئەنگە ئالدۇرغاندىن كېيىن،
ئامبال كەلگۈچى كىشىنى جاڭجۇنگە مەلۇم قىلاتتى. جاڭجۇن
قوشۇلسا، ھېلىقى ئامبال كەلگۈچىنى باشلاپ جاڭجۇن بىلەن
كۆرۈشتۈرۈپ قايتۇرۇپ چىقاتتى، ئەگەر كەلگۈچىنىڭ ئارقىسىدا
مۇھاپىزەتچىسى بولسا، جاڭجۇننىڭ يېنىغا كىرىشتە مۇھاپىزەتچى
مۇشۇ يەردە قالاتتى. «داتاڭ» نىڭ سول تەرىپىدىكى ئۆيلەردە
ھەربىي ئىشلار، ساقچى، مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر بۆلۈمى بو-
لۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلىرى بار ئىدى،
«داتاڭ» نىڭ شەرق تەرىپىدە يەنە بىرقانچە كورپۇس ئۆيلەر بو-
لۇپ، بۇ ئۆيلەردە كاتىبات، خوجۇلۇق ۋە باشقا بۆلۈملەر بار
ئىدى. مەزكۇر «داتاڭ» سەھنىسىنىڭ شەرق، غەرب تەرىپىگە
50 مېتىر مىقدارى يۇرسىڭىز ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئېگىز تامغا
ئېگىزلىكى ئىككى يېرىم مېتىر كېلىدىغان دومىلاق كۆك خىش-
تىن ياسالغان ئەگمە ئىشىك كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ. شەرقتىكى
ئىشىكتىن كىرگەندە، كەڭ بىر مەيدان بار، بۇ مەيداندىمۇ كور-
پۇس - كورپۇس قىلىپ ياسالغان ئۆي ۋە بۆلۈملەر بار. بۇ



بۆلۈملەر چېرىكلەر گازارمىسى، ھەربىي ئىسكىلات ئىدى. غەرب
تەرەپتىكى ئەگمە ئىشىكتىن كىرسىڭىز بىر كاتتا قورۇنى كۆرد-
ىسىز، بۇ قورۇدا مەمۇرىي ئىشلار ۋەزىرلىرى ئىشخانىسى ۋە شۇ
ساھەدە ئىشلەيدىغان ئەمەلدارلار تۇراتتى، بۇ يەردە يەنە ئالاھىدە
رەتلىك سېلىنغان بۆلۈملەر بار بولۇپ، بۆلۈملەردە ئامبال،
غالدا، باخشى قاتارلىق ئەمەلدارلار ئىشلەيتتى، بۇلارنىڭ مۇتلەق
كۆپچىلىكى مانجۇ ۋە شىبەلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا
كاتىپلار، تەرجىمانلار، ئالاقىچىلار ۋە چاپارمەنلەر بولۇپ، ئۇلار-
نىڭ كۆپچىلىكى مانجۇ، شىبە، خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقانىدى.
بۇلار ئىلى جاڭجۇنگە قاراشلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ،
موڭغۇل، خۇيزۇ، شىبە، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەمۇرىي
ئىشلىرىنى، نوپۇس، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرد-
ىشىنى، يەر، سۇ، ئالۋاڭ - ياساق ئىشلىرىنى شۇنداقلا مەنسەپكە
قويۇش، مەنسەپتىن قالدۇرۇش، مۇكاپاتلاش، جازالاش ئىشلى-
رىنى باشقۇراتتى. مۇشۇ قورۇنىڭ بىر چېتىدە يەنە بىر ئىشىك
بار بولۇپ، بۇ ئىشىكتىن كىرسىڭىز يەنە بىر قورۇغا چىقىپ
قالىسىز. بۇ قورۇدا بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نەچچە
ئون ئۆي، بۆلۈم، ئىشخانا بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمىدا باشقا ئۆيلەر-
گە نىسبەتەن ئېگىز ۋە ھەشەمەتلىك قىلىپ ياسالغان پىشايۋانلىق
ئۈچ ئېغىز ئۆي بار. بۇ جاڭجۇن مەھكىمىسىنىڭ خەزىنە خوجد-
ارلىقى تۇرۇشلۇق ئورۇن بولۇپ، خوجىدارلىق باشچىلىقىدىكى
خەزىنە، دەپنە، مالىيە - ئىقتىسادقا مەسئۇل ئامباللار تۇراتتى.
بۇ قورۇنىڭ شەرق تەرىپىدە يەنە بىر تۆمۈر ئىشىك بولۇپ، بۇ
دائىم قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى. بۇنىڭدىن كىرسىڭىز قورۇنىڭ شى-
مالىي، غەربىي، جەنۇبىي تەرەپلىرى پۇتۇنلەي پولات پەنجىرە،
تۆمۈر ئىشىك بولۇپ، بۇلار قوپال زەنجىرلەر بىلەن قۇلۇپلانغان

ئىدى. بۇ ئىشىكلەرگە خەنزۇچە خەت بىلەن نومۇر سېلىنغان، قورۇنىڭ ئىچى دائىم جىمجىت تۇراتتى. مانا مۇشۇ تۆمۈر ئىشىكلىك ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ئىلى جاڭجۇننىڭ مال - مۈلۈكلىرى يەنى ئالتۇن - كۈمۈش، قىممەت باھالىق دۇر، ئېسىل تاش، جاۋاھىراتلار، زەررىن جاۋاھىراتلىق تاج، ئالتۇن كەمەر، ئەڭ قىممەتلىك جۇڭسا (ئوتىغات) قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەشيالار ساقلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئورۇن ئىنتايىن مەخپىي بولۇپ، قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىناتتى، خەزىنىچى ئامبالدىن باشقا ھەرقانداق كىشى كىرگۈزۈلمەيتتى.

ئەمدى يەنە «داتاڭ» غا كېلەيلى، «داتاڭ» دىكى ئۈچىنچى دەرۋازىدىن كىرىپ 50 مېتىرچە ماڭسىڭىز، تۆتىنچى ئىشىككە بارىسىز، بۇ يەردىمۇ ئىشىك باقارلار تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن كىرسىڭىز ئازادە تۆت چاسا قورۇغا چىقىسىز، قورۇنىڭ تۆرىدە تاملىرى گۈللۈك، چوڭ پەنجىرىلىك، ئالدى پېشايۋانلىق كۆك خىشتىن جۇڭگو ئۇسلۇبىدا ھەشەمەتلىك سېلىنغان بەش ئېغىزلىق ئۆي بار. بۇ ئۆيلەر جاڭجۇننىڭ مەھرەمخانىسى، خان - خانىشلارنىڭ ئىستىراھەت - دەم ئېلىش سارىيى بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ ئىچى ھەر تۈرلۈك قىممەت باھالىق ئۆي بىساتلىرى بىلەن ئالاھىدە زىننەتلەنگەن، بىرنەچچە مۇلازىم قىزلار يۈگۈرۈپ يۈرۈپ جاڭجۇن ۋە ئۇنىڭ خانىمى قاتارلىقلارغا خىزمەت قىلاتتى. بۇ سارايىنىڭ ئىككى چېتىدە يەنە بىرقانچە ئۆيلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمىدا خان - خانىشلارنىڭ مۇلازىملىرى، كېنىزەكلىرى تۇراتتى، بىر قىسمى ئاشخانا، يۇيۇنۇش ۋە گىرىم قىلىش ئۆيلىرى ئىدى. قورۇنىڭ شەرق تەرىپىدە جاڭجۇننىڭ خاس ئىشخانىسى، تامغا تۇتىدىغان مەخسۇس كاتىپى ۋە مۇھاپىزەتچى مۇلازىملار تۇرىدىغان ئۆيلەر بار ئىدى، قورۇنىڭ غەرب تەرىپىدە جاڭجۇنغا خاس ياسال-



غان ئىنتايىن ھەشەمەتلىك «ساراي» ئۆيى بولۇپ، ئىچىگە چوڭ خەتلەر يېزىلغان لەۋھە - بايراقلار، ئالتۇن سىر بېرىلىپ چوڭ خەت يېزىلغان تاختايلار ئېسىقلىق تۇراتتى، ئۆينىڭ تۆرىگە، ئوتتۇرىسىغا ئەجدىھا سۈرىتى كەشتىلەنگەن كىمخاپ يۇپۇق يېپىلغان، ئاستىغا يولۋاس تېرىسى سېلىنغان «تەخت» قويۇلغان. جاڭجۇن چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىپ، ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلار بىلەن يىغىن ئاچقاندا، مۇشۇ «تەخت»تە ئولتۇرۇپ يىغىنغا نازارەتچىلىك قىلىدىكەن ۋە ھۆكۈم، يارلىق چىقىرىدىكەن. بۇ قورۇلۇشنىڭ غەربىدە ئارقىغا ئۆتىدىغان بىر ئىشىك بولۇپ، بۇنىڭدىن كىرسىڭىز جاڭجۇننىڭ دەم ئېلىش بېغى بولۇپ، باغدا رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، قەپەزگە ئېلىنغان تۇرنا، شاتۇتى، بۇلبۇل، تورغاي ۋە تۇمۇچۇقلار سايراپ تۇرىدىكەن. جاڭجۇن دەم ئېلىش ۋاقتىنى مۇشۇ باغدا ئۆتكۈزىدىكەن. بۇ باغنىڭ شىمالىي تېمىدا يەنە بىر ئىشىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتسە 2 ～ 3 يۈز مو كېلىدىغان بىر چوڭ باغ بار ئىكەن. بۇ باغنى «جاڭجۇن بېغى» دەپ ئاتايدىكەن. باغنىڭ ئەتراپىغا تېرەك، قارىياغاچ، سۆگەت، ئەرمىدۇن، دولانا قاتارلىق مېۋىسىز دەرەخلەر تىكىلگەن، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆل بولۇپ، كۆلنىڭ چەت چۆرىسىگە گۈللەر تېرىلغان، كۆلنىڭ ئىچىگە بىر قېيىق سېلىنغانىكەن. خان - خانىشلار زېرىككەندە باغنى سەيلە قىلىپ، قېيىق بىلەن كۆلدە ئۈزۈپ ئوينايدىكەن، باغدا يەنە بوغا - مارالمۇ بار ئىكەن. بۇ باغقا جاڭجۇن مەھكىمىسىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنىڭلا كىرىپ سەيلە - ساياھەت قىلىشىغا بولىدىكەن، پۇقرالارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. بۇ باغنىڭ شەرقىدىكى تامنىڭ سىرتىدا جاڭجۇننىڭ ئات قورۇسى بار ئىدى.

ئاتخانىدا يەم ـ خەشەك ئامبارلىرى ۋە لاپاس بولۇپ، ئارغىماق،
يورغا، يۈگۈرۈك ئاتلار، خېچىرلار لاپاستا تۇراتتى؛ بىر ئاتنى
بىردىن ئادەم سىلاپ ـ سىيپاپ باقاتتى. ئاتلارنى ھەم ئات باقىدى-
غانلارنى باشقۇرغۇچى «خاۋتۇر» دەپ ئاتىلاتتى. ئات باققۇچىلار
ھەر يەكشەنبە كۈنى يورغا ئاتلارنى ئالدى بىلەن يۇيۇپ تارايتتى.
يورغا ئاتلاردىن بىر قانچىسىنى ئىگەرلەپ، 20 ~ 30 سېرىق
تۇچ قوڭغىراق بېكىتىلگەن تاسمىنى ئاتلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ،
چوڭ كوچىغا ئېلىپ چىقاتتى، ئاندىن ھەرقايسى لىڭدۈي، شى-
لىڭ، زولىڭ يامۇلى ئامباللىرىمۇ يورغا ئاتلىرىنى ئېلىپ چى-
قىپ، يورغىلار مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق مۇسابىقىلەرنى
جاڭجۈن باشلىق ھەرقايسى ئەمەلدارلار كۆرەتتى، قەلئە ئىچىدىكى
پۇقرالارنىڭ كۆرۈشىگىمۇ رۇخسەت قىلىناتتى.

## جاڭجۈن ئىبادەتخانىسى

شەرقىي مەركىزىي چوڭ كوچىدا ھەيۋەتلىك جاڭجۈن ئىبا-
دەتخانىسى، بۇنىڭغا يانداش كۇڭزى، مىڭزى خاتىرە ئىبادەتخانى-
سى بار ئىدى. جاڭجۈن ئىبادەتخانىسى ئىلى جاڭجۈنىگە تەۋە
جايلار ئىچىدىكى ئەڭ «سەلتەنەتلىك» ، ئەڭ ھەيۋەتلىك ئىبادەت-
خانا بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى پۇتۇنلەي جۇڭگوچە ئۇس-
لۇب بولۇپ، ئاستى ـ ئۈستى، تام ـ تورۇسلىرى يېشىل،
سېرىق، كۆك ساپاللار بىلەن ياسالغان، ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇر-
سىدا ئۈچ دەرۋازىلىق پەشتاق — «پەيپىڭمىن» بولۇپ، بۇ
ناھايىتى چىرايلىق ياسالغانىكەن. بۇنىڭ پۈتۈن قۇرۇلۇشىنى تۆت
تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئىبادەتخانىنى كىشىلەر «جاڭجۈن
بۇتى» ياكى «ئەلەم» بۇتخانىسى دەپمۇ ئاتىشاتتى، جاڭجۈن باش-



چىلىقىدىكى پۈتۈن ھەربىي ئەمەلدارلار قەمەرىيە يىل ھېسابى
بويىچە 3 ـ ھەم 10 ـ ئايدا ئىككى قېتىم مۇشۇ ئىبادەتخانىغا
كېلىپ، بۇتقا چوقۇناتتى، خاتىرە مۇراسىم ئۆتكۈزەتتى. كالا،
قوي، چوشقىلارنى سويۇپ، پۈتۈن پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ،
شاڭ كۆيدۈرۈپ، تۇترۇق سېلىپ، جاڭ ـ دۇمباقلىرىنى چېلى-
شىپ ھەممىسى بۇتنىڭ ئالدىدا سەپ تارتىپ تۇرغان چاغدا،
سىرتتا توققۇز پاي پو ئېتىلاتتى. ئاندىن مەخسۇس راھىپ تەرد-
پىدىن ئۆزىگە تىلاۋەت ئوقۇلغاندىن كېيىن، قوڭغۇراق چېلى-
نىپ، بۇتقا تەزىم قىلىناتتى. ئاندىن ئىبادەتخانىدىن چىقىشاتتى،
بۇ كۈنلىرى بۇتخانا قورۇسىغا دۆلەت بايرىقى ئېسىلاتتى، خاس
زالدا چاي بېرىلگەندىن كېيىن، بۇتقا چوقۇنغۇچىلار قايتىشاتتى.
كۇڭزى، مىڭزى بۇتخانىسىمۇ ھەشەمەتلىك ياسالغان بو-
لۇپ، بۇ «قەلەم مەنسەپدارلىرى بۇتخانىسى» ، «بۇتخانا» دەپ
ئاتىلاتتى. بۇ بۇتخانىدىمۇ نۇرغۇن ئۆيلەر بولغاندىن سىرت كۇڭ-
زى، مىڭزىلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان ئاق سىرلىق خاتىرە تاختا
بار ئىدى. بۇنىڭ ئەتراپى ۋە جوزا ئۈستىدە 50 سانتىمېتىر
ئېگىزلىكتە نەچچە يۈزلىگەن ئاق تاختايلار تىزىپ قويۇلغان بو-
لۇپ، ئۇلارغا خەنزۇچە خەتلەر يېزىلغانىدى، ئەتراپىدىكى ئۆيلەر-
نىڭ ئىچىگە ئېگىزلىكى 20 ~ 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئاق
سىردا سىرلانغان بىرنەچچە مىڭ ئاق تاختايلار جوزا ئۈستىگە
تىزىپ قويۇلغان، تاختايغا قارا سىياھ بىلەن چوڭ ـ كىچىك
خەتلەر يېزىلغانىدى. پۈتۈن «قەلەم» مەنسەپدارلىرى قەمەرىيە
يىلى ھېسابىدا 3 ـ ھەم 10 ـ ئايلاردا يىلىغا ئىككى قېتىم
يىغىلىپ كېلىپ كۇڭزى، مىڭزىنى خاتىرىلەيتتى، بۇ كۈنى
بۇتخانا ھويلىسىغا دۆلەت بايرىقى ئېسىلاتتى، ئىبادەت مۇراسىمى
جاڭجۈن بۇتخانىسىغا ئوخشاش ئۆتكۈزۈلەتتى، مۇراسىم ۋاقتىدا

توققۇز پاي پو ئېتىلاتتى. مۇراسىمدىن كېيىن، بارلىق كىشىلەر ئۆيلەرگە كىرىپ، تاختايلارغا يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇپ تارقىلاتتى.

## قەلئەنىڭ غەربىي، شىمالىي ۋە جەنۇبىي مەركىزىي كوچىلىرى

غەربىي مەركىزىي كوچىدا، دۇتۇڭ يامۇلى بار بولۇپ، بۇ كۇرەدە جاڭجۇن مەھكىمىسىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئالىي «ئەلەم» مەنسەپدارلىرى تۇرىدىغان ئورۇن ئىدى. بۇنىڭ بىرىنچى دەرۋازىسى ئالدىدا ئىككى شىر ھەيكىلى، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر مەشىق مەيدانى بولۇپ، يامۇلنىڭ ئىچكى بىناسىغا بارغۇچە يەنە ئۈچ ئورۇندا دەرۋازا بولۇپ، بۇ دەرۋازىلارنى خاس كىشىلەر ساقلايتتى. بۇ ئورۇن ئاساسىي جەھەتتىن چېگرا ئامانلىقىنى ساقلاپ، قەلئەدىكى پىيادە، توپچى ۋە ئاتلىق قىسىملارغا قوماندانلىق قىلاتتى. يامۇل ئىچىدىكى گازارمىلاردا بىر - ئىككى يىلڭ چېرىك دائىم تۇراتتى، بۇلار يامۇلنى مۇھاپىزەت قىلاتتى. بۇ كوچىدا يەنە شىلىڭ، زولىڭ يامۇلى، مۇزىكا ئەترىتى ۋە پىيادە قىسىملار يىڭفاڭلىرى، ئاھالىلەر، تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆيلىرى بار ئىدى.

شىمالىي مەركىزىي كوچىدا، بىر لىڭدۇي، ئىككى شىلىڭ يامۇلى، خەۋەرلىشىش ئورنى، بىر چوڭ بۇتخانا، شەخسىي سودىگەرلەرنىڭ بىرقەدەر چوڭ دۇكانلىرى، شەخسلەر بىرلىشىپ ئاچقان ھاراق زاۋۇتى، قول - سانائەتچىلەر، ئاشخانىلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەر بار ئىدى.

جەنۇبىي مەركىزىي كوچىدا، سودىگەرلەر جەمئىيىتى —



شاڭۋۇخۇي، بىرلىڭدۇي يامۇلى، بىرنەچچە زولىڭ يامۇلى، پىيادە، توپچى، ئاتلىق قىسىملارنىڭ گازارمىلىرى، بىر چوڭ ئىبادەتخانا بار ئىدى، بۇلاردىن سىرت سودىگەرلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ دۇكانلىرى، ئاھالىلەر ۋە ئۇششاق تىجارەتچىلەر بار ئىدى.

## مانجۇ خاڭزىسى، خەنبىڭ خاڭزىسى، شىبە خاڭزىسى

مانجۇ خاڭزىسى قەلئەنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان. بۇ كوچىغا جايلاشقان قورۇلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولۇپ، بۇنى مانجۇ «خاڭزا» — مانجۇلار كوچىسى دەپ ئاتىشاتتى. سەۋەبى مانجۇ ئەمەلدارلىرى، مانجۇلار ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ كوچىغا ئورۇنلاشقانىكەن. مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەر بىرىگە خاس ياسالغان ئوتتۇرا، كىچىك يامۇلچىلىرى، چىرايلىق ئازادە ياسالغان ئۆي جايلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر قاندىقىنىڭ بىر كىچىك تاشقىرى قورۇسى بولۇپ، كوچىغا قارىغان دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامنى ئويۇپ ياسىغان بىر ئويۇقچە بولاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قورۇ ساقلىغۇچى مەئبۇتنىڭ ئىسمى يېزىلغان تاختا دائىم تۇراتتى. قورۇ ئىگىسى ھەر كۈنى كەچتە ئاشۇ ئويۇقچىدىكى مەئبۇتقا ئاتاپ شام يېقىپ، ئۇنىڭغا، تېۋىنىپ قورۇنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشنى ئاشۇ مەئبۇتقا ھاۋالە قىلىدىكەن. بۇ كوچىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە سېپىلغا يۆلەپ سېلىنغان ئاياللار ئىبادەتخانىسى — «نياڭنياڭ مياۋ» بار. بۇ بۇتخانىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى زاللىرىدا لايدىن ياسالغان ئاياللارغا بەخت ئاتا قىلىدىغان ئانا بۇت، بالا تەلەپ قىلغۇچىلارغا بالا ئاتا قىلىدىغان ئانا بۇت، ئۆمۈرنى ئۇزۇن قىلىدىغان ئانا بۇت، قىزىل ئانا بۇت، چېچەك ئانا بۇت، ئاقئانام ئانا بۇت، كۆك ئانام ئانابۇت

دېگەندەك بىرمۇنچە مەئبۇتلار بار ئىدى. كۇرەدىكى مانجۇ، خەن-
زۇ، شىبە ئاياللار قەمەرىيە يىلى ھېسابى بويىچە 4 - ئاينىڭ
8 - كۇنى ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كىيىپ باللىرىنى يېتەك-
لەپ، قوللىرىغا رەڭگا - رەڭ قەغەز گۇللەرنى، گۇل سېۋەتلى-
رىنى تۇتۇپ، تۇرلۇك مايلىق يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلىپ
ئىبادەتخانىنى تاۋابى زىيارەت قىلاتتى. ئۇلار ئىبادەتخانىغا كىر-
گەندىن كېيىن كۆجە كۆيدۇرۇپ، شاڭ ياقاتتى، ئاندىن ھەرقاي-
سىسى ئۆزىنىڭ مەقسىتى ۋە تەلپى بويىچە تېگىشلىك مەئبۇت
ئانىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئېلىپ كەلگەن گۇل ۋە يېمەكلىكلى-
رىنى قويۇپ، ئۆز ھاجىتىنى ئېيتىپ يىغلاپ باش قوياتتى.
بۇنىڭدىن كېيىن، راھىبەلەرگە نەزرە - سەدىقاتلىرىنى ئېھسان
قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە باشقا ئىزگۇ تەلەپلىرى-
نىڭ ئىجابەت بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۇچۇن،
راھىبەلەرگە پال ئاچقۇزۇپ ئۇلاردىن بېشارەت ئېلىپ قايتىپ
چىقاتتى.

مۇشۇنداق كۇنلەردە بۇتخانا ئالدىدىكى مەيداندا بۇتقا ئاتاپ
چاڭچىلە ئويۇنى قويۇلاتتى، مەيدان كاتتا بازارغا ئايلىنىپ، تىجا-
رەتچىلەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى، مەيخانىلار ئېچىلىپ، ئەپيۇن
چېكىش، قىمار ئويناش جانلىنىپ كېتەتتى. بۇ ئۇچ كۇن داۋام
قىلاتتى، يىراق - يېقىندىكىلەر مەپە، ھارۋا ۋە پىيادە كېلىپ،
ئاشۇ تاماشىغا قاتنىشاتتى. بۇ كۇنلەردە ئادەتلەنگەن مۇتىھەم،
هاراقكەش، لۇكچەك چېرىكلەر قەستەن كىشىلەرگە تۆھمەت قى-
لىپ، قەستەن جېدەل چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ پۇل ۋە نەرسە
- كېرەكلىرىنى تارتىۋېلىپ، قىمارخانىغا كىرىپ قىمار ئوينايت-
تى.

قەلئەنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا «خەنزۇلار كوچىسى» جايلاش-



قان. بۇ كوچىمۇ رەتلىك بولۇپ، مەركىزىگە دەرۋازا ئورنىتىل-
غان، دەرۋازا ھەر كۇنى كېچىدە تاقىلىدۇ. بۇ كوچىغا ئاساسەن
خەنزۇلار ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى چېرىكلەر
ئائىلىلىرى، بىر قىسمى خەنزۇ ئاھالىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر-
بىرىنىڭ قورۇ - جايى بولۇپ، ئۆزىگە خاس ياسالغان، ئەتراپىغا
دەل - دەرەخ تىكىلگەنىدى.

بۇ كوچىنىڭ جەنۇبىغا ئىنتايىن چوڭ ئاشلىق ئامبىرى،
چوڭ ھەربىي ئەسلىھەلەر ئىسكىلاتى ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن
«نەنكۇ» — جەنۇبىي ئىسكىلات، دەپ ئاتايتتى. بۇ يەردە چېرىك-
لەرگە كېرەكلىك ئەشيالار، چېرىكلەرنىڭ كىيىم - كېچەكى،
ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ ئىگەر جابدۇقلىرى ساقلىناتتى. ئاشلىق
ئامبىرىدا بولسا، ئىلى تەۋەسىدىكى دېھقانلاردىن مەجبۇرى يىغى-
ۋېلىنغان 10 ~ 20 مىڭ چېرىك ۋە ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار-
لارغا بىر يىل يەتكۇدەك ئوزۇقلۇق ئاشلىق، ئات - ئۇلاقلىرىنىڭ
يەم - خەشىكى تۇراتتى. ئۇ چاغدا ئىلى جاڭجۇنى چېرىكلەر ۋە
ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاقلىرىنى بېقىش ئۇچۇن، دېھقانلارغا سېلىق
سالاتتى. دېھقانلار ئۆزلىرىگە قانچىلىك سېلىنغان بولسا، شۇنچى-
لىكىنى ئۆزىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قارىماي، تۇگەل تاپشۇرۇشقا
مەجبۇر بولاتتى، بۇ سېلىق يولىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىدىن قەتئ-
ئىينەزەر كۇرەدىكى ئاشۇ ئاشلىق سېڭىغا ئېلىپ كېلىنىپ تاپشۇ-
رۇلاتتى، بېدە ئوت - چۆپ، يەم - خەشەكمۇ شۇنداق قىلىناتتى.
يوقسۇل دېھقانلار سېلىقنى تاپشۇرالمىسا، ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي
قىلىنىپ، بوينىغا زەنجىر سېلىنىپ باغلىناتتى، ئۇرۇپ ھوش-
سىز قىلىۋېتىلەتتى، بەزىلەر تاياق زەربىسىدىن ئۆلۇپمۇ كېتەت-
تى. چېرىكلەر بولسا، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۇنى تەييارنى يەپ،
ئەپيۇن چېكىپ، قىمار ئويناپ كۇن ئۆتكۇزەتتى.

قەلئەنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە شىبەلەرنىڭ ئائىلىلىرى ئورۇنلاشقانلىقتىن، بۇ يەر «شىبە خاڭزا» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ چاغدا جاڭجۈن مەھكىمىسىدە شىبەلەردىن لىڭدۈي ئامباللىرى، زۇڭگەن، باقشى، غالدا، مۇشقا قاتارلىق ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇ شىبە كوچىسىدا ئولتۇراتتى، ئۆزىگە خاس ئۆيلىرى، يامۇلى، ئىشخانا ۋە ئاتخانىلىرى بار ئىدى.

شىبە كوچىسىنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدە بىر قورغان سېپىل بار ئىدى. بۇنىڭدا ئايرىم ـ ئايرىم تۆت قورغانچە بولۇپ، تۆت خىل ھەربىي ئەسلىھە قويۇلاتتى، بۇنى شىمالىي ئىسكىلات — «بېكۇ» دەپ ئاتايتتى. بۇ ئىسكىلاتلاردا كونا كۇرە جاڭجۈنى مەغلۇپ بولغان مەزگىلدىكى ۋە شۇ دەۋرگە ئائىت ھەربىي ئەسلىھەلەر مەخسۇس ساقلىناتتى. بىرىنچى قورغانچىدا پىلتە بىلەن ئاتىدىغان، ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرامدىن 20 كىلوگرامغىچە بولغان دومىلاق، چوڭ ـ كىچىكلىكى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان چۆيۈن بومبا، پىلتىلىك زەمبىرەككە سېلىپ ئاتىدىغان بەش كىلوگرامدىن 10 كىلوگرامغىچە بولغان دومىلاق چۆيۈن زەمبىرەك ئوقى، پىلتە بىلەن ئاتىدىغان قوغۇشۇن ئوقلۇق قارا مىلتىق، پىلتىلىك ئۇزۇن تاپانچا قاتارلىق ئەشيالار؛ ئىككىنچى قورغانچىدا، زەمبىرەك ۋە قارا مىلتىققا بەتلەپ ئاتىدىغان مەخسۇس ئىشلەنگەن مىلتىق دورىسى؛ ئۈچىنچى قورغانچىدا، ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ باش كىيىمى، ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۈنۋانى بويىچە كىيىدىغان زەرباپ لىباسلار، زەركەمەرلەر، ئەمەلدارلارنىڭ لاتىدىن تىكىلگەن قېلىن چەملىك ئۆتۈكى، ئەسكەرلەر ئۈچۈن تىكىلىپ، ئالدى ـ ئارقىغا «بىڭ» دەپ يېزىلغان كالتە پىنجەك، تىزغا كېلىدىغان قارا چاپان، چېرىك-



لەرنىڭ قارا پوتىسى، چېرىكلەرنىڭ كالتە قونچلۇق قارا لاتا ئۆتۈكى قاتارلىق ھەر خىل كىيىم ـ كېچەكلەر؛ تۆتىنچى قورغانچىدا ئەسكەرلەر سوقۇش ۋاقتىدا ئىشلىتىدىغان قالقان، كالتە قىلىچ، نەيزە، تەبەر، ئىنتايىن كۆپ ئوقيا، بامبۇكتىن ياسىلىپ ئۇچىغا كىچىك نەيزە بېكىتىلگەن ياغاچ ئوق، ئوقياچىلار ئۇرۇش ۋاقتىدا ياغاچ ئوقلارنى قاچىلايدىغان ئوقدانلار ۋە باشقا خىلدىكى ھەربىي قوراللار ساقلىناتتى. بۇ قورغانچىلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئامبال مەسئۇل بولۇپ، بىرقانچە چېرىك بىلەن مۇھاپىزەت قىلاتتى.

## چىڭخۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى

جاڭجۈن مەھكىمىسى قورغىنىغا يانداش سېلىنغان يەنە بىر ئىبادەتخانا بولۇپ، بۇنى چىڭخۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇرا دەرۋازىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە لايدىن ياسالغان بىر ئاق يۈزلۈك مۇلازىمنىڭ ھەيكىلى بولۇپ، لايدىن ياسالغان بىر ئاق بوز ئاتنى تۇتۇپ تۇراتتى، غەربىي تەرىپىدە لايدىن ياسالغان قوڭۇر يۈزلۈك مۇلازىمنىڭ ھەيكىلى بولۇپ، لايدىن ياسالغان بىر قىزىل قوڭۇر ئاتنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئېيتىشلىرىدىن قارىغاندا، مەئبۇتنىڭ پۇقرالارغا بەك مېھرىبانلىقى كەلگەندە، مۇلايىملىق بىلەن ئاقبوز ئاتنى مىنىپ سىرتقا چىقىپ، قەلئەنى ئايلىنىپ، پۇقرالارغا ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت قىلىپ، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىپ قايتارمىش. ئەگەر دۈشمەن تەرەپتىن قەلئەگە ئاپەت يەتكۈزۈلگەندە ياكى شەھەر خەلقى ھەددىدىن تاشقىرى گۇناھ قىلىپ ئېزىپ كەتكەندە، مەئبۇت غەزەپكە كېلىپ، قوڭۇر ئاتنى

مىنىپ، قولىغا ئومۇت ئېلىپ قەلئەگە چىقىپ، دۈشمەننى، ئېزىپ كەتكەن پۇقرالارنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىپ شەھەرنى تىنچلاندۇرارمىش.

بۇ ئىبادەتخانىدا بىر ئالتۇن يۈزلۈك ھەيكەل بار ئىدى. بۇ ھەيكەل قەمەرىيە يىلى ھېسابى بويىچە 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بىر قېتىم جوۋغا سېلىپ، چوڭ كوچىلارغا ئېلىپ چىقىلىپ، چوڭ دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ مۇراسىمدا ئېتىقادچىلار مەئبۇت ئالدىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىۋېتىشتىن يانمايتتى. بۇ مۇ-راسىمغا قاتناشقان بىرقانچە مىڭ چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال ۋە كىچىك بالىلار بويىنىغا تاقاق سېلىپ، ئۇنى زەنجىر بىلەن بويىنىغا باغلاپ، مەئبۇتنىڭ ئالدىدىن تىزلىنىپ ئۆتۈپ، مەئبۇتتىن گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىشاتتى. بۇنداق مۇرا-سىمغا ئىلى تەۋەسىدىن بىرنەچچە مىڭ ئېتىقادچىلار كېلىپ تاۋابى زىيارەت قىلسا، يەنە بىرنەچچە مىڭ كىشى سەيلە ـ تاماشا ئۈچۈن كۆرەگە يىغىلاتتى. بۇنداق مۇراسىم كۈنلىرى قەلئە ئالاھىدە زىننەتلىنەتتى، بازار جانلىنىپ، سودا ـ سېتىق، ئېلىم ـ سېتىم قىزىپ كېتەتتى.

## ۋۇبەي شياۋتاڭ

يۇقىرىقى ئىبادەتخانىنىڭ شەرق تەرىپىدە كۆلىمى كەڭ ۋە شۇ زامانىنىڭ تەلىپىگە لايىق ياسالغان بىر مەكتەپ بار ئىدى. بۇ مەكتەپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاڭ گېڭنى ئىلى جاڭجۇڭ-لىكىگە قايتا بەلگىلىگەندىن كېيىن سېلىنغانىكەن. ئۇ چاغدىكى مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ يېشى چوڭ، تارقاق ھەم قالاق بولۇپ، ھەربىي ئىقتىدارىدىن ئايرىلغانىدى. چاڭ گېڭ قايتا جاڭجۇن



بولغاندىن كېيىن، چېرىكلەرنىڭ ئىنتىزامىنى ۋە ھەربىي ماھارى-تىنى ئۆستۈرۈپ، ساپاسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىر پىلان تۈ-زۈپ، خانغا يوللاپ، خاننىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كې-يىن، جۇڭگونىڭ شىمالىدىن بىر يىڭ ئىنتىزاملىق پىيادە چې-رىك، خۇبېيدىن ياڭ زەنشۈي باشچىلىقىدا بىر يىڭ چېرىكنى يۆتكەپ كېلىپ، چېرىكلەرگە ھەربىي ماھارەت، ھەربىي مەشىق ئېلىپ بارغان. چاڭ گېڭ كۈرەدە پىيادە چېرىك يېتىشتۈرىدىغان بىر ھەربىي مەكتەپ قۇرۇپ، پىيادىلەرنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربى-يىلىمەكچى بولغان. بۇ مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن، «ۋۇبەي شياۋتاڭ — بەش يۈز كىشىلىك مەكتەپ» دەپ نام قويغان. مەكتەپ قۇرۇلۇشى پىلان بويىچە رەتلىك سېلىنغان، ئەتراپى قورغانچە بولۇپ، مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىگە بىرقانچە كورپۇس سىنىپ ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرى، ئاشخانىلار جايلاشتۇ-رۇلغان، قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا 500 كىشى مەشىق ئۆتكۈزگۈ-دەك مەيدان، ئۇنىڭ ئالدىغا مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشخانىسى ۋە بىرقانچە بۆلۈم ئۆيلەر ياسالغان.

چاڭ گېڭ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغان، مەكتەپكە ئوقۇغۇ-چىنى ئۆزى تاللاپ ئالغان، ئاساسەن مانجۇ، خەنزۇ، شىبەلەر ۋۇبەي شياۋتاڭغا ئوقۇغۇچى بولۇپ تاللانغان. ياپونىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ياڭ شاڭجىژ مەكتەپنىڭ ئىلمىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بېكىتىلگەن. شىمالى جۇڭگو ۋە خۇبېيدىن يۆتكەپ كەلگەن چېرىكلەر ئىچىدىن تاللانغانلارنى مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئو-قۇتقۇچىلىقىغا بەلگىلىگەن.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، چاڭ گېڭنىڭ خىزمىتى يۆتكىلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلى دۇتۇڭنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گۇاڭ فۇ جاڭجۇنلۇككە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ ئىش تاپشۇرۇپ

ئالغاندىن كېيىن، ۋۇبەي شياۋتاڭنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. كېيىن گۇاڭ فۇ خان تەرىپىدىن گۇاڭجۇغا خىزمەتكە تەيىنلىنىدۇ. لېكىن ئۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ ئىستېپا سوراپ يېتىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن گۇاڭ فۇ جاڭجۇنلىكتىن قالدۇرۇلىدۇ. 1911 ـ يىلى جى رۇي ئىلىغا جاڭجۇن بولۇپ كېلىدۇ. ئۇ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى ۋەزىرلەرنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشى بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

## جۇڭگولۇ، دۇمباق ۋە جاڭ

كۆرە قەلئەسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بىر راۋاق بار. بۇنى «جۇڭگولۇ، دۇمباق ۋە جاڭ» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ راۋاق ئۈچ قەۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بىر ئادەم ياتقۇدەك بىر تاختاي بوتكا بولۇپ، ئۇنىڭدا مەخسۇس بىر كىشى تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە كاتتا چويۇن قوڭغۇراق ـ جاڭ ئېسىلغان، يەنە بىر تەرىپىگە چوڭ بىر دۇمباق (بوتكا سىرتىغا) بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇنى ھەم «گۇلۇ» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ راۋاق گۇاڭشۇينىڭ 13 ـ يىلى سېلىنغان. بۇ راۋاققا دۇمباق بىلەن جاڭنىڭ قويۇلۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، كۆرە ئىلى جاڭجۇنلىكىنىڭ مەركىزى، جاڭجۇن مەھكىمىسى تۇرغان مۇھىم جاي، قەلئەنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپلىگەن چوڭ گازارمىلار، يىڭپاڭلار، باشقا ئورۇنلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېرىكلەرمۇ مۇشۇ جايدا تۇرىدىكەن، دۇتۇڭ، لىڭدۈي ۋە باشقا ياموللارمۇ مۇشۇ جايدا ئىكەن. لېكىن، ھەرقايسى ئورۇنلار ئارىسىدا ھازىرقىدەك تېلېفون، رادىئو قاتارلىق خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى يوق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەلئەنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېگىز مۇنار ـ راۋاق ياساپ، ئۇنىڭغا



دۇمباق ۋە جاڭ بېكىتىپ، چېرىكلەرنىڭ قاراۋۇلغا تۇرۇش، قاراۋۇلدىن چۈشۈشىنى مانا شۇ دۇمباق، جاڭنىڭ ئۇرۇلۇشىغا قاراپ بەلگىلىمەكچى بولغانىكەن.

ۋاقىتنى بەلگىلەش ئۇسۇلى ـ چارىسى مۇنداق ئىكەن: ھەر كۈنى كۈن پاتقاندىن تارتىپ، تاڭ يورۇغانغا قەدەر ۋاقىتنى تەخمىنەن سەككىز سائەت قىلىپ بەلگىلەپ، ھەربىر سائەت ئارىلىقىنى «گېڭ» ياكى «جىڭمۇ» دەپ ئاتايدىكەن، ھەربىر سائەت «گېڭ» نىڭ ۋاقىتىنى سائەتكە قاراپ بەلگىلىمەستىن، مەخسۇس ياسالغان شاڭنىڭ سەككىز يېرىگە ئوخشاش ئارىلىقتا يىپ باغلاپ، ھەربىر يىپنىڭ ئارىلىقىنى بىر سائەت ياكى بىر «گېڭ» قىلىپ بەلگىلەپ، شاڭنى مەخسۇس قاچىغا سېلىپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ قويىدىكەن. شاڭ كۆيۈپ مەلۇم بەلگىگە يەتكەندە، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى كىشى ئاۋۋال دۇمباقنى بىرقانچە قېتىم قاتتىق ئۇرۇپ، بىر «جېڭ»، بىر «گېڭ» ۋاقىت توشقان بولسا، جاڭنى بىرلا قېتىم ئۇرىدىكەن. بۇنى ئاڭلىغان ئەمەلدارلار، چېرىكلەر، پۇقرالار ۋاقىتنىڭ، بىر «گېڭ» بولغانلىقىنى بايقايدىكەن. شۇنداق قىلىپ سەككىز «گېڭ» بولغاندا، ئاۋۋال دۇمباقنى بىر قانچە قېتىم ئۇرۇپ، ئاندىن جاڭنى سەككىز قېتىم ئۇرىدىكەن. بۇ، سەككىز «جېڭ»، «گېڭ» توشۇپ تاڭ يورۇغان ۋاقىت ھېسابلىنىدىكەن. ھەربىر دۇمباق ۋە جاڭ ئۇرۇلغاندا قاراۋۇللار، گارنىزونلار ئالمىشىپ تۇرىدىكەن، ئاھالىلەر ئولتۇراقلىق كوچىلاردىكى جېسەكچىلەر قولىدىكى كالتەكنى ئاشۇ ئۇرۇلغان دۇمباق ۋە جاڭ بىلەن بىردەك ئۇرۇدىكەن، ئەگەر ئۇلار كالتەكنى دۇمباق، جاڭغا قارىماي قالايمىقان ئۇرۇپ قويسا، قەلئە ساقچىلىرى ئۇلارنى جازالايدىكەن. ئاھالىلەر جېسەكچىلەرنىڭ كالتەك ئۇرۇشىغا قاراپ، كۈننىڭ قانچە «جېڭ»، «گېڭ»

بولغانلىقىنى بايقايدىكەن. بىرىنچى قېتىم جاڭ ئۇرۇلۇشى بىلەنلا سېپىلنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرى دەرۋازا قاراۋۇل بېگى تەرىپىدىن قۇلۇپلىنىپ، ئاچقۇچ شەھەر باشقۇرۇش ئامبىلىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدىكەن. سەككىز «جېڭ» ، «گېڭ» غا جاڭ ئۇرۇلغاندا، دەرۋازا قاراۋۇلى بېگى ئاچقۇچنى قايتا ئېلىپ كېلىپ، دەرۋازىلارنى ئاچىدىكەن. ئەينى ۋاقىتنىڭ تۈزۈمى بويىچە ئۈچ «جېڭ» ، «گېڭ» دىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ كوچىلاردا يۈرۈشى مەنئى قىلىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يۈرگۈچىلەر بولسا، ساقچىلار تۇتۇپ قاماپ قويىدىكەن ياكى جەرىمانە ئالىدىكەن. كېچىدە چوڭ كوچا، گۈلۈ ئەتراپى، جاڭجۈن مەھكىمىسى ۋە باشقا يامۇللارنىڭ ئالدىغا چوڭ پانۇس، ئاھالىلەر ئورۇنلاشقان كوچىغا كىچىك پانۇس ئېسىلىپ شام بىلەن يورۇتۇلاتتىكەن. شام يېقىش، شام ئۆچۈرۈشمۇ ئاشۇ دۇمباق، جاڭلارنىڭ ئۇرۇلۇشىغا قاراپ بولىدىكەن. ھەر يىلقى چاغان كۈنلىرى راۋاق ئاجايىپ چىرايلىق زىننەتلىنىپ، پانۇسلار ئېسىپ قويۇلىدىكەن. راۋاق ئەتراپىدا تۈرلۈك كوچا ئويۇنلىرى، گوتەي، ئەجدىھا، شىر ئويۇنلىرى ئوينىلىدىكەن، قولىغا رەڭگا - رەڭ پانۇسلارنى تۇتقانلار چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال دېمەي راۋاق ئالدىغا كېلىپ، ئويۇننى كۆرۈپ، چاغاننى تەبرىكلەيدىكەن.

راۋاقنىڭ ئىككىنچى بىر رولى، راۋاق ئۈستىدە تۇرغان ئادەم قەلئەنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى كۆزىتىپ تۇرىدىكەن، مۇبادا بىر ئورۇندا يانغىن ياكى ئوت ئاپىتى يۈز بەرسە ياكى بىرەر ئەھۋال سادىر بولسا، راۋاق ئۈستىدىكى ئادەم قوڭغۇراقنى جىددىي ھالەتتە چالىدىكەن. بۇنى ئاڭلىغانلار دەرھال سىرتقا چىقىپ، ئەھۋال سادىر بولغان ئورۇنغا بېرىپ، خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن.



كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە چوڭ - كىچىك تىجارەتچىلەر راۋاقنىڭ ئەتراپىنى ئىگىلەپ، ھەر خىل دۇكان، ئاشخانا ۋە بوتكىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، راۋاقنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيلەرنى ئىگىلىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن راۋاقنىڭ ئەتراپىنىڭ مۇھىتى ناچارلىشىپ، راۋاقنىڭ كۆرۈنۈشى، مەنزىرىسىگە تەسىر يەتتى. شۇ چاغدا يەنى مىنگونىڭ 16 - يىلى كۈرەدە تۇرغان نيۇشى تىجارەتچىلەرنى راۋاق ئەتراپىدىن يۆتكەپ، ئۇلارنىڭ قايتىدىن راۋاق ئەتراپىغا كېلىپ تىجارەت قىلىشىنى قەتئىي مەنئى قىلدى، شۇ يىلى راۋاقنىڭ ئاستى - ئۈستىنى بىر قېتىم رېمونت قىلدۇردى.

راۋاق ئۈستىدە دۇمباق، جاڭ ئۇرۇش 1940 - يىلىغا قەدەر داۋام قىلىپ، ئاندىن كېيىن توختىدى. بۇ راۋاق بىر تارىخىي ئاسارە - ئەتىقە سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالدى.

ھازىر بۇ راۋاق كۈرە يېزىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. يېزىلىق ۋە ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئېتىبار بېرىشى، يۇقىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا راۋاق ھەر جەھەتتىن مۇۋاپىق قوغدىلىپ كەلمەكتە. 1983 - ۋە 1984 - يىللىرى بىر قېتىم قايتا رېمونت قىلىنىپ، يېپيېڭى قىياپەتكە كەلتۈرۈلدى.

# دىلمۇك تېغى ۋە دىلمۇك تېغى باغرىدىكى يېزىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى

يۇسۇپجان ئەيسا

شائىر ھەم تارىخچى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ 1940 ـ يىلى يازغان «دىلمۇك تېغى باغرىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرى» دېگەن قول يازمىسىدا مۇنداق يازغان ئىدى: «غەربتىن ـ شەرققە سوزۇلۇپ، شىنجاڭنى شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈپ تۇرغان تەڭرى تاغلىرى 10 چوڭ تارماققا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بىر تارمىقىنى يەرلىك خەلقلەر «دىلمۇك تېغى» دەپ ئاتىشىدۇ. دىلمۇك تېغى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىن باشلىنىپ (شەرقىي مېردىيان 79 گرادۇس) شەرققە قاراپ شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىكى توققۇزتارا ناھىيىسىگىچە (شەرقىي مېردىيان 85.5 گرادۇس) سوزۇلغان. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 290 كىلومېتىر، كەڭلىكى 60 كىلومېتىر ئەتراپىدا».

دىلمۇك تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمى تۆمۈرلۈك تېغى، ئات تېغى، سار تاغ دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. دىلمۇك تېغىنىڭ شىمالىي قىسمى شۇڭقار تېغى، ئارقار تېغى، ئۆچكىلىك تېغى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. خونخاي غولىنىڭ غەربىي قىسمى شۇڭقار تېغى بولۇپ (قازاقىستان تەۋەسىدە)، خونخاي غولىدىن سوۋاشو غولىغا قەدەر



112 كىلومېتىر ئارىلىق ئارقار تېغى، سوۋاشو غولىنىڭ شەرقىي قىسمى ئۆچكىلىك تاغلىرىدۇر. ئارقار تېغى بىلەن ئۆچكىلىك تاغ باغرىغا چاپچال ناھىيىسى بىلەن توققۇزتارا ناھىيىلىرى جايلاشقان. دىلمۇك تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسىملىرىدا ئەراگىزەك چوققىسى، تەڭرىقۇت (ئەۋلىيا چوققا) چوققىسى ۋە بەش سالا، ئاقتاش چوققىسىدىن ئىبارەت چوققىلار بولۇپ، بۇ چوققىلار دېڭىز يۈزىدىن 4010 مېتىر، 3986 مېتىر، 3874 مېتىر ئېگىزلىكتە، يىل بويى قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. دىلمۇك تېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك پەرقى ناھايىتى روشەن پەرقلىنىدۇ. دىلمۇك تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىگىدە 14 غول سۇ ئېقىنى بولۇپ، ئالمالى غولى، ئۆرتەڭ غولى، قولۇستاي غولى، چەجە غولى، جاغىستاي غولى، چوڭ بوغرا غولى، خونخاي غولىدىن ئىبارەت يەتتە غول سۇ ئېقىنى چاپچال ناھىيىسى تەۋەسىدە، غالجات غولى، شۇڭقار غولى، كەتمەن غولى، بودۇتەن غولى، ئاقسۇ غولى، قىرىق سار غولى، سومبە غولىدىن ئىبارەت يەتتە غول سۇ ئېقىنى قازاقىستان تەۋەسىدە بولۇپ، دىلمۇك تېغىنىڭ ئالمالى غولىدىن غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ كەتمەن غولىغا بارغان ئارىلىقى ئېگىز، شىمالغا قاراپ سوزۇلغان تاغ جىلغىلىرى كۆپ، قارىغاي، تال، چېتىن، دولانا، ئارچا، تىۋىلغا، ئىرغاي ۋە ھەر خىل ياۋا مېۋىلەردىن ئىبارەت ئورمان بىلەن قاپلانغانلىقى ئۈچۈن ھۆل ـ يېغىن مىقدارى، ئېقىن سۇ مەنبەسى كۆپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈچۈن سۇ مەنبەسى يېتەرلىك.

كەتمەن غولىدىن سومبە غولىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تاغ تىزمىسى بارغانچە پەسلەپ بارىدۇ، ئۇنىڭ شىمالىغىچە شىمالغا سوزۇلغان تاغ جىلغىلىرىمۇ ئاز، ئورمان بىلەن قاپلىنىشىمۇ

شالاڭ بولغانلىقتىن سۇ مەنبەسى بىرقەدەر ئاز بولۇپ، ئۇيغۇر يېزىلىرى ئەنە شۇ يۇقىرىدىكى 14 غول سۇيىنى ئاساس قىلىپ ئورۇنلاشقان.

## جاغىستاي يېزىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى

دىلمۇك تېغىنىڭ 12 كىلومېتىر قىسمىنى ئىگىلىگەن، ئارقار تاغ تىزمىسىغا جايلاشقان چوڭ غوللارنىڭ بىرى جاغىستاي غولىدۇر. ئۇ ئارقار تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى تەڭرىقۇت چوققا تاغ تىزمىسى ۋە ئاقتاش ـ ئارچىلىق تاغ تىزمىلىرىدىكى زىندان غولى، ئاقۋاي غولى، ئارقار غولى، چىتىنلىك غولى، ئۈزۈنبۇلاق غولى قاتارلىقلاردىن باشلانغان بەش چوڭ ئېقىن ۋە نۇرغۇن جىلغىلاردىن كەلگەن ئېقىنلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ ئېقىشىدىن ھاسىل بولغان چوڭ غولدۇر.

جاغىستاي غولىدىكى ئېقىن سۇيىنىڭ باشقا 13 غول سۇيىدىن ئالاھىدە پەرقى شۇكى جاغىستاي غولى سۇيىدە بېلىق بولۇپ، سۇدىكى بېلىقلارنى يەرلىك خەلق «ئادەم بېلىقى»، «ئىت بېلىقى» دەپ ئىككىگە بۆلەتتى. ئادەم بېلىقى ناھايىتى سۇزۇك، تېرىسى پارقىراپ تۇراتتى، گۆشى تەملىك بولۇپ، توپ ـ توپ بولۇپ يۈرەتتى، چوڭلىرى يېرىم كىلو ئەتراپىدا بولاتتى. ئىت بېلىقى بولسا قارا چوقۇر رەڭدە بولۇپ، تۇمشۇقىدا بۇرۇتى بار، ئۇششاق بولاتتى، ئۇنى كىشىلەر يېمەيتتى. جاغىستاي دېگەن ئاتالغۇ موڭغۇلچە «بېلىقلىق ساي» دېگەن مەنىدە ئاتىلىدۇ.

جاغىستاي غولى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سوزۇلۇپ، ئۇزۇنلۇقى 60 كىلومېتىر، كەڭلىكى 200 مېتىر كېلىدۇ. جاغىستاي غولىنىڭ سۇيىدىن پايدىلىنىدىغان ئورۇنلار جاغىستاي



يېزىسى، قاينۇق يېزىسىنىڭ ئارا ئۆستەڭ كەنتى، يەتتە سۇمۇل يېزىلىرى بولۇپ، بۇ تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۈزۈم بولۇپ، ھازىرقى ۋاقىتتا جاغىستاي غولى سۇيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر مەيدانى 73137 موغا يېتىدۇ.

جاغىستاي يېزىسىنىڭ بىنا بولۇشى ۋە كېيىنكى جەريانى مۇنداق:

ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان قاينۇق يېزىسى ئىلى ۋادىسىغا جايلاشقان ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا بولۇپ، 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى جۇڭغار قونتەيجىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئافاق خوجا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خانلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، جۇڭغار قونتەيجىلىرىگە نۇرغۇن تۆگە، ئالتۇن ـ كۆمۈش، مال ـ دۇنيا سوۋغا يوللىغاندىن سىرت 1000 غا يېقىن «قارا تاغلىقلار» نى قۇل ئورنىدا سوۋغا قىلدى. شۇ چاغدا ئىلىدا لاما دىنى ئەۋج ئېلىپ غۇلجىدا «ئالتۇن قوببىلىق ئىبادەتخانا» ياسالدى. شۇنداقلا قاينۇقتا كۆمۈش قوببىلىق ئىبادەتخانا ياسىلىۋاتاتتى. ئافاق خوجا سۈرگۈن قىلغان 1000 غا يېقىن قارا تاغلىقتىن ئامان قالغان 900 سۈرگۈننى شۇ چاغدىكى ئاقسۆڭەكلەرگە تەقسىم قىلغاندىن سىرت، قالغىنىنى ئالتۇن قوببىلىق بۇتخانا بىلەن كۆمۈش قوببىلىق بۇتخانىغا تەقسىم قىلىدۇ.

جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى قاينۇق يېزىسىدا كۆمۈش قوببىلىق بۇتخانىدىن باشقا، سوغ بۇلاق يېنىدا بەش ئېغىزلىق ئۆي سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چوڭ كۆل ياسىتىپ، ئىبادەتخانىغا كېلىدىغان جاغىستاي غولىدىن «خان ئېرىق» ئۆستىڭىنى چاپتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت قارا تاغلىق سۈرگۈنلەرگە قاينۇقتىكى ئىبادەتخانىسىغا يېقىنلىغۇ ئۈچۈن جاغىستاي غولىنىڭ يۇقىرىسىدىن كۆمۈر

كان ئاچقۇزىدۇ. قاينۇقنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى شەرۋاغ دېگەن يەردىكى بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ قارا تاغلىقلارغا دېھقانچىلىق قىلدۇرغان بولسىمۇ، بىراق بۇلاق سۈلىرى يېتىشمىگەنلىكتىن جاغىستاي غولى سۈيىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. 1706 - يىلى جاغىستاي غولىنىڭ غەربىي گىرۋىكىنى بويلاپ ئاقىدىغان «ئارا ئۆستەڭ» نى چاپتۇرىدۇ. ئارا ئۆستەڭ جاغىستاي غولىنىڭ كەڭ ئېغىز دېگەن يېرىدىن باشلىنىپ، «شەرۋاغ» قىچە چېپىلىپ، جۇڭغار ئەمەلدارلىرىنىڭ قاينۇق ۋە شەرۋاغدىكى سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ. ئارا ئۆستەڭنى ۋە «خان ئېرىق» نى چېپىشنى پىلانلاشقا شۇ چاغدا گۇرۇدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان يۈسۈپ دېگەن كىشى مەسئۇل بولۇپ، ئارا ئۆستەڭنى چېپىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قاينۇقتىن 50 ئائىلە جاغىستايغا كۆچۈرۈلىدۇ. بۇ 50 ئائىلىگە يۈسۈپ خوجا (خوجا ئەۋلادى) مەسئۇل بولۇپ، ئۇلار ئۆي سېلىپ ماكانلىشىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. مەھەللىسىگە «ئوردا مەھەللە» دەپ نام قويۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يۈسۈپ خوجا سۇ ئىشلىرىنىمۇ باشقۇرغانلىقى ئۈچۈن «يۈسۈپ مىراپ» دەپ ئاتىلىدۇ. مانا بۇ جاغىستاي غولىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە جايلاشقان جاغىستاي مەھەللىسىنىڭ دەسلەپكى بىنا بولۇشى ھېسابلىنىدۇ.

1737 - يىلى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى چىرىكلىشىپ، ئۆزئارا توپىلاڭ يۈز بېرىدۇ، قاينۇقتىكى جۇڭغار ئەمەلدارلىرىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ. نەتىجىدە، جاغىستايلىقلار يۈسۈپ مىراپ باشچىلىقىدا جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇرۇشتا يۈسۈپ مىراپ بىلەن ئۇنىڭ قىزى، كېلىنى، رازىخان بىلەن مەزىخان قاتارلىق بىرنەچچىلىگەن ئادەم مەرتلەرچە قۇربان بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرتتىكى ئۇي-



غۇرلار يۈسۈپ مىراپنى ئارا ئۆستەڭ بويىدىكى دۆڭلۈككە، رازىخان بىلەن مەزىخاننى تۆۋەنكى يۇزدىكى قىر بويىدىكى مەسچىت يېنىغا دەپنە قىلىپ، مىڭ بىر تەستە بىنا قىلغان يۇرتىنى تاشلاپ 30 ئائىلىدىن باشقا ئۇيغۇرلار باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىدۇ. شۇ يىللارغا شاھىت بولۇپ جاغىستاي 2 - كەنت مەسچىتى يېنىدىكى يۈسۈپ مىراپ مازىرى بىلەن ئوردا مەھەللىسىدىكى 7 تۈپ سىيدە دەرىخى، تۆۋەنكى يۇز قىر بويىدىكى «رازىخان - مەزىخان» مازىرى قالىدۇ.

1760 - يىللىرى تۇرپاننىڭ ئاستانە، قاراغوجا يېزىلىرىدىن بولۇپ 100 ئائىلىلىك كىشى ئىلى تەۋەسىگە كۆچۈرۈپ كېلىنىدۇ. بۇ 100 ئائىلە ئىچىدە مەمدالى، نەمدالى ئىسىملىك كىشىلەرنىڭ ئوغلى تاش مۇھەممەت، ئايالى ھەمىدىخان دېگەنلەر بولۇپ، كۆچمەنلەرنى يول بويى باشقۇرۇشقا ئوڭايلىق بولۇش ئۈچۈن بىرنەچچە ئائىلىنى «لىيەن» گە بۆلۈپ، تاش مۇھەممەت بىر لىيەننىڭ لىيەنجاڭى بولىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر ئاتاشقا ئەپلىك قىلىپ تاش مۇھەممەتنى «تاشلاڭ - تاشلاڭ» دېيىشىدۇ. تاشلاڭ (تاش مۇھەممەت) بىلەن 50 كە يېقىن ئائىلە جاغىستايغا كۆچۈپ كېلىپ، ئارا ئۆستەڭنى رېمونت قىلىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تاشلاڭ (تاش مۇھەممەت) يۈز بېگى 1764 - يىلدىن 1788 - يىلىغىچە يۈز بېگى بولۇپ 1792 - يىلى 82 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا نەۋرىسى سېلىم يۈز بېگى بولدى. تاشلاڭنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ: ھىتباي (ئازىنباقى، ھەمەك بولۇس، نۇراخۇن مەزىدىن، مەخپىراخۇن)، ھەمەش (ئىمىناخۇن ئىمام، ئەمەت توختى، خۇدايىم بەردى، سېلىم سوپاخۇن)، تۇردى (مەمرا شاڭيۇ، غازى، ئازى ھاجى، مۇسا ھاجىم،

مەنسۇر)، كېرەمباي (مەمتۇزاق، مەمتۇلاق قازى، ھەمەگجىم، ئوسمان) بولۇپ تاش مۇھەممەتتىن ھازىرغىچە بولغان ئەۋلادلىرىنى ھېسابلىغاندا: تاش مۇھەممەت، تۇردى، ئازى ھاجىم، ئەمىردىن شاڭيۇ، ئەمەت، مەھەممەتجان، مەرداندىن ئىبارەت يەتتە ئەۋلادتىن ئىبارەت.

جاغىستاي يېزىسى ئەينى زاماندا ئاساسەن تاش مۇھەممەت ئەۋلادى بولۇپ، يېزا ھاكىمىيەت باشقۇرۇشمۇ 1950 - يىللارغا قەدەر شۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ كەلگەن ئىدى. 1764 - يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلى تەۋەسىگىچە كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلاردىن قۇتبى ئىمام قاتارلىق كىشىلەر جاغىستايغا كېلىپ، رازىخان - مەزىخان مازىرى ئەتراپىغا ئۆي سېلىپ ماكانلىشىدۇ، جاغىستاي شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى يۈز (مەھەللە) بولۇپ، 1950 - يىلغىچە ئىككى يېزا بولۇپ كەلدى.

## يەتتە غول سۇيىنى ئاساس قىلغان يېزىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تىكلىگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدىن ئۇيغۇرلارنى يەنە كۆچۈرۈپ چىقىدۇ. بۇ كۆچۈرۈپ چىققان ئۇيغۇرلاردىن ھازىرقى چاپچال شىۋە ئاپتونوم ناھىيىسى تەۋەسىدىكى خونخاي غولى سۇيى ئەتراپىغا 800 ئائىلە، قاينۇق سۇيى ئەتراپىغا 600 ئائىلە، دادامتو سۇيى ئەتراپىغا 500 ئائىلە بولۇپ، جەمئىي 1900 ئۆيلۈك ئىدى.

خونخاي غولى سۇيىگە بۆلۈنگەن ئۇيغۇرلاردىن كۆپچىلىكى خونخاي غولى باغرىغا ئورۇنلىشىپ خونخاي مەھەللىسى شەكىلل-



ىنىدۇ. بىر قىسمى چوڭ بوغرا غولى سۇيىنى ئاساس قىلىپ، دولاتا، چوڭ بوغۇر، كىچىك بوغۇر، مازار (يۈسۈپ سەككاكى مازىرى) مەھەللىلىرى بىنا بولىدۇ. خونخايلىقلار ئاساسەن قارداش ناھىيىسىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار بولۇپ، كۆچۈش جەريانىدا يول بويى 10 ئائىلە بىر گۇرۇپپا بولۇپ، گۇرۇپپا باشلىقى «ئون بېشى» دەپ ئاتىلىدۇ. خونخايلىقلار ئىچىدە «ئابدۇرېھىم بوشى» دېگەن كىشى بولۇپ، «ئون بېشى» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتاش ئاسانلىشىپ يىللار ئۆتكەنسېرى «ئابدۇرېھىم ئون بېشى» دېگەن ئىسىم «ئابدۇرېھىم بوشى» دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ.

قاينۇق سۇيى ئاساس قىلىنىپ بۆلۈنگەن ئۇيغۇرلار ئۆرتەڭ غولى، چەجە غولى، قولۇستاي غولى، ئالمالى غولى سۇيىنى ئاساس قىلىپ، بىرقانچە ئائىلىلەر تاغ باغرىدىكى غول ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، كۆپچىلىكى قوغۇنچى، يالغۇز ياغاچلارغا ئورۇنلىشىپ مەھەللە بىنا قىلىنىدۇ. چەجە غولى، ئۆرتەڭ غولى، قولۇستاي غولى، ئالمالى غولىغا جايلاشقان مەھەللىلەر ھازىر دادۇي ھېسابىدا باشقۇرۇلىدۇ. مانا بۇ دىلمۇك تېغى باغرىدىكى شىنجاڭ دائىرىسىدىكى يەتتە غول سۇيىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ بىنا بولۇشىدۇر.

1881 - يىلى فېۋرالدا «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىدۇ. بۇ تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىگە ئاساسەن، 1884 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 10 ئادەمنىڭ 6 - 7 سى مەجبۇرىي روسىيىگە كۆچۈرۈلىدۇ. بۇ چىدىغۇسىز زۇلۇم شىنجاڭ تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ «يەتتە سۇغا كۆچۈرۈلۈشى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلى تەۋەسىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈرۈلۈشىدە، جاغىستاي يېزىسى بىلەن خونخاي

مەھەللىسىمۇ ئامان قالمايدۇ.

جاغىستاي يېزىسىدىن مەمدالى ئائىلىسى دىلمۇك تېغى باغرىدىكى ھازىرقى قازاقىستان تەۋەسىدىكى غالجات غولى سۈيى بويىغا كۆچۈپ چىقىپ ئورۇنلىشىدۇ. تاش مۇھەممەت ئەۋلادىدىن ھەمەك ھاجىم بىلەن ئوسمان ئەۋلادى ھازىرقى قازاقىستان تەۋەسىدىكى ئاقسۇ غولىنىڭ كۈن چىقىش قىر بويىغا ئورۇنلىشىپ، كوچىنىڭ نامىنى «جاغىستاي كوچىسى» دەپ ئاتايدۇ. كۆچ - كۆچ سەۋەبىدىن يەرنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جاغىستاي يۇقىرىقى يۈزدە سېلىم يۈز بېگى باشلىق 16 ئائىلە، تۆۋەنكى يۈزدە قۇتبى ئىمام باشلىق 16 ئائىلە قالىدۇ. شۇڭا جاغىستاي 16 ئائىلە دېگەن نام ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

خونخاي مەھەللىسىدىن ئەيسا ئەۋلادى غالجاتقا، موناخۇن قازى، روزى ئەۋلادى كەتمەن غولى سۈيى بويىدىكى كەتمەنگە، ئىسلام ئەۋلادى شۇڭقار غولى سۈيى بويىغا ئورۇنلىشىپ، شۇڭقار مەھەللىسى بىنا بولۇش بىلەن بىرگە، بودۈتە غولى سۈيى بويىغا دوگامەت ئەۋلادى كۆچۈپ چىقىپ بودۈتە مەھەللىسى بىنا بولىدۇ.

خونخايدىن ئابدۇرېھىم ئون بېشى ئەۋلادلىرى بىلەن ئاقسۇ مەھەللىسىگە كۆچۈپ چىقىدۇ، چوڭ بوغۇر، كىچىك بوغۇردىن كۆچۈپ چىققانلار ئايرىم - ئايرىم ئىككى كوچىغا ئولتۇراقلىشىپ، چوڭ بوغرا كوچىسى، كىچىك بوغرا كوچىسى ئاتىلىپ، بىر پۈتۈن ئاقسۇ يېزىسى بىنا بولىدۇ. دولاتا مەھەللىسىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار ئاقسۇ غولىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە ئورۇنلىشىپ، مەھەللە نامىنى يەنىلا دولاتا دەپ ئاتايدۇ.

ئەينى زاماندا قىرىق ساي غولى سۈيىنى ئاساس قىلىپ ئون نەچچە روس ئائىلىلىرى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ يەرگە بىر



قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ كۆچۈپ چىقىپ ماكانلىشىپ ئولتۇراقلىشىدۇ.

سۈمبە غولىنىڭ سۈيى ئاز بولۇپ، دېھقانچىلىق قىلىشقا راسا مۇۋاپىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەرگە چىقىپ ئورۇنلاشقان تورغان مەزىدىن ئەۋلادى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاقسۇ مەھەللىسىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى ساي ئىچىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ، مەھەللە نامىنى «كىچىك ئاقسۇ» دەپ ئاتىشىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشىدە، خونخاي مەھەللىسىدىن كۆچكەنلەرنىڭ بىر قىسمى يەركەنتكە چىقىپ، شۇلاردىن سەمەت ئەۋلادى يەركەنت شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئىچى غول سۈيىگە ماكانلىشىپ، مەھەللە نامىنى «خونخاي» مەھەللىسى دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، ئەينى ۋاقىتتا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرت - ماكانىغا بولغان سېغىنىش مېھرى - مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلىقىنى يۇقىرىدىكى ئەمەلىيەتتىن ئوچۇق كۆرەلەيمىز.

قانخورلارنىڭ دەستىدىن،
ۋەيران بولدى باغ - ۋاران.
قاچ - قاچ بولدى يۇرتلاردا،
قالدى چۆلدە مال - ۋاران.
كىندىك قانلار تۆكۈلگەن،
گۈزەل تۇپراق خۇش ئەمدى.
شىلدىر ئاققان تاغ سۈيى،
تاغ ۋە يايلاق خۇش ئەمدى.

يۇقىرىدىكى قوشاقتا ئېيتىلغاندەك، چار روسىيىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار دەرت - ئەلەملەر ئىچىدە ئۆز يۇرتلىرىنى تاشلاپ چىق-

قان.

چىلەك دەيدۇ، چىلەك دەيدۇ،
ماختىنغانچە يوق ئىكەن.
قىش قورۇدا كۆچ دېدى،
ئەسلى كەلمىگەن پىلەك.
ئورۇس ھارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ،
كۈن ئالماقمۇ تەس ئىكەن.

روسىيىگە كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار ئېغىر جۇدالىق ھەسرىتىدە كۆچۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، روسىيىگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن ئانا يۇرتىنى سېغىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈن ئېلىشىمۇ تەس بولىدۇ. نەتىجىدە قايتىدىن ۋەتەنگە كۆچۈشكە باشلايدۇ.

خونخاي مەھەللىسىدىن يەركەنت شەھىرىگە كۆچۈپ چىققان ھاجى بولۇس غۇلجا شەھىرىگە قايتا كۆچۈپ كېلىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ دۆڭ مەھەللە (پارتىيە مەكتەپ يېنىدا) گە ئورۇنلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەنلەرمۇ شۇ ئەتراپقا ئورۇنلىشىپ مەھەللىنى «ھاجى بولۇس مەھەللىسى» دەپ ئاتاپ، ھازىرغىچە ھاجى بولۇس مەھەللىسى دەپ ئاتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. 1900 - يىلدىن باشلاپ 1917 - يىلىغىچە خونخاي، جاغىستاي مەھەللىسىدىن ئاقسۇ مەھەللىسىگە كۆچۈپ چىققان ئوسمان قازى ئەۋلادلىرى بىلەن ھەمەك ھاجى جاغىستايغا كۆچۈپ كېلىپ، بىر كوچىغا ئورۇنلىشىپ، كوچىنى ئاقسۇ كوچىسى دەپ ئاتايدۇ، غالجاتقا كۆچۈپ چىققان ئەيسا ئەۋلادلىرى قايتىپ كېلىپ غالجات كوچىسىغا ئورۇنلىشىپ غالجات كوچىسى پەيدا بولىدۇ، چىلەككە



چىققانلار قايتىپ كېلىپ ئورۇنلاشقان مەھەللە چىلەك مەھەللىسى دەپ ئاتىلىدۇ، ھازىرمۇ جاغىستاي كوچىلىرى شۇ ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. مىناخۇن قازى، ئىسلام ئەۋلادى، دولاتا، چوڭ بوغۇر، كىچىك بوغۇردىن كۆچۈپ كەتكەنلەر قايتىپ كېلىپ، سوپۇم بۇلاق، دولاتا، چوڭ بوغۇر، كىچىك بوغۇرلارغا ئورۇنلىشىپ، ئىلگىرىكى مەھەللىلەر ئەسلىگە كېلىدۇ. ئەسلىدىكى خونخايلىقلار تارىلىپ كەتكەچكە، مەھەللە خارابىلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

1916 - يىلى يېقىنقى زامان تارىخىدا يەتتە سۇدا «قازاق ئاتو يىلى» بولىدۇ. چار روسىيىنىڭ قاچاق ئەسكەرلىرى ئالمائاتادىن ئاقسۇ يېزىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئولتۇراقلاشقان بىگۇنا قازاق خەلقىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئوققا تۇتىدۇ. نەتىجىدە، بىر قىسىم قازاق خەلقى شىنجاڭغا قېچىپ ئۆتۈپ، جاغىستاي، نىلقا، قىزىل كۆرە، موڭغۇل كۆرەلەرگە ئورۇنلىشىدۇ.

1917 - يىلى «ئۇيغۇر ئاتو يىلى» بولىدۇ. كۆرگەن چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، چارروسىيىنىڭ قاچاق ئەسكەرلىرى ئاقسۇ مەھەللىسىدىن 72 نەپەر ئەر كىشىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ تېپىۋېلىپ، مەھەللىنىڭ ئايىغىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ قاتار تۇرغۇزۇپ: «ئاراڭلاردا قازاق بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. خەيرۇللا دېگەن ياش: «مەن قازاق» دەپتۇ، خەيرۇللانى قالدۇرۇپ قالغان 71 نەپەر بىگۇناھ كىشىنى پىلىموتقا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، خەيرۇللاغا بىر ھارۋىغا بېسىلغان ئوق - دورىنى بايىقى قاچاق ئەسكەرلەر تۇرىدىغان تاشتىقارا دېگەن يەردىكى گازارمىغا يەتكۈزۈپ بەرسۇن، دەپ قولىغا روسچە خەت يېزىپ بېرىپتۇ. خەيرۇللا خەتنى ئېلىپ، ئات ھارۋىنى ھەيدەپ تاشتىقارانىڭ سىرتىغا بارغاندا قېچىپ يۈرگەن بىر ئۇيغۇر كىشىگە يولۇقۇپ قاپتۇ، ھېلىقى كىشى خەتنى

كۆرسە «ئۇق - دورىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئېتىۋېتىڭلار» دېگەن خەت ئىكەن. خەيرۇللا ئات هارۋىنى تاشلاپ قېچىپ، شۇ يىلى ئائىلىسىنى ئېلىپ شىنجاڭغا قېچىپ ئۆتۈپ، نىلقا ناهىيىسىگە ئولتۇراقلىشىپ، 1966 - يىللىرى ئالەمدىن ئۆتتى.

يەتتە سۇغا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار يۇقىرىقىدەك پاجىئەلەر، شۇنداقلا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت هاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كۆرۈلگەن چەكسىز سولچىللىق لۇشەن نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن ناموۋاپىق ئىشلار سەۋەبىدىن 1934 - يىللارغىچە يەتتە سۇغا كۆچۈپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ئاساسەن قايتىپ كېلىپ ئەسلىدىكى ئۆز يېزىلىرىغا ئولتۇراقلىشىشتىن سىرت، موڭغۇلكۈرە، تېكەس، توققۇزتارا، نىلقا ناهىيىلىرىگە ئولتۇراقلىشىپ، نوپۇس سانىمۇ كۆپەيدى.

## جاغىستاي يېزىسى ۋە مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى

جاغىستاي دىلمۇك تېغى باغرىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرى ئىچىدە شۇنداقلا ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرى ئىچىدە نوپۇس سانى بىرقەدەر كۆپ، جۇغراپىيە شارائىتى ياخشى، تەبىئىي بايلىقى مول، تاغ ۋە دېهقانچىلىق يەر مەنبىيى مۇنبەت يېزىلارنىڭ بىرى بولۇپ، جاغىستاي دېگەن نام تىلغا ئېلىنغاندا «ئاشلىق ماكانى، زىيالىيلار يۇرتى» دەپ تەرىپلىنىدۇ، بۇ نام دەر ھەقىقەت.

ئەينى زاماندا ئىلى رايونى رۇسىيە بىلەن ئىككى چېگرا ئېغىزى بىلەن ئالاقىلىشاتتى. بۇنىڭ بىرى قورغاس چېگرا ئېغىزى بولۇپ، سودا - سېتىق ۋە قانۇنى كىرىش - چىقىشتەك



ئىشلار مۇشۇ چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق بولاتتى. ئىككىنچىسى، هازىرقى چاپچال ناهىيىسى تەۋەسىدىكى دولاتا ئېغىزى ئىدى. 1934 - يىلىغىچە ئۆزئارا تۇغقان يوقلاش قاتارلىق ئىشلار ۋە بىر قىسىم قانۇنسىز ئىشلارنىڭ كۆپى دولاتا ئېغىزى ئارقىلىق بولۇپ، جاغىستاي يېزىسىنى مۇشۇ چېگرا ئېغىزىنىڭ «ئاۋات يولى» دېيىشكە بولاتتى. غالجات يېزىسىدا چار پادىشاھدىن تارتىپ سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىمۇ، بىر پولك رۇس ئەسكىرى چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇراتتى. شۇڭا ئۆزئارا بېرىپ كېلىش ئارقىلىق، غالجات يېزىسىغا قوشنا بولغان جاغىستاي خەلقى رۇس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. 1890 - يىللىرى غالجات يېزىسىدىن ئىمىر ئاخۇنۇم دېگەن كىشى جاغىستايغا قايتىپ كېلىپ، ئوردا مەھەللىسىدىكى مەسچىتكە ئىمام بولىدۇ، شۇنداقلا مەسچىت يېنىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆينى مەكتەپ قىلىپ بالا ئوقۇتىدۇ. ئۆتۈلىدىغان دەرسلىرى «قۇرئان» دىن ساۋات چىقىرىش بىلەن ئۇيغۇر تىل يېزىقى، هېساب بولۇپ، ئارقىدىنلا سىنىپ سانىنى ئىككى قىلىپ تىل، هېساب، تەبىئەت دەرسلىرىنى ئوقۇتىدۇ. ئىمىر ئاخۇنۇمنىڭ مەسچىتكە ئىمام بولۇشى بىلەن پەننىي مائارىپنىڭ باشلىنىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىنىدۇ. 1910 - يىلى ئىسكەندەر هاپىز دېگەن كىشى غۇلجىدىن غارىپۇللا دېگەن تاتار ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى مەكتەپ قىلىپ ئېچىپ بېرىدۇ، بىر سىنىپ قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ، دەرسلەر ئاساسەن پەننىي دەرسلەر بولۇپ، تىل، هېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە، قول هۈنەرۋەنچىلىك، رەسىم دېگەندەك دەرسلەر بولىدۇ.

1910 - يىلى ھەمرا شاڭيۇ يۇسۇپ مىراپ مازىرى يېنىدىكى مەسچىت يېنىغا ئۈچ ئېغىزلىق مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئەينى چاغدا

جاغىستايدىن يەتتە سۇغا كۆچۈپ كېتىپ، قازان ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغان مىرا موللا دېگەن كىشىنى ئالدۇرۇپ ئۈچ سىنىپ بالا ئوقۇتىدۇ. بۇلارمۇ تىل، ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت، رەسىم قاتارلىق پەننى دەرسلەرنى ئاساس قىلىپ، دىنىي تەربىيەنى قوشۇمچە قىلىدۇ، شۇنداقلا غۇجىئەخمەت ھاجى دېگەن كىشى ئۆز ئۆيىدە بىر سىنىپ بالا ئوقۇتىدۇ. تاشكەنت تېببىي ئىنىستىتۇتىنىڭ پىروفىسسورى ئاۋدۇن ئابدۇرېھىم، ئۆزبېكىستان تارىخ پەنلىرى كاندىداتى ئەرشىدىن ھىدايەتلەر ئەسلىدە ئاشۇ مىرا موللام تەربىيىسىدە ئىككى يىل ئوقۇغانلار ئىدى. 1918 - يىلى ئاتاقلىق يازغۇچى، دىنىي ئالىم نەسۇھا ئىمىن دامموللام جاغىستايغا چىقىپ، مىرا موللام دەرس ئۆتكەن مەكتەپتە ئۈچ يىل بالا ئوقۇتىدۇ.

1920 - يىلى ئىمىر ئاخۇنۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى ھىزىزەم ئاخۇنۇم ئوردا مەسچىتىگە ئىمام بولىدۇ. ھىزىزەم ئاخۇنۇم يېڭىلىق تەرەپدارى ھەم ئۇستا رەسسام ئىدى. دادىسىنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئوردا مەھەللىسىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ۋەخپە ئۆيىدە پەننى بىلىملەرنى ئاساس قىلىپ، دىنىي ئوقۇشنى قوشۇمچە قىلىپ، تاھىر ئىماملارنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن 1933 - يىلىغىچە بالا ئوقۇتۇپ، 4 - سىنىپ سەۋىيىسىگە ئىگە يېزا بالىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىدۇ. تۆۋەنكى مەھەللە مەكتىپىگە توختاخۇن ئىمام، ۋاجىپ ئاخۇنۇم، ھوشۇر موللا قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچى بولىدۇ، بۇلارمۇ يەتتە سۇدىن قايتىپ كەلگەن كىشىلەر بولغانلىقتىن پەننى بىلىملەرنى ئاساس، دىنىي بىلىملەرنى قوشۇمچە قىلىپ، 4 - سىنىپ سەۋىيىسىگە ئىگە بىر تۈركۈم ياشلارنى تەربىيىلەپ چىقىدۇ، ئۇلار باشقا يۇقىرى ئوقۇش ئورۇنلىرى بولمىغاچقا، ئائىلىدە دېھقانچىلىق ۋە باشقا ئىش-



لار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

1930 - يىللاردىن باشلاپ جاغىستاي يېزا خەلقىنىڭ كۆز قارىشىدا شۇنداقلا يېزا مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىدا يېڭى بۇرۇلۇش، يېڭى ئۆزگىرىش يۈز بەردى. غالجات يېزىسىدىن ئاتاقلىق يازغۇچى ھەم تارىخچى، ئالىم نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوپ، ئاتاقلىق شائىر مويىدىن يۇنۇس، تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا دارىلفونۇنى (ساكو)نى پۈتتۈرگەن ئوسمان يۇنۇس، ئاتاقلىق شائىر، ئالمۇتا زاردات مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئابدۇرېھىم ئەيسا قاتارلىق زىيالىيلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتاقلىق شائىر خۇدابەردى تالىپلار جاغىستايغا كۆچۈپ كەلدى. 1932 - يىلى مەشور تالىپ دېگەن كىشى ئاۋاكرى ئۇستا دېگەن كىشىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى مەكتەپ قىلىپ ئاچتى، ئوت يۈرەك شائىر، ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىككى يىل ئوقۇپ، ئائىلىسى بىلەن نىلقا ناھىيىسىگە كۆچۈپ كەتتى. 1933 - يىلى ئابدۇرېھىم ئەيسا، ئوسمان يۇنۇسلار نۇردۇن قەمبەرنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى مەكتەپ قىلىپ ئېچىپ، يۇقىرىقى ئىككى مەسچىت يېنىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغان بالىلارنى يىغىپ، پۈتۈنلەي پەننى دەرسلەرنى ئاساس قىلىپ، تىل، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تەبىئەت، رەسىم، گىمناستىكا قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. ھەر ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوخشاش فورما كىيىپ بارابان، كاناي چېلىپ، شېئىر ئېيتىپ مەھەللىنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە ئايلاندۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن يېزا خەلقىدە يېڭىدىن مەكتەپ سېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، ياشلاردا، كىچىك بالىلاردا ئوقۇش ھەۋىسى قوزغالدى. شۇنداق قىلىپ 1933 - يىلى قىشتا ئىسكەندەر ھاجىمنىڭ ئۆيىدىكى چوڭلار ئولتۇرۇشىدا، يېڭىدىن پەننى مەكتەپ سېلىش ھەققىدە پاراڭ بولۇپ، قۇدرەتۇللا ھاجىم مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن

ئۆزىنىڭ بىدلىك يېرىنى ئىئانە قىلدى. پۇلى بارلار پۇل، پۇلى يوقلار خالىسانە ئەمگەك قىلىش قىزغىنلىقى بىلەن شۇ يىلى يازدا بىر كورپۇس، ئالتە سىنىپلىق مەكتەپ سېلىنىپ، مەكتەپنىڭ ئالدىنى ياغاچ بىلەن رىشاتكا قىلدى، ۋالىبول، ۋاسكېتبول شۇنداقلا تورنىڭ مەيدانلىرى ياسالدى. ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى، بارابان، كاناي قاتارلىق تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرىمۇ ئېلىندى. يېڭى مەكتەپكە ئاتىلار كومىتېتى تەشكىل قىلىنىپ، ئەمىردىن شاڭيۇ باشلىق زىخرۇللا خەلپىتىم، غوجاباۋدۇن شاۋدۇن، مەشۇر تالىپ مۇئەللىم قاتارلىق كىشىلەر مەسئۇل بولدى.

ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يېتىشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ۋاقتىدا ھىزىزەم ئاخۇنۇمدا ئوقۇپ چىققان ياشلاردىن ھەسەن تۆلىگەن، ۋىلام بەھرام، توختى غوجا زاھىر، ئىسمايىل موللا، خۇدا بەردى تالىپ، شەيخىدىن خەيرىدىن، ئۆمەرجان قادىر، نىزام جەپەر قاتارلىق يېزا ياشلىرى غۇلجىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئېچىلغان ئالتە ئايلىق ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىدا ئوقۇپ چىقتى. شۇ يىلى 6 - سىنىپتا ۋە بىرىنچى سىنىپتىن تۆتىنچى سىنىپقىچە بولغان ھەممە سىنىپلارغا بالىلار لىق تولدى، ھەسەن تۆلىگەن مەكتەپ مۇدىرى، ۋىلام بەھرام ئىلمىي مۇدىر بولدى، مەكتەپ نامىنى «بىرلىك» مەكتەپ دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى مەسچىت يېنىدىكى مەكتەپلەر تارىخى ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ، «بىرلىك» مەكتەپكە قوشۇۋېتىلدى. ئابدۇرېھىم ئەيسا غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى ھۈسەينىيە (ھازىرقى 2 - ئوتتۇرا) مەكتىپگە، ئوسمان يۇنۇس ھەيرانباغ مەكتىپگە، خۇدابەردى تالىپ ئايدۆڭ مەكتىپگە مۇدىر بولۇپ كەتتى. كېيىنكى يىلى يېزا مۆتىۋەرلىرىدىن قۇدرەتۇللا ھاجىم، ئىسكەندەر ھاجىم، مۇسا ھاجىم، ئەمىردىن شاڭيۇ، مىرا ھاجىم، سەۋرىدىن شاڭيۇ، بەراخۇن



قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىشى، ئىقتىسادى يوقلارنىڭ خالىسانە ئەمگەك قىلىشى بىلەن مەكتەپ يېنىغا 200 كىشىلىك كۇلۇپ بىلەن دىكراتسىيە ئۆيى ۋە ياندايلا ئىككى ئېغىزلىق ئوقۇتۇش سىنىپى ياسالدى، «بىرلىك» مەكتەپتە بىرىنچى سىنىپتىن 6 - سىنىپقىچە تەسىس قىلىنىپ، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى تېخىمۇ تولۇقلاندى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۇرۇش ئۈچۈن، يېزا ياشلىرىدىن ئىبراھىم ئىسكەندەر، ئەزىم ئىبراھىم، ئىسھاق ئىبراھىم، مەخمۇت ھاشىر قاتارلىقلار ئىككىنچى قارار ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۇرۇش كۇرسىغا قاتناشتى ۋە ئوقۇشنى تۈگىتىپ، «بىرلىك» مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولدى. ھەسەن تۆلىگەن، توختى غوجا زاھىرلار غۇلجا شەھىرىگە بېرىپ، ھەسەن تۆلىگەن «تائالە» مەكتىپگە، توختى غوجا زاھىر «شەرق مەھەل» مەكتىپگە مۇدىر بولدى، «بىرلىك» مەكتىپگە ۋىلام بەھرام مۇدىر بولدى.

1937 - يىلى سۇيدۇڭ كۆرەدە ئېچىلغان بىرىنچى قارار دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپگە ئەمەت ئەمىردىن، ئەخمەت يۇنۇس، ئابدۇللا يۇنۇس، ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، تۇرغان ھاشىر قاتارلىق ياشلار ئوقۇشقا كىرىپ ئۈچ يىل ئوقۇپ، ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن جاغىستاي «بىرلىك» مەكتىپگە ئوقۇتقۇچى بولدى. بۇلار بىلەن بىرگە كۆرە دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن زۆھرە ۋاھاپ، پاتىگۇل دېگەن ئاياللارمۇ ئوقۇتقۇچى بولدى. ۋىلام بەھرام، ئۆمەرجان قادىر، نىزام جەپەر، خەيرىدىن شەيخىدىن قاتارلىقلار غۇلجىدىكى 2 - ئوتتۇرا، شەھەر ئىچى 4 - ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە ئوقۇتقۇچى بولدى. سۇيدۇڭ كۆرە 2 - قارار دارىلمۇئەللىمىنگە غىياسىدىن ئىسكەندەر، مويىدىن مىرا ھاجى، مەسئۇت ھاشىر، ئەمىردىن نەسىردىن، نەسىردىن سەۋرىدىن،

ئۆمەرجان شېرىپ، تىلىۋالدى ئىدرىس، غوجا باۋدۇن، تۇر-
سۇن، ئىلى ئەكبەر بەراخۇن، قاسىم ھىتاخۇن، ئىمىرئەمزە
ئايۇپ قاتارلىقلار؛ ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى 2 - قارارغا
ئابدۇرازاق ئوسمان، ئوسمان ئۆمەر، ئىلىم ئەيسا، ئەخمەت سە-
ۋىردىن، شاۋدۇن سابىت، غىياس ھۇسەن، ئاۋدۇن قادىر، مەھ-
مۇتجان جالال قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار؛ كۆرە دارىلمۇئەللىمىن 7
- قارارغا غوجىئەخمەت توختى، جالالىدىن راشىدىن، ئۆمەرجان
ئەيسا، يۇسۇپ ئىلياس، رىزايدىن باۋدۇن، بولۇس ئاباس،
ئاسىم مەسۇم، ئەيىندىن نۇرۇم، ئەنۋەر سەۋىردىن قاتارلىق
ئوقۇتقۇچىلار؛ ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى 6 - قارارغا يۇسۇپ
ئەيسا، ئەخمەت داۋۇت، ئابلىز خۇسۇرى، ئىبراھىم بىلال،
ئەبەيدۇللا يۇنۇس، تىيىپ داۋۇت، غىلاجىدىن سابىت، كەشپۇللا
ئەخمەت قاتارلىقلار؛ گىمنازىيە 2 - قارار قىزلار سىنىپىغا
رەيھان نەزەرغوجا، ئەلاخان يۇنۇس، ھەجەر قادىرلار ئوقۇشقا
كىرىپ ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئابدۇرازاق ئوسمان تائا-
لە مەكتىپىگە، نەسىردىن سەۋىردىن شەھەر ئىچى مەكتىپىگە،
ئىلى ئەكبەر قارادۆڭ مەكتىپىگە، مەسئۇت ھاشىر سۇيدۇڭ مەك-
تىپىگە، يۇسۇپ ئەيسا قاينۇق مەكتىپىگە مۇدىر، ئىلمىي مۇدىر
بولدى. باشقا يولداشلارنىڭ ئاز بىر قىسمى جاغىستاي «بىرلىك»
مەكتىپىگە، كۆپچىلىكى غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى ھەرقايسى مەك-
تەپلەرگە ئوقۇتقۇچى بولدى.

دېمەك، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن يولداشلار شۇ دەۋرنىڭ يۇ-
قىرى بىلىم يۇرتى بولغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى، گىمنازد-
يە، كۇرستلارنى پۈتتۈرگەن كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىيلار بو-
لۇپ، ئىلى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور كۈچ
قوشقان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن جاغىستايمۇ زىيالىيلار ماكانى دېگەن



شان - شەرەپ ۋە ئابرۇيغا ئىگە بولغان ئىدى. شۇنداقلا «بىر-
لىك» مەكتەپ يېزا خەلقىنىڭ سەنئەتكە بولغان تەلىپىنى قاندۇ-
رۇش ئۈچۈن «سانائى نەفىسە» ئۆمىكى تەشكىللەپ «غۇنچەم»،
«قانلىق داغ»، «نۇزۇگۇم»، «خىيالى تېۋىپ» قاتارلىق دراما-
مىلارنى ئويناشتىن سىرت، ناخشا - ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈ-
زۈپ يېزا خەلقىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ كەلدى. جاغىستاي
«بىرلىك» مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ھەم ئوقۇتقۇچىسى ئەمىر-
دىن نەسىردىن 1936 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە بولغان
تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە ئون مىڭ مېتىر، 5000 مېتىر،
1500 مېتىرلاردا ئىلى ۋىلايىتى بويىچە بىرىنچى، شىنجاڭ بويى-
چە ئىككىنچى بولۇپ كەلدى.

1937 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلى-
رىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش چاقىرىقىغا ئاساسەن،
جاغىستاي يېزىسىدا ئەمىردىن شاڭيۇ باشچىلىقىدا ئىئانە توپلاش
ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، «بىرلىك» مەكتەپ ئويۇن قويۇش ئارقى-
لىق، يېزا خەلقى 27 سەر ئالتۇن، 35 سەر كۈمۈش، 50 كە
يېقىن ئات - كالا، ئاشلىق ئىئانە توپلاپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا
ھەسسە قوشتى.

1937 - يىلى ئەمىردىن شاڭيۇ يېرى يوقلارغا يەر بېرىش
ئۈچۈن 70 ئاتلىق كىشىنى باشلاپ ۋالى چۇيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ،
جاغىستاينىڭ ئۇستىدىكى «ئالماتۇز» دېگەن بىنەم يەرنى يېرى
يوقلارغا بۆلۈپ بېرىش بۇيرۇقىنى ئېلىپ چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن
يېرى يوق ھەرقايسى ئائىلىلەرنىڭ جان سانىغا قاراپ، خو (بىر
خو 64 كىلوگرام) ھېسابىدا يەرنى بۆلۈپ بېرىدۇ. يەرگە ئىگە
بولغان خەلق خۇشاللىق ئىچىدە يەرگە ئۇرۇق چېچىپ، شۇ يىلى
بىر خو (64 كىلوگرام) ئۇرۇقتىن ئالدى 90 خو، كەينى 60

- 70 خودىن ئاشلىق ئېلىپ، جاغىستاي خەلقى ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ، جاغىستاي ئاشلىق ماكانى دېگەن نامغا ئېرىشىدۇ.

جاغىستاي ھەققىدە ئاتاقلىق يازغۇچى نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوپ مۇنداق شېئىر يازغان ئىدى:

جاغىستاي ئالدى ساي،
ئويناشقا بەك قولاي.
يايلاقلىرى ئوغلاق - قوزا،
دالىلىرى ئالتۇن - ئاشلىق مالغا باي.

1948 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمى ئالاھىدە جلغىستاي يېزىسى ۋە «بىرلىك» مەكتىپىگە كېلىپ، مەكتەپنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن: «بىز قاچانغىچە تاشپاقىدەك ئۆمۈلەپ يۈرىمىز» دەپ چېپىش تاختىدىن تاشپاقىنى ئېلىۋېتىپ: «دۇنيادا ئوقۇتقۇچىنىڭ مېھنىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مېھنەت يوق، چۈنكى ئالىملار، پروفېسسورلار، گېنېراللار، دوختۇرلار، ئىنژېنېرلار ئوقۇتقۇچىلار مېھنىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئەخمەتجان قاسىمى
1948 - يىلى 9 - ئاي»

دەپ بېغىشلىما يازغان ئىدى.

جاغىستاي «بىرلىك» مەكتىپى ئۆلكە تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى، يېزا خەلقىنىڭ يېقىندىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. «بىرلىك» مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن مۇھەممەتجان ئەمەت، ئابدۇرازاق ئوسمان، زامانوپ غوجالىم، خەمىتوپ مەنسۇر، قۇربانجان مۇھەممەت قاتارلىق رەھبەرلەر، جامائەت ئەربابلىرى يېتىشىپ چىقىپ، دۆلەتنىڭ سوتسىيا-



لىستىك ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقان بولسا، ھوشۇر ئىسلام، تۇردى ئوسمان، ھەببۇللا ئابدۇرېھىم، شۈكۈرخان، ئۆمەرجان، شېرىپىدىن ئۆمەر، يۈسۈپ ئىلياس، پەرھات ئىلياس، خالمۇرات ئۆمەر قاتارلىق پەن ئالىملىرى، پروفېسسورلار، ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر، سەنئەتچىلەر يېتىشىپ چىقىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشتى.

1986 - يىلىدىن باشلاپ، جاغىستاي يېزىسىدا 11 يىللىق تۈزۈمدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. ھازىر بۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە 64 نەپەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر 17 نەپەر، ئالىي تېخنىكوم پۈتتۈرگەنلەر 28 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكوم پۈتتۈرگەنلەر 18 نەپەر، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن بىر نەپەردۇر.

جاغىستاي يېزىسىدىن چىقىپ ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 894 نەپەر، ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم پۈتتۈرگەنلەر 678 نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى يېزىغا قايتىپ كېلىپ، يېزا مائارىپى ۋە يېزا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان بولسا، كۆپ قىسمى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ساھەلىرىدە ئىشلەۋاتىدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ۋە بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، خاربىن قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي مەكتەپلەردە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇۋاتىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىككى نەپەر يولداش ياپونىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردە بىلىم ئاشۇرۇپ كەلدى.

جاغىستاي «بىرلىك» مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنلەردىن شىنجاڭ ئۇ-

نىۋېرسىتېتىدا 19 نەپەر، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا
بەش نەپەر، شىنجاڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا بەش نەپەر،
ئۈرۈمچىدىكى باشقا ساھەلەردە 102 نەپەر، غۇلجا شەھىرىدىكى
ھەرقايسى ساھەلەردە 92 نەپەر خادىم ئىشلەۋاتىدۇ.
«زىيالىيلار ماكانى» دېگەن نام ئالغان يېزا خەلقى بۇگۇنكى-
دەك ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئۆز يېزىسىدىن چىققان،
ئۆسۈپ يېتىلگەن ئالىملار، پروفېسسورلار، يازغۇچى - شائىر-
لار، دوختۇرلار، ئىنژېنىرلار، ئىلىم - پەن ئىگىلىرى، ئوقۇت-
قۇچىلار، جامائەت ئەربابلىرىدەك ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ياراتقان
ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى كۆرگىنىدە، ئالدى بىلەن مۇشۇ بەختلىك
كۈنگە يېتىشتۈرگەن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە، خەلق ھۆكۈمىتى-
گە چەكسىز مىننەتدارلىقىنى ۋە ئېھتىرامىنى بىلدۈرىدۇ.
2003 - يىلى جاغىستاي مىللىي مائارىپىنىڭ 110 يىللى-
قى، جاغىستاي «بىرلىك» مەكتىپىنىڭ 70 يىللىقى زور تەنتەنە
بىلەن خاتىرىلەندى. «بىرلىك» مەكتەپىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن
ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق رەئىسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كې-
ڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئابلەت ئابدۇرېشىت 400 مىڭ
يۈەن پۇل تەستىقلاپ، ئالاھىدە تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى،
ئىلى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت بىر مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى.
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم را-
يونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى يولداش ئىسمائىل تىلىۋال-
دى ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۈچ يېرىم مىليون يۈەن
پۇل تەستىقلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى-
نىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن ماھنۇر قاسىم، زاھىر ساۋ-
دانوپ، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى
مۇھەممەتجان ئەمەتلەر تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى، شۇنداقلا


خاتىرىلەش پائالىيىتىگە بېرىپ قاتناشتى. تېلېگراممىلارنىڭ تې-
كىستى تۆۋەندىكىچە:
«جاغىستاي مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 70 يىللىق
تويىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، سىلەرنىڭ پارتىيىمىزنىڭ مائا-
رىپ فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەكتەپنىڭ ياخشى ئەنئەنىسىنى
تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، مەكتەپنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئوقۇ-
تۇش سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جەمئىيەتكە كېرەك-
لىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ياخشى ئاساس سېلى-
شىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئابلەت ئابدۇرېشىت
2003 - يىل 21 - ئاپرېل»

«مەكتەپ ئادەم تەربىيىلەيدىغان ئورۇن، مەكتەپ قۇرۇلۇ-
شى ياخشى بولسىلا، سان - ساناقسىز ياخشى ئادەملەر بارلىققا
كېلىدۇ. جاغىستاي مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى نۇرغۇنلىغان
ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ۋەتەنگە، خەلققە يارامىلقلا-
رنى تەقدىم قىلدى. مەن مەكتەپنىڭ تارىختا ئوينىغان رولىغا
ئاپىرىن ئوقۇيمەن، يېتىشتۈرۈپ چىققان يارامىلىقلىرىغا مەدەت
تىلەيمەن، ھەم ئۆزۈمنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىمەن.
مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەرنىڭ ياراتقان
نەتىجىلىرىگە رەھمەت ئېيتىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ زور
تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، كېتىۋاتقان داغدام
يولدا تەۋرەنمەي مېڭىپ، يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد
قىلىمەن.

ماھنۇر قاسىم
2003 - يىلى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى»

«جاغىستاي مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئىلى ۋىلايىتى يېزا - قىشلاق باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ، مىللىي مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ بۆشۈكىدۇر.

مەن مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىق تويىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، ھەم مەكتەپ باشلانغۇچ مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تەر تۆكۈپ، ئەجىر سىڭدۈرگەن بارلىق پېشىۋالىرىمىزگە ۋە ھازىرقى ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ رەھبەرلىرىگە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىمەن.

زاھىر ساۋدانوپ

2003 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى»

«ئاساس مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ياش ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيىلەيلى!

مۇھەممەتجان ئەمەت

2003 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى»

«ساپا مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مىللىي مائارىپنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرايلى.

ئەركىن ئەرشىدىن

2003 - يىلى 6 - ئاپرېل»

2005 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايون ۋە ئوبلاست، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ قاتنىششى بىلەن ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، «بىرلىك» باشلانغۇچ مەكتىپى يېڭىدىن سېلىنغان كۆركەم ئىككى قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسىدا،



ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ قەۋەتلىك يېڭى ئوقۇتۇش بىناسىدا دەرس باشلاپ، جاغىستاي «بىرلىك» مەكتىپى، شۇنداقلا جاغىستاي خەلقى تارىخىدا ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق ئىش بولدى ۋە يېڭى سەھىپە يارىتىلدى.

جاغىستاي «بىرلىك» مەكتىپى ۋە جاغىستاي خەلقى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن «زىيالىيلار ماكانى، ئاشلىق ماكانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيەسى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە ئالغا ئىلگىرىلەپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، خەلق ئۈچۈن يارامىلىق ئىزباسارلارنى تەربىيىلەيدۇ، شۇنداقلا ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

---

ئىزاھات: بەزى سانلار جاغىستاي تەزكىرىسىدىن ئېلىندى.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئۈچىنچى تۈرمىنىڭ خادىمى)

# مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۆمىكى ھەققىدە ئەسلىمە

ۋاڭ شاگېن

1984 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، دۆلەت مىللەتلەر كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۆمەكلىرى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى پايتەخت - بېيجىڭغا يېتىپ باردۇق. بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى 29 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى 56 مىللەتتىن شۇنىڭدەك دىڭ ۋە شاربالاردىن بولۇپ جەمئىي 309 كىشىدىن تەشكىل قىلىنغان ئىدى. مەن شەرەپ بىلەن دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، ئۆزبېك، شىۋە، داغۇر، تاجىك، تاتار، رۇس قاتارلىق 12 مىللەتتىن تەشكىل قىلىنغان 35 كىشىلىك تەبرىكلەش مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۆمىكىدىكىلەر شىنجاڭدىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاستتىن كەلگەن بولۇپ، ئارىمىزدا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىرى، بۇددا دىنىي جەمئىيىتىنىڭ



ئەزالىرى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىنژېنېر، ئاگرونوم، دوختۇر، ئوقۇتقۇچى، سېستىرا قاتارلىقلار شۇنىڭدەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار، ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرىمۇ بار ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۇرسۇن ئاتاۋۇللا ئۆمىكىمىزنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۇجەنلىن مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ باشچىلىقىدا 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچتە بېيجىڭغا يېتىپ بېرىپ، بېيجىڭ ۋوگزالىدا دۆلەت مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇاڭ گۇاڭشۆنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، بېيجىڭدىكى جىڭشى مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق. بېيجىڭدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۆمىكى تەشكىل قىلىندى، شىنجاڭدىن بارغانلار 2 - گۇرۇپپا بولدۇق. بېيجىڭدا دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە ۋە گۈلخان كەچلىك يىغىلىشىغا قاتناشقاندىن باشقا، يەنە ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيەدە بولدۇق. بىز 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بېيجىڭدىكى پائالىيەتلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تيەنجىن، نەنجىڭ، چاڭجۇ، ۋۇشى، سۇجۇ، شاڭخەي، شيامېن، فۇجۇ، گۇاڭجۇ، فوشەن، شېنجېن ۋە جۇڭگو - ئەنگلىيىنىڭ ئورتاق باشقۇرۇشىدىكى ساتۇجياۋلاردا ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىشتە بولۇپ، 8 ئۆلكە، شەھەرنى ئارىلاپ، ئىككى ئايدەك ۋاقىتتىن كېيىن 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭغا قايتىپ كەلدۇق.

## 1

ئۆمىكىمىز بېيجىڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ج ك پ

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، دۆلەت
مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ جىڭرىن ھەممىمىزنى يوق-
لىدى، مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ جىڭخۇا «35 يىلدىن بۇيانقى مىللەت-
لەر خىزمىتى نەتىجىلىرى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت نەتى-
جىلىرى ھەققىدىكى دوكلات» نى بەردى. بىز يەنە رەئىس ماۋزې-
دۇڭنىڭ خاتىرە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، رەئىس ماۋزې-
دۇڭنىڭ جەسىتىنى ئېھتىرام بىلەن كۆردۇق ۋە ماۋزېدۇڭ،
ليۇشاۋچى، جۇئېنلەي، جۇدې قاتارلىق 4 ئۇلۇغ زاتنىڭ نەتىجە-
لىرى كۆرگەزمىسىنى كۆردۇق، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ جۇڭنەن-
خەيدىكى تۇرالغۇسىنى، ھەربىي ئىشلار موزېيى، گۇگۇڭ، بادا-
لىڭدىكى سەددىچىن سېپىلى، 13 خانلىق قەبرىستانلىقى قاتارلىق
جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، يەنە چاڭپىڭ ناھىيىسىنىڭ شى-
مالىدىكى خۇيلۇڭگۇەن مېھمانخانىسى، كالا فېرمىسى، ئاھالىلەر
نۇقتىلىرى ۋە يېزا كارخانىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.
دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا ئۆمىكىمىزدىكىلەر پايتەخت تىيا-
تىرخانىسىدا مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرىدىن خۇياۋباڭ، دېڭ
شياۋپىڭ، جاۋزىياڭ، لى شيەننيەن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە
تۇنجى قېتىم ئوينالغان چوڭ تىپتىكى ئوپېرا «جۇڭگو ئىنقىلابىي
ناخشىسى» نى كۆردۇق. مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرى بىلەن
بىرلىكتە ئويۇن كۆرۈش ھاياتىمىزدىكى ئەڭ شەرەپلىك ئىش
ئىدى، بىز چەكسىز خۇشاللاندۇق.
1984 - يىلقى دۆلەت بايرىمى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان يېڭى مەر-
كىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى قالايمىقانچىلىقلارنى
ئوڭشاشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىنكى
بايرام ئىدى. تەبرىكلەش پائالىيىتى ئىنتايىن داغدۇغىلىق بول-



دى، ئۆمىكىمىزدىكىلەر تيەنئەنمېن سۇپىسىدا دۆلەت قۇرۇلغان-
لىقىنىڭ 35 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ كاتتا ئەمەلىي
ئاھۋالىنى كۆرۈپ، مول، قىزغىن بايرام كەيپىياتىنى ھېس
قىلدۇق. مەن ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى دېڭ شياۋپىڭنىڭ
ئۈستى ئوچۇق پىكاپتا تۇرۇپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى-
نىڭ ھەيۋەتلىك قوراللانغان چاسا سەپلىك ھۆرمەت قاراۋۇللىرى-
نى، ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ رەڭلىك بېزەلگەن
ئاپتوموبىل مودېللىرىنى كۆرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى-
نىڭ دانا رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىنىڭ چوڭ
ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئىستىقبالىمىزنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سال-
دىغان دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بۇ قېتىمقى
تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ نامايىشچىلار قوشۇنى كۆتۈرگەن پىلاكاتلار
ئىچىدە ئادەتتىكى قىزىل رەختتىن تەييارلانغان پىلاكاتقا «شياۋ-
پىڭ ياخشىمۇسىز» دېگەن سۆز يېزىلغان ئىدى، دۆلەت بايرىمىنى
تەبرىكلەشكە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى تارقاتقان شوئارلار ئىچى-
دە بۇنداق شوئار بولمىغاچقا، بۇ پىلاكات ئاخبارات ۋاستىلىرى-
نىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىدى، مۇخبىرلار تالىشىپ سۈرەتكە
تارتىشتى ھەمدە مەخسۇس خەۋەر، سۈرەتلەرنى ئېلان قىلدى. بۇ
پىلاكاتنى كۆتۈرۈپ چىقىش بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇ-
چى - ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا جۇڭگو ئو-
قۇغۇچىلىرى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېڭ
شياۋپىڭغا بولغان ھۆرمىتى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مەركىزىي كومى-
تېتنىڭ خىزمەتلىرىگە قايتا رىياسەتچىلىك قىلىشىغا بولغان ئى-
شەنچىسى ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن ئىدى.
1 - ئۆكتەبىر كەچتە بىز يەنە تيەنئەنمېن مۇنبىرىگە چىقىپ
كاتتا ساليوت كۆرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتۇق، ئېتىلغان رەڭگا

ـ رەڭ سالىيوتلار تۈن ئاسمىنىنى يورۇتۇپ ئىنتايىن چىرايلىق
تۈسكە كىرگۈزدى؛ تيەنئەنمېن مەيدانىدا كىشىلەر ئۇسسۇلغا
چۈشتى، ناخشا، كۈلكە، چاۋاك سادالىرى بىرىكىپ تيەنئەنمېن
مەيدانى شاتلىق دېڭىزىغا ئايلاندى.

2 ـ ئۆكتەبىر كۈنى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جاۋزىياڭ خەلق
سارىيىدا دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن كاتتا كۈتۈۋې-
لىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، شىنجاڭدىن بارغان 9 مىللەت ۋەكىللە-
رى بۇ يىغىنغا قاتناشتۇق. شۇ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومى-
تېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى نوپۇسى 100 مىڭغا يەتمەيدىغان ئاز
سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرىگە زىياپەت بەردى، شىنجاڭدىكى 6
مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى بۇ زىياپەتكە قاتناشتى.

3 ـ ئۆكتەبىر كۈنى مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرىدىن
خۇياۋباڭ، دېڭ شياۋپىڭ، يې جيەنيىڭ، جاۋزىياڭ، لى شەنن-
يەن، پېڭ جېن، دېڭ يىڭچاۋ، ئۇلەنفۇ، ۋەن لى، ۋاڭ جېن
قاتارلىق يولداشلار ئۆمەكتىكى بارلىق يولداشلارنى قوبۇل قىلدى
ھەمدە كۆپچىلىك بىلەن بىرگە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

6 ـ ئۆكتەبىر كۈنى خىزمەت بىلەن بېيجىڭدا بولۇۋاتقان
يولداش ۋاڭ ئېنماۋ جىڭشى مېھمانخانىسىدا شىنجاڭ ئۆمىكىدىكى
بارلىق يولداشلارنى قوبۇل قىلدى ھەمدە بىز بىلەن بىرگە خاتىرە
سۈرەتكە چۈشتى. ئۇ قوبۇل قىلىش ۋاقتىدا كۆپچىلىكنى ئىلھام-
لاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «سىلەر شىنجاڭدىكى 13 مىللەتكە
ۋەكىللىك قىلىپ دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىنى كۆرۈشكە قاتناش-
قۇچىلار، ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىگە ئوبدان قات-
نىشىپ، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىلغار تەجرى-
بىلىرىنى شىنجاڭغا ئېلىپ بېرىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن».



7 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ئۆمىكىمىز بېيجىڭدىكى ئېكىسكۇرسى-
يە، ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دۆلەت مىللەت-
لەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۆمەك باشلىقى سۇ خېنىڭ
يېتەكچىلىكىدە، ھەر قايسى جايلار ئۆمەكلىرى تيەنجىنگە قاراپ
يولغا چىقىپ، شىمالىي جۇڭگودىن جەنۇبىي جۇڭگوغىچە بولغان
جايلاردىكى ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش پائالىيىتىمىزنى باشلىۋەت-
تۇق.

## 2

بېيجىڭ، تيەنجىن، نەنجىڭدىكى ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش
داۋامىدا، مەن پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3
ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان بۇ رايونلار ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش،
ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور
نەتىجىلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بېيجىڭ چاڭپىڭ ناھى-
يىسىنىڭ شىمالىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى 1 مىليون 500 مىڭ
يۈەن غەملەپ 200 كارۋاتلىق خۇيلۇڭگۈەن مېھمانخانىسىنى سې-
لىپ 1981 ـ يىلى تىجارەت باشلىغاندىن بېرى، 50 مىڭ ئېچكى
ـ تاشقى مېھماننى كۈتۈۋېلىپ، 1984 ـ يىلىغا كەلگەندە سالغان
مەبلىغىنى تولۇق يىغىۋېلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ، بېي-
جىڭ شەھىرىدىكى ئوخشاش كەسىپلەر ئىچىدە 2 ـ ئورۇندا
تۇرۇپ تەقدىرلەنگەن. باش شۇجى خۇياۋباڭ بۇ مېھمانخانىنى
كۆزدىن كەچۈرگەن ھەمدە ئۇلارغا مېھمانخانىنىڭ ئىسمىنى يې-
زىپ بەرگەن. بۇ مېھمانخانىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىدىن قا-
رىغاندا، دېھقانلارمۇ كارخانا قۇرۇپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىل-
دۇرالايدىكەن.

تيەنجىندە لۈەنخې دەرياسىنىڭ سۈيىنى تيەنجىنگە باشلاش قۇرۇلۇشى كۆرگەزمىسىنى شۇنىڭدەك گىلەمچىلىك، ئىلمە - توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق زاۋۇتلىرىنى ۋە كونتېيىنېر پىرىستانى قاتارلىق سانائەت كارخانىلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق، ئۇلار پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى ئۈنۈمىنى ۋە مەھسۇلاتنى يىلمۇ يىل ھەسسىلەپ ئاشۇرغان، تيەنجىن بوياقچىلىق زاۋۇتىنىڭ بىر يىللىق مەھسۇلات قىممىتىگە ئوخشاش كۆلەمدىكى بوياقچىلىق زاۋۇتىدىن بىرنى قۇرغىلى بولىدىكەن.

بىز نەنجىڭدا جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىك مەبلىغى بىلەن سېلىنغان 37 قەۋەتلىك، 9 لېفىتلىك، 18 سېكۇنتتىلا بىنانىڭ پەللىسىگە چىققىلى بولىدىغان جىنلىن مېھمانخانىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق، بۇ مېھمانخانا بىناسىنىڭ 36 - قەۋىتى 360° گرادۇس ئايلىنىدىكەن، شۇڭا بۇ جاي «ئايلىنار ئوردا» دېيىلىدىكەن، بۇ بىنا شۇ چاغدا ئىنتايىن ئېسىل ئىمارەت ھېسابلىنىدىكەن، بىز ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ئەسلىھەلىرى ھەشەمەتلىك ھەم كۆركەم بۇنداق مېھمانخانىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشىمىز ئىدى. 36 - قەۋەتتىكى «ئايلىنار ئوردا» دا تۇرۇپ نەزەر تاشلىغاندا، نەنجىڭ شەھىرىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىلى بولىدىكەن. سەپەرداشلىرىم ھاياجانلانغانلىقىدىن: «دىنىي زاتلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ دېيىشىدۇ، لېكىن جەننەتنىڭ قانداقلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بىزنىڭچە مانا مۇشۇ جەننەت ئىكەن» دېيىشتى. بۇ مېھمانخانا ئۈچ يىلدىن كۆپرەك تىجارەت قىلىپلا تاشقى مەبلەغنى تولۇق قايتۇرۇپ بولغان. بىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى ياخشى بولغانلىقتىن ئىگىلىكىمىز جانلاندى، دېيىشتۇق.



چاڭجۇدا سانائەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. ئۇلار دۆلەت، كوللېكتىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ناھايىتى تېز راۋاجلاندۇرۇپتۇ، توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى شەھەرنىڭ ھەممىلا جايىدا قۇرۇلغان بولۇپ، كارخانا 4709 غا، ئىشچى - خىزمەتچى 430 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەن، پۈتۈن شەھەردە ئىش كۈتۈۋاتقانلار يوق ئىكەن، ھەتتا بەزى كارخانىلاردا ئەمگەك كۈچى كەم ئىكەن. چاڭجۇدىكى ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ نوپۇسى 3 مىليون 800 نەچچە مىڭ بولۇپ، ئۈچ ئۇنىۋېرسىتېت، 23 مەخسۇس كۇرس مەكتىپى بولۇپ، ئىختىساسلىقلار يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك يېتىشىپ چىققان، خەلقنىڭ تۇرمۇشمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 1978 - يىلقى 529 يۈەندىن 1983 - يىلى 755 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 1978 - يىلقى $3.5m^2$ دىن $5.1m^2$ غا يەتكەن. ئىقتىساد تەرەققىي قىلغاچقا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، يېقىنقى نەچچە يىلدا 123 كورپۇس بىنا سېلىنىپ، چىڭتەن يېڭى كەنتى ھاسىل قىلىنىپ، 5000 دىن كۆپ ئائىلىدىكى 20 نەچچە مىڭ كىشىنىڭ تۇرالغۇ مەسىلىسى ھەل قىلىنغان، ھەممىمىز ئۇلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھىنى ماختاشتۇق. چاڭجۇ سەلەركە گېنېراتور زاۋۇتى مەخسۇس 12 ئات كۈچىگە ئىگە كىچىك گېنېراتوردىن يىلىغا 85 مىڭنى ئىشلەپچىقىرىدىكەن، مەھسۇلاتى ناھايىتى بازارلىق بولۇپ، 63 دۆلەتكە سېتىلىدىكەن، 1983 - يىلى ئورۇنلىغان ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 61 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق يارىتقان پايدىسى 14 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولغان. بۇ زاۋۇت پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى

3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 5 يىلدا دۆلەتكە تاپشۇرغان پايدىسىغا ئوخشاش كۆلەملىك زاۋۇتتىن تۆتنى قۇرغىلى بولىدىكەن. بىز كۆرگەندىن كېيىن، چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدۇق.

چاڭجۇ شەھىرى گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان شەھەرلەرنىڭ بىرى ئىكەن. 1984 - يىل 4 - ئايدا چاڭجۇدا مەملىكەتلىك شەھەر ئىسلاھاتى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى كېڭەيتىلگەن، ئۇلارنىڭ ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلىرى تۆۋەندىكىدەك ئىكەن:

1. مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىپ، كارخانىنى جانلاندۇرۇش، ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، داڭلىق، ئەلا، يېڭى بولۇشنى مەركەز قىلىپ، مەركەزلىك ھالدا كىچىك، ئوتتۇرا كارخانىلارنى، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ۋە يارىملىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىككى يىلدا يەككە ئىگىلىكتىكىلەرنى 19 مىڭ 800 دىن ئاشۇرغان، كۆپ خىل شەكىلدىكى ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويۇپ، زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتكەن.

2. بازارنى ئېچىۋېتىپ ئوبوروتنى جانلاندۇرغان، ئۈچنى قويۇۋېتىش، ئۈچنى رىغبەتلەندۈرۈشنى يولغا قويغان. ئۈچنى قويۇۋېتىش - سىياسەت جەھەتتە قويۇۋېتىپ جانلاندۇرۇش، ئۇششاق تاۋارلارنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىش، يەككە تىجارەتچىلەرنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى قويۇۋېتىپ تۆۋەنگە بېرىشتىن ئىبارەت. ئۈچنى رىغبەتلەندۈرۈش — دېھقانلارنى شەھەرگە كىرىپ تىجارەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، باشقا شەھەردىكىلەرنى چاڭجۇدا دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، سودا - سانائەتچىلەر-



نى كۆپ خىل شەكىل بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت، ئۇلار يەنە رايون ھالقىغان بىرلەشمە تىجارەتنى يولغا قويغان ۋە ھەر خىل مەركەزلەرنى قۇرغان.

3. تاشقى مەبلەغدىن پائال پايدىلىنىپ، ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزگەن، شەھەر بويىچە 123 تۈر، 97 مىليون 900 مىڭ يۈەن تاشقى پېرېۋوت كىرگۈزگەن، 10 مىڭ گاز ئۇرچۇقلۇق فابرىكا قۇرۇشقاتارلىق ئىلغار تېخنىكا 43 خىلغا يەتكەن (گاز ئۇرچۇقلۇق فابرىكا قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈنۈمى ئادەتتىكى ئۇرچۇقتا قارىغاندا ئۈچ ھەسسە ئۆسكەن).

4. پەن - تېخنىكا قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن. شەھەردىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا قارىتا تېخنىكا ئۈنۋانى باھالاش، سىناش، ئۈنۋان دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يولغا قويغان. ئۆگەنگىنىنى ئىشلىتەلمىگەن، ئىشلىتىۋاتقىنى ئۆگەنگىنى ئوخشىمىغان بىلەن 635 قۇرۇلۇش تېخنىكىنىڭ ئىش ئورنىنى تەڭشىگەن، باشقا جايلاردىن 1600 نەچچە قۇرۇلۇش تېخنىكى كىرگۈزگەن. 60 نەچچە پېشقەدەم پروفېسسور، مۇتەخەسسىسنى نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلغان. 1500 نەچچە پەن - تېخنىكا خادىمى ئاجرىتىپ، ئاجىز ساھەلەرنى كۈچەيتكەن. ئۈچ يىلدىن بۇيان پەن تەتقىقات نەتىجىسىدىن 586 تۈرنى، 20 مىڭ 582 يېڭىلىق يارىتىش - يېڭىلاش تۈرىنى تاماملىغان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 173 ئالىي مەكتەپ بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ 500 نەچچە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق ئورنىنى يولغا قويۇپ، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

چاڭجۇ شەھىرىنىڭ ۋۇجىن ناھىيىسىدە لوياڭ يېزىسىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەھۋالىنى ئېكىس-

كۆرسيه قىلدۇق. ئۇلار ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئۇنۇملۇك ئىس-
لاھ قىلغاچقا، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئۇچقاندەك تېز راۋاجلان-
غان. بۇ يېزىدا 24 يېزا كارخانىسى بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات
قىممىتى 24 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 3
مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، ئائىلىۋى زاۋۇتلار 127 گە، كەسپىي
ئائىلە 1260 نەچچىگە يېتىدىكەن. يېزىلىق ۋېلسىپىت زاپچاس-
لىرى زاۋۇتىنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 5 مىليون داندىن
ئاشىدىكەن، ئۇلار ئۆز ئۆلكىسى ۋە شەھىرىنىڭ مەھسۇلاتقا بول-
غان ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن تاشقىرى، 16 قېرىنداش ئۆلكە،
ئاپتونوم رايونلارغىمۇ مەھسۇلات ساتىدىكەن.
ۋۇشى ئۈچ ناھىيىنى باشقۇرىدىغان ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتى-
كى شەھەر بولۇپ، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى ناھايىتى تېز
راۋاجلانغان. 1983 ـ يىلقى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2
مىليارد يۈەندىن ئاشقان، بۇ شەھەردە كۈندە 37 تراكتور، 120
سەلەركە گېنېراتورى، 292 توننا پولات ماتېرىيال، 389 توننا
خىمىيىلىك ئوغۇت، 58 مىڭ 800 مېتىر رەخت، 12 پار كېمە
ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن ۋە 19 ئاپتوموبىل ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇ-
لىدىكەن. ئۇلار تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك تەدبىرنى قوللىنىپ،
ئاشۇنداق تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يەتكەن:
1) يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئائىلىنى ئا-
ساس قىلىپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆددىگەرلىك مەسئۇ-
لىيەت تۈزۈمىنى تەۋرەنمەي يولغا قويۇپ «ئادەمگە قاراپ ئوزۇق-
لۇق ئاش يېرى بېرىش، ئەمگەك كۈچىگە قاراپ مەسئۇلىيەت
يېرى بېرىش، چوشقا سانىغا قاراپ يەم ـ خەشەك يېرى بېرىش
ئۇسۇلى» نى قوللانغان. يېزا ئىسلاھاتىدا ئارتۇق ئەمگەك كۈچى
پەيدا بولغاندىن كېيىن، شۇ يىلى سانائەتكە يۆرۈشتۈرۈلگەن ئەم-



گەك كۈچى 45 مىڭغا، كەسپىي ئائىلە 27 مىڭ 300 گە
يەتكەن. نۆۋەتتە ناھىيە بويىچە 520 نەچچە مىڭ ئەمگەك كۈچى-
دىن سانائەت، سودا، ترانسپورت، قۇرۇلۇش، مۇلازىمەتچىلىك
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك كۈچى 320 نەچچە مىڭغا يېتىپ،
1978 ـ يىلقى 30% تىن 1984 ـ يىلى 61% كە كۆپەيگەن.
2) يېزا ـ بازار كارخانىلىرى كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ
قىلىپ، كادىرلارنى تەيىنلەش، قالدۇرۇش تۈزۈمىنى تەكلىپ
قىلىش تۈزۈمى ۋە سايلاش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتكەن. يەنچياۋ يېزى-
سى «بىرنى ھۆددە بېرىش، ئۈچنى ئۆزگەرتىش، ئۇنۇمنى بىرىن-
چى ئورۇنغا قويۇش، ھۆددىگەرلىكنى باشلامچى قىلىش، ئۇدۇل-
لۇق ئىسلاھ قىلىش» نى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ گېپى
بويىچە ئېيتقاندا، «ئورۇنغا ئولتۇرغانىكەنسەن پۇل تاپىسەن،
پۇل تاپالمايدىكەنسەن ئورۇن بوشىتىسەن» دېمەك، ئىشچى ـ
خىزمەتچىلەر خىزمەت ئىپادىسى ياخشى بولمىغان رەھبەرلەرنى
ۋاقىتلىق ئىشچىغا ئۆزگەرتىۋېتىشكە ھەتتا ئىشتىن بوشۇۋېتىشقا
ھوقۇقلۇق ئىكەن.
3) تەقسىمات تۈزۈمىنى مۇقىم مائاشقا ۋەزىپە قوشۇمچە
پۇلى قوشۇپ بېرىش، تۇراقسىز مائاشقا مۇكاپات قوشۇپ بېرىش
تۈزۈمى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. ئاساس مائاشنىڭ 20 پىرسەنتىدىن
40 پىرسەنتىگىچە بولغان قىسمىنى تۇراقسىز مائاش قىلغاندا،
تۇراقسىز مائاشقا ھۆددە ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئەھۋالىنى باغ-
لاپ، 100 پىرسەنت بويىچە ھېسابلاپ، يىل ئاخىرى ئېرىشكەن
نەتىجىسى 90 نومۇردىن ئاشقانلارغا تۇراقسىز مائاشنىڭ ھەممىسى
بېرىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، پايدىنى ئاشۇرسا ۋە يېڭى مەھسۇلات
ئىشلەپچىقارسا ياكى ئالاھىدە تۆھپە ياراتسا نىسبەت بويىچە مۇكا-
پات بېرىش ياكى ئايرىم مۇكاپات بېرىش تۈرلىرى تەسىس قىلىن-

غان. بەزىلەرنىڭ يىللىق ئىش ھەققى زاۋۇت باشلىقلىرىنىڭ-
كىدىن ئېشىپ كەتكەن. «بىرنى ھۆددە بېرىش، ئۈچنى ئۆزگەر-
تىش» تۈزۈمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى را-
ۋاجلاندۇرۇشقا باب كەلمەيدىغان ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرىلگەن.
ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئىسلاھات ئىقتىدارلىقلار ۋە يارامىلىقلار-
نى ئىلھاملاندۇرۇپ، ھۇرۇنلارنىڭ «كېسىلى» نى ساقايتىپ،
داش قازاننى چېقىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئاكتىپلىقىنى
قوزغىغان. ۋۇشى ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئەھۋال تونۇش-
تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «يېزا - بازار كارخانىلىرىمىز راۋاجلى-
نىپ، مالىيە كىرىمىمىز ئېشىپ، تەشەببۇسكارلىقىمىز زوراي-
دى. يېزىدىكىلەر بىز ناھىيىدىكىلەردىن كۆپ باي، ناھىيىمىز-
نىڭ يىللىق مالىيە چىقىمى 15 مىليون يۈەندىن كۆپرەك، ئەمما
چيەنجۇ يېزىسىنىڭلا يىللىق كىرىمى 30 نەچچە مىليون يۈەنگە
يېتىدۇ. بۇلتۇر ۋە بۇ يىل ئۆزلىرى مەبلەغ غەملەپ مىليون
يۈەندىن كۆپرەك پۇلغا ئوتتۇرا مەكتەپ، 1 مىليون 400 نەچچە
مىڭ يۈەنگە ئالىي كىنو - تىياتىرخانا سالدى، يېزىلىق شىپاخانى-
مۇ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن ئېسىل، ھەممىسى ئالىي دەرىجى-
لىك بېزەلگەن بولۇپ، ئىنتايىن چىرايلىق» . شىتاڭ كەنتىدىكى
دېھقانلارنىڭ 97% ى كۆركەم ھەشەمەتلىك بىنالارنى سېلىپ
ئولتۇرۇۋاتىدۇ، دېھقان تاڭ ۋېيشىڭ ئائىلىسىدە ئۈچ ئەۋلاد 8
جان بولۇپ $480m^2$ لىق ئىككى بىنا سالدى، بىناسى كۆتۈرمە
كۆۋرۈككە تۇتىشىدۇ، پەلەمپەيلىرىمۇ كاھىشتىن بېزەلگەن بو-
لۇپ، ئائىلىدە توققۇزى تەل» . ئۆمىكىمىزدىكى 10 نەچچە ئۆلكە
دەرىجىلىك رەھبەر كۆرۈپ ماختىشىپ كەتتى. مەن شىزاڭ ئاپ-
تونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇچيۈڭدىن: «سىز مۇئاۋىن
رەئىس، سىزنىڭ ئۆيىڭىز قانداقراق؟» دەپ سورىدىم، ئۇ،



مېنىڭ ئۆيۈم ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىغىمۇ يەتمەيدۇ،
سۈپىتى بەك ناچار، ئۇنىڭ ئۆيىگە قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بول-
سۇن! » دەپ جاۋاب بەردى.

3

بىز شاڭخەيدە ج ك پ 1 - قۇرۇلتىيى ئېچىلغان جاينى،
پارتىيە تارىخىي كۆرگەزمىسى، تارىخ مۇزېيى، يېزا ئىگىلىك
كۆزگەزمىسى، جەنۇبىي جۇڭگو كېمىسازلىق زاۋۇتى، يۈجياڭ
دەرياسى تونىلى، باۋشەن پولات زاۋۇتى قاتارلىق جايلارنى ئېكس-
كۇرسىيە قىلدۇق. بىز بۇ زامانىۋى كارخانا ۋە قۇرۇلۇشلارنى
تۇنجى قېتىم كۆرگەچكە ھەيران قېلىشتۇق. ۋەتىنىمىز ھەقىقە-
تەن ئۇلۇغ ئىكەن! ۋەتىنىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرى
راۋاجلىنىپتۇ، دۆلەت كۈچى ئۈزلۈكسىز ئېشىۋېتىپتۇ، خەلقئا-
رادىكى ئىناۋىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ، بىز بۇلارنى كۆرۈپ ۋە
بىۋاستە ھېس قىلىپ ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى تېخىمۇ قىزغىن
سۆيۈش ئىستىكىمىز كۈچەيدى، خىزمىتىمىزنى تېخىمۇ ياخشى
ئىشلەش ئاكتىپلىقىمىز ئاشتى.

110 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە جەنۇبىي جۇڭگو كېمىساز-
لىق زاۋۇتى — دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان كېمىساز-
لىق كارخانىسى. بۇ زاۋۇت ئازادلىقتىن بۇيانقى 35 يىلدا دۆلەت
ئۈچۈن ھەر خىل ئۆلچەملىك 1024 پاراخوت ياسىغان، 60 مىڭ
توننىلىق پاراخوتلىرى خەلقئارا بازارغا كىرگەن. ئۇلار دۆلەتكە
توشۇغۇچى راكېتا، قىتئەلەر ئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبا، سۇنئىي
ھەمراھ قاتارلىق كۆپ خىل پەن تەتقىقاتىغا زۆرۈر بولغان پارا-
خوتلارنى ياسىغان، 1960 - يىللاردا تۇنجى 10 مىڭ توننىلىق

سۇ بېسىمى پومپىسى، گېجۇبا سۇ توسمىسى قاپقىقىنى ياسىغان، 1980 ـ يىللاردا باۋشەن پولات زاۋۇتىنىڭ 200 مېتىرلىق مورىسىنى ياسىغان، بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ تېخنىكىلىق تەلىپى قاتتىق بولۇپ، جەنۇبىي جۇڭگو كېمىسازلىق زاۋۇتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسى خەلقئارا سەۋىيىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

پۇجياڭ تونېلى قۇرۇلۇشى ھەيۋەتلىك بولۇپ، پۇجياڭ دەرياسىنىڭ تېگىدىكى 20 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىن تونېل قېزىپ دەريادىن ئۆتكۈزۈلگەن، تونېل يولىنىڭ كەڭلىكى 7.07 مېتىر، ئېگىزلىكى 4.4 مېتىر، قوش لىنىيىلىك بولۇپ، يولنىڭ ئىككى چېتىگە 0.65 مېتىر يول چارلىغۇچىلار يولى قويۇلغان، كومپيۇتېر ئارقىلىق كۆزىتىلىدىغان زامانىۋى سىستېما ئورنىتىلغان بولۇپ، توك تەمىنلەش، خەۋەرلىشىش، ئوت ئۆچۈرۈش، سۇ، بۇلغىما چىقىرىۋېتىش، ئوكسىگېن كىرگۈزۈش، ئۆتكەن ئاپتوموبىللارنىڭ سانىنى ئېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى زامانىۋىلاشتۇرۇلغان. شىنجاڭلىق ھەر مىللەت ۋەكىللەر كۆرۈپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي: «بۇنداق ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمىز، بۇنداق قۇرۇلۇش كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىلا بارلىققا كېلىدۇ دېيىشتى.

## 4

بىز فۇجيەندىكى چۈەنجۇ، شيامېن، فۇجۇلاردا ئىسلام دىنى دۆلىتىمىزگە كىرگەن چاغدىكى تارىخىي جايلار، ئاسارە ـ ئەتىقىلەر ۋە مەسچىتلەرنىڭ خارابىلىرىنى كۆردۇق. ئىسلام دىنىنىڭ دۆلىتىمىزگە كىرىشىدە، شىنجاڭدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر:



ئىسلام دىنى ئەڭ بۇرۇن دۆلىتىمىزگە كىرگەن رايون — شىنجاڭ، دەپ قارايدۇ، («تارىخىي تەبەرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، خەلىپە سۇلايمان مىلادى 717 — 715 ـ يىللىرى سەركەردىلىرىنى ئەۋەتىپ قەشقەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان دېيىلگەن)، لېكىن چۈەنجۇدا ئىسلام دىنىغا دائىر خارابىلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە فۇجيەندىكى چۈەنجۇغا كىرگەنلىكىنى بىلدۇق. تونۇشتۇرۇشلاردىن قارىغاندا، مىلادى 626 — 618 ـ يىللىرى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 3 ـ، 4 ـ دەرىجىلىك ساھابىلىرىدىن تۆت كىشى چۈەنجۇغا كېلىپ دىن تارقاتقان ئىكەن، شۇنىڭدىن باشلاپ 1984 ـ يىلغىچە 1300 نەچچە يىل ئۆتكەن، ئۇ تۆت كىشىدىن شەيخى، ۋەققاس ئىسىملىك ئىككىسى چۈەنجۇدا قېپقالغان. بۇ ئىككى كىشى چۈەنجۇغا دەپنە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قەبرىسى ۋە قەبرە تاشلىرى ساقلانغان، يەنە ئەسھاب مەسچىتىنىڭ خارابىسىمۇ بار ئىكەن. مىڭ خاندانلىقىنىڭ يۇڭلې 5 ـ يىلى خان مەسچىتنى قوغداش «يارلىق» ى چۈشۈرگەن. بۇ مەسچىت 1009 ـ يىلى سېلىنغان. بۇ قەدىمىي خارابىلىك شىنجاڭلىق ئېكىسكۇرسىيىچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنتايىن يېڭىلىق تۇيۇلىدىغان مەنزىرە نۇقتىسى ھېسابلاندى، ئۇ، ئىسلام دىنىنىڭ دۆلىتىمىزگە كىرگەن ۋاقتىنى 100 نەچچە يىل ئالدىغا سۈردى. شىنجاڭلىق ئېكىسكۇرسىيىچىلەر بۇ خارابىلىقتىن تېخىمۇ كۆپ تارىخىي بىلىمگە ئىگە بولۇش كويىدا، قىيمىغان ھالدا بۇ جايدىن ئايرىلدۇق. ئىسلام دىنىنىڭ دۆلىتىمىزگە قاچان كىرگەنلىكى توغرىسىدا ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا بەزى پەرقلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن چۈەنجۇدىكى مۇقەددەس ئىسلام قەبرىس-

تانلىقنى كۆرگەندىن كېيىن، تونۇش تەدرىجىي بىردەك بولۇشقا باشلىدى.

بىز شىيامېندا ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ئالاھىدە ياسالغان مېھمانخانا — «دېڭىزدىكى دۇنيا» غا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق. بۇ، چەت ئەلدىن سېتىۋېلىپ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ ئىش توختاتقان چوڭ تىپتىكى كېمە بولۇپ، بېزەش ئارقىلىق ئادەتتىكى «مېھمانخانا» قىلىپ دېڭىزغا توختىتىلغان ئىكەن. ئاستى - ئۈستى بولۇپ 3 قەۋەتكە 300 دىن كۆپ ئادەم سىغىدىكەن، ياتاقلىرى بىلەن كارىدورى ئوخشاش بولۇپ، قەۋەت بىلەن ئىشىك نومۇرىنى ئۇنتۇپ قالغاندا ئۆزىنىڭ ياتىقىنى تاپالمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدىكەن. تاماقنى باشقا پاراخوت بىلەن قۇرۇقلۇققا چىقىپ يېگەندىن كېيىن، ئاخشىمىلا شۇ «مېھمانخانا» دا ئۇخلايدىكەنمىز، پاراخوت سۇدا بولغاچقا، خۇددى بۆشۈكتە ياتقاندەك شېرىن ئۇخلايدىكەنمىز، پاراخوتتا قونۇشىمىز تۇنجى قېتىم بولغاچقا، تازا ئادەتلەنمىگەن بولساقمۇ، دېڭىز ئۈستىدىكى تۇرمۇش بولغاچقا، تولىمۇ يېڭىلىق تۇيۇلدى.

شىيامېن فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مەنزىرە رايونى شەھىرى، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە قوشۇنى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن ئايرىپ بېرىلگەن شەھەرلەرنىڭ بىرى، بۇ شەھەرنىڭ دېڭىز پورتى مەنزىرىسى ئۆزگىچەممە تەرەپكە تۇتاشقان، شەھەر نوپۇسى 100 مىڭغا يەتمەيدۇ، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي تاپقان بولۇپ، ئالتە ئالىي مەكتەپ، 35 ئوتتۇرا مەكتەپ، 335 باشلانغۇچ مەكتەپ، 39 ئىشتىن سىرتقى مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 200 مىڭغا يېتىدۇ. شىيامېنمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى تۈركۈمدىكى تۆت ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ بىرى بو-



لۇپ، سانائەت تەرەققىي قىلغان، تارىخىي ئاسارە - ئەتىقىلەر ناھايىتى كۆپ رايون. بىز گۇلاڭيۇ ئارىلىدىكى جېڭ چېڭگوڭ خاتىرە سارىيى، شىيامېن ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىي مۇزېيى، لۇشۈن خاتىرە سارىيى، خۇلىشەن دېڭىز ئۇرۇشى توپ سۇپىسى، چىڭ خانىدانلىقى ھەربىيلەر گازارمىسى، دېڭىز مۇداپىئەسى ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلخانىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. شۇنىڭدەك دېڭىزنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تەيۋەن كونتروللۇقىدىكى چوڭ، كىچىك جىنمىن، دادەن قاتارلىق ئاراللارنى دۇربۇن بىلەن كۆردۇق.

گۇلاڭيۇ ئارىلىدا جېڭ چېڭگوڭنىڭ تەيۋەننى قايتۇرۇۋېلىشقا دائىر ئىش - ئىزلىرى كۆرگەزمىسى بار ئىكەن، بۇ ئارالمۇ قۇرۇلۇۋاتقان تۇنجى ئاپتوموبىلسىز ئارال بولۇپ، ئارالدا ماشىنا ھەيدەشكە يول قويۇلمايدىكەن. ئارالدىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇزىكىغا بولغان قىزىقىشى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن، ئارال بويىچە نەچچە يۈز رويال بولۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەر تەربىيىلىنىدىكەن ھەمدە دائىم ئويۇن قويۇلۇپ تۇرىدىكەن، دېمەك، بۇ رايون بۇلغىما، شاۋقۇن بولمىغان گۈزەل ماكان بولۇپ، جەلپكارلىقى كۈچلۈك ساياھەت رايونى ئىكەن. شىيامېندىكى جىمېي بازىرى چېن جياگېڭ ئەپەندىنىڭ يۇرتى، چېن جياگېڭ ئۆمۈر بويى چەت ئەللەردە يۈرۈپ توپلىغان 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ھەممىسىنى شىيامېننىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىئانە قىلغان، جىمېي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ كۆرگەزمىخانىسىدا ئۇ كەيگەن يامغۇرلۇق ئايىغى بولۇپ، بۇ ئاياغ نەچچە قېتىم يامالغان، يەنە بىر يامغۇرلۇق كىيىمىگىمۇ ياماق چۈشكەن، دېمەك بۇلار ئۇنىڭ سېخىيلىقى ۋە تېجەمكارلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشىغا نەقەدەر روشەن سېلىشتۇرما - ھە! ئۇ ۋەتەننى سۆيۈپ، مىللەتنىڭ ساپاسىغا ۋە

روناق تېپىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، تاپقان پۇلىنىڭ ھەممىسىنى
شىيامېننىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئىئانە قىلغان. ئۇ مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن، 1955 - يىل 10 -
ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا،
ئۇ دۇڭ بىۋۇ ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكى
بىلەن بىللە شىنجاڭغا كېلىپ دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئالتە
يىللىقىنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنى تەب-
رىكلەش كاتتا مۇراسىمىغا قاتناشقان، بۇ مۇراسىمدا شىنجاڭلىق-
لار ئۇنىڭغا ئېسىل تون ۋە ئۇيغۇر دوپپىسى كىيگۈزۈپ قويغان،
ھازىر بۇ نەرسىلەر كونىراپ ئۆڭۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن
يەنىلا كۆرگەزمىگە قويۇقلۇق ئىكەن. ئۇنىڭ «جىمېي ھەققىدىكى
شېئىرلار توپلىمى» دا مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتتە توپلىغان مال
- دۇنياسىنى جامائەت ئىشلىرى ۋە ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىلىنىشى
ئۈچۈن سېخىيلىق بىلەن خالىس ئىئانە قىلغانلىقىغا دائىر مىسرالا-
ر يېزىلغان. بىز شىنجاڭ ئۆمىكىدىكىلەر ئۇنىڭ ئىش - ئىزلى-
رىدىن خەۋەردار بولۇپ، ۋەتەننى، مائارىپ ئىشلىرىنى، مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىقىنى قىزغىن سۆيىدىغان بۇ ئاقساقالغا بولغان
ھۆرمىتىمىز تېخىمۇ كۈچەيدى.

فۇجۇدا مۇھاجىرلار سۇلياۋ زاۋۇتى، ھەيكەلتاراشلىق باش
زاۋۇتىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق، گۇشەن تېغى قاتارلىق سايا-
ھەت مەنزىرە رايونلىرىنى تاماشا قىلدۇق. فۇجيەن مۇھاجىرلار
يۇرتى دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۆلكە بويىچە 20 نەچچە مىليون
ئادەمنىڭ 6 مىليوندىن كۆپرەكى مۇھاجىر ئىكەن، ئۆلكە بويىچە
21 ئالىي مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچى 30 نەچچە مىڭغا يېتىدى-
كەن، دېمەك ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 ئادەم ئارىسىدا
ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11.3 ئاسپىرانت بولۇپ، مەملىكەتنىڭ



ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى تۇرىدىكەن.

## 5

گۇاڭجۇ بىز ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىشتە بولغان ئاخىرقى
جاي بولدى، گۇاڭجۇدا تۇرغان ۋاقتىمىز ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ،
ئېكىسكۇرسىيە قىلغان جايلارمۇ ئەڭ كۆپ بولدى. ئىسلاھات،
ئېچىۋېتىش قاينىمى ئەۋجىگە چىققان تەرەققىيات رايونىغا بولغان
قىزىقىشىمىز تېخىمۇ كۈچەيدى. گۇاڭجۇمۇ ئىنقىلابنىڭ مۇقەد-
دەس جايى بولۇپ، ئۇلار شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ خاتىرە ئورنى،
خۇاڭخۇاگاڭدىكى 72 ئىنقىلابىي قەھرىمان خاتىرە ئورنى، دېھقان-
لار ھەرىكىتى ئۆگىنىش ئورنى، لىن زېشۈينىڭ خۇمىندا ئەپيۇن
كۆيدۈرۈشىنىڭ خاتىرە ئورنى قاتارلىقلار ھېسابلىنىدۇ. گۇاڭ-
دۇڭ ئۆلكىسى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر دۆلەت بايرىمى
مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۆمىكىمىزدىكىلەرنى ناھايىتى ئەتراپلىق
كۈتۈۋالدى. گۇاڭجۇ شەھىرىدە ئادەم، ئاپتوموبىل كۆپ بولغاچ-
قا، ھەر قېتىمقى پائالىيىتىمىزگە ساقچى ئاپتوموبىلى يول باش-
لاپ بەردى. كۆپچىلىك: «بۇ قېتىم بىز دۆلەت باشلىقلىرى
تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدۇق» دېيىشتى.

شېنجېندا يېڭى تەرەققىي قىلغان ئالاھىدە رايوننى ئېكىس-
كۇرسىيە قىلدۇق، بۇ جايدا ئىمارەتلەر كۆككە بوي تارتقان،
نۇرغۇن سودا سارايلىرىدا خەلق پۇلى ئىشلىتىلمەيدىكەن، بۇ ئىش
بىزنىڭ ئىدىيىمىزدىن ئۆتمىدى، جۇڭگونىڭ زېمىنىدا نېمە ئۈ-
چۈن خەلق پۇلى ئىشلىتىلمەيدۇ، دېگەن سوئاللار تۇغۇلدى.
يەرلىك رەھبەرلەر چۈشەندۈرۈپ، چۈنكى بۇ جاي ئالاھىدە رايون
بولغاچقا شۇنداق، دېدى. لېكىن بۇ يەردە مەملىكىتىمىز ئىستې-

مالچىلىرىنىڭ پېرېۋوت ئايرىۋاشلىشىغا يول قويۇلىدىكەن. ئې-
كىسكۇرسىيە داۋامىدا ھەممىلا ئىش بىزگە يېڭىلىق تۇيۇلدى.
بولۇپمۇ ئەينى چاغدا دۆلىتىمىز بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئورتاق باش-
قۇرۇشىدا بولۇۋاتقان ساتۇجياۋ بازىرىغا بارغاندىن كېيىن، بۇ
بازارنىڭ بىر كوچىسىنىڭ ئوتتۇرىدا پاسىل سىزىقى بار بولۇپ،
بۇ كوچا «جۇڭگو ـ ئەنگلىيە كوچىسى» دەپ ئاتىلىدىكەن. پاسىل
سىزىقىنىڭ سىرتىغا «چېگرا ئاھالىسى كىنىشكىسى يوقلارنىڭ
پاسىلدىن ئۆتۈشىگە بولمايدۇ» دەپ يېزىلغان تاختاي ئېسىلغان
بولۇپ، ئاق سىزىقنىڭ ئىككى تەرىپى سودا دۇكانلىرى بولۇپ،
ئاساسلىق ئاممىنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلار ئىكەن، بەزىلىرىنىڭ
چېگرا ئاھالىسىلىق كىنىشكىسى بولسىمۇ، بەزىلىرىنىڭ يوق
ئىكەن؛ كىنىشكىسى بارلىكى كىشىلەر پاسىلدىن خالىغانچە ئۆ-
تۈپ ئىشنى ئەركىن قىلسا بولىدىكەن، بەزىلىرى قارشى تەرەپتە
كۆكتات ئۆستۈرۈپ، تەييار بولغاندا ئەپكەش بىلەن ئېلىپ كېلىپ
ساتىدىكەن. ئىككى تەرەپتە ئوخشاشمايدىغان پۇل ئوبوروت قىلى-
نىدىكەن. ئۆمىكىمىزدىن بەزىلەر پاسىل تاختىسىغا قارىماي،
چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، چېگرا مۇداپىئە ساقچىلىرى
توسۇۋېلىپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ جايدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەر-
لىك كىشىلەر ئىكەن، ساتۇجياۋ بازىرىنىڭ باشلىقى يەرلىك شى-
ۋىدا ئەھۋال تونۇشتۇرغاچقا، نېمە دېگىنىنى زادىلا ئۇقالماي،
بىزگە ھەمراھ بولغان گۇاڭدۇڭ پۇقراۋى تەتقىقات ئورنىنىڭ
كادىرىدىن سورىسام، يەرلىك شىۋىدا سۆزلەۋاتقانلىقىنى، ئۆزى-
نىڭمۇ ئۇقالمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ جايدا يېنىك سانائەت مەھ-
سۇلاتلىرى، سۈرەت تارتىش ئاپپارات ـ ئۈسكۈنىلىرى، ئېلېكتر
سايمانلىرى ئەرزان ئىكەن. لېكىن سېتىۋالسا چېگرىدىن ئۆتكىلى
بولمايدىكەن، بولۇپمۇ ھەر ئىككىلا تەرەپ يېمەكلىك ئۆتكۈزۈشنى



چەكلەيدىكەن. بىر چېگرىدىن ئۆتۈپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىشتىن
ئىلگىرى دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى سۆزلەپ، يېمەكلىك، رە-
سىم ئاپپاراتى قاتارلىقلارنى چېگرا تەكشۈرۈشىدە چۈشەندۈرەلمەي
ئاۋارىچىلىق تېپىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېلىپ ئۆتمەسلىك-
نى ئېيتقانىدى. ئۇ جايدا بىر دانە كۈنلۈك 4.5 يۈەن خەلق پۇلى،
رەڭلىك سۈرەت پلاستىنكىسى بولسا 5 يۈەن ئىكەن، ئەمما بۇ
نەرسىلەرنىڭ باھاسى گۇاڭجۇدا بولسا 10 يۈەننىڭ ئۈستىدە ئى-
كەن.

## 6

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا،
بىز بېيجىڭغا بېرىپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى-
نىڭ 35 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشتۇق ھەمدە
جەنۇبىي جۇڭگودىكى ئۆلكىلەردە ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىشتە
بولدۇق، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان جايلار-
نى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ، ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۆز كۆ-
زىمىز بىلەن كۆردۇق. شىنجاڭ ئۆمىكىدىكىلەر ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش ئاساسى-
دىكى سەمىمىي ئىناقلىقىنى كۆردۇق. پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيى-
تىش سىياسىتى ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى،
خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ قېتىمقى ئې-
كىسكۇرسىيە ئارقىلىق نەزەر دائىرىمىز كېڭەيدى، بىلىمىمىز
كۆپەيدى، تەربىيىگە ئىگە بولدۇق، كۆرگەنلىرىمىزنىڭ ھەممى-
سى بىزدە چوڭقۇر ھەم ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇردى. مەملىكى-
تىمىزدىكى 56 مىللەت ۋەكىللىرى بىرلىكتە پىكىر ئالماشتۇر-

دۇق، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇق، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىلا مۇشۇنداق پۇرسەت ۋە كەيپىيات بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىچكى جايلاردىكى خەنزۇ قېرىنداشلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىشنى ئەڭ چوڭ ئىش دەپ قارىدى. شاڭخەيدىكى ۋاقتىمىزدا گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، شيامېن ئالاھىدە رايونلىرىنىڭ ئۆمىكىمىزنى كۈتۈۋېلىشقا رەھبەرلىك قىلىش بەنزىلىرى شاڭخەيگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، تۇرمۇش ئادىتىمىزنى ۋە مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىغا قانداق ماسلىشىش لازىملىقى، مۇسۇلمانچە تاماق يەيدىغانلارنىڭ سانىنى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى ئىگىلەپ كەتتى. ئالاقىدار ئۆلكە، شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر مەخسۇس رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇپ، ئۆمىكىمىزدىكىلەرنى كۈتۈۋېلىشنى مەخسۇس ئورۇنلاشتۇردى. فۇجيەن ئۆلكىسى شىخۇ مېھمانخانىسىدا مەخسۇس مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى تەسىس قىلىپ، مۇسۇلمان ئاشپەزلەرنى تەكلىپ قىلغان، شيامېن شەھىرى مۇسۇلمانچە تاماق يەيدىغانلار ئۈچۈن، ئاشخانىنى مەسچىتتە تەسىس قىلىپ، شىنجاڭ، نىڭشيا، چىڭخەيلىك مۇسۇلمانلارنىڭ تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، مەسچىتتە تاماقلاندۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنداق ئىش ئىسلام دىنى تارىخىدا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدىن قېرىنداش ئۆلكىلەرنىڭ ئۆمىكىمىزنى نەقەدەر قىزغىن ۋە ئەتراپلىق كۈتۈۋالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىز دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمىغا شەرەپ بىلەن ئىشتىراك قىلدۇق، بۇ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئالىي سىياسىي شان - شەرەپ؛ بىز بارغانلىكى جايدا قىزغىن قارشى ئېلىندۇق ۋە كاتتا كۈتۈۋېلىندۇق؛ ھەربىر ئۆلكە، شەھەردىكىلەر داقا - دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ، رەڭگا - رەڭ



پانۇس - لوزۇنكىلارنى ئېسىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ قارشى ئېلىپ، ئېزىز مېھمانلار قاتارىدا كۈتۈۋالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى. بۇلار پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ياخشىلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، تۈگىمەس يۈرەك سۆزلىرىمىزنى يىغىنچاقلىغاندا «كومپارتىيە بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈنىمىز بولمىغان بولاتتى».

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇدىرى)

ئىمىنجان دۈگامەت تەرجىمىسى

# جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇنجى نېفىتلىكنىڭ ئېچىلىشى

ئىمىنجان سادىق

تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب – شىمالىدىكى تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقلىرىنىڭ ئاستىدا غايەت زور نېفىت – تەبىئىي گاز زاپىسى ساقلانغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ نېفىتىنى ھەمكارلىشىپ ئېچىش مەقسىتىدە، 1950 – يىلى 9 – ئاينىڭ 30 – كۈنى جۇڭگو – سوۋېت نېفىت ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇلۇپ، شىركەتنىڭ باش ئورگىنى دەسلەپتە مايتاغدا تەسىس قىلىندى. نېفىت چارلاش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ بارغاچقا، 1953 – يىلى 1 – ئايدا ئۈرۈمچى نۇرباغقا كۆچۈپ كېلىپ تۇردى. بۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ جەنۇب – شىمالىدا نېفىت چارلاش خىزمىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى نېفىت گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نەچچە مىڭ ئادەم بىرقانچە يىل جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق نېفىت گېئولوگىيىسىگە ئائىت خېلى كۆپ بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەر بۆسۈش خاراكتېرلىك ئەمەلىي نەتىجە قولغا كەلمىدى. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، تاڭئاتا (تاڭئاتا — قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 70 ~ 80 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر تاغ ئارىسىغا جايلاشقان يەر بولۇپ، بۇ يەردە



نېفىت بارلىقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېزىلغان شىنجاڭنىڭ نېفىت تارىخىغا دائىر مەنبەلەردە ئېنىق خاتىرىلەنگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، بۇ يەردىكى بىر كىچىك نېفىت بۇلىقىدىن خۇددى ئەينى يىللىرى جۇڭغار ئويمانلىقىدا سېلىم بوۋاي ئۇزۇن يىل ساقلاپ يېتىپ يېڭى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن مايبۇلاققا ئوخشاش ئاز مىقداردا نېفىت چىقىپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ يەرگە قوشنا بولغان كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ مۇش، ئوپال، لەڭگەر ۋە سەمەن يېزىلىرىدىكى بىر قىسىم دېھقان – چارۋىچىلار ھەمدە قەشقەر شەھىرىدىكى بەزى ھۈنەرۋەن – كاسىپلار ئۇنىڭدىن خېلى ئوبدانلا مەنپەئەتلەنگەن. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى لەڭگەر يېزىسىنىڭ بۇۋئانام 3 – كەنتلىك ساۋۇت مومچى دېگەن ئادەم 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ تاڭئاتادىن خام نېفىتكە تويۇنغان قارا لاينى ئات – ئېشەك بىلەن يۇرتىغا توشۇپ ئەكېلىپ، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن قازاندا قاينىتىپ چەككىلەش ئارقىلىق چىراغ يېغى، موم ۋە شام ياساپ سېتىپ خېلى كۆپ پۇل تاپقان، ئۇ بۇ ئىشنى تاكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، 70 – يىللارنىڭ باشلىرىدا سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇشلۇق بىر ئاغىنىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن پۇل ئارقىلىق ئۆمۈر ھاجىلىق شەرتىنى ئادا قىلىپ، يۇرتقا تۆگە سويۇپ چوڭ نەزىر بەرگەندىن كېيىن، ھەرەمگە بارماي تۇرۇپلا ئۆزىنى «ساۋۇت ھاجىم» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ باي بولسىمۇ، كىبىرى يوق، تۈز كۆڭۈل ۋە كۆكسى – قارنى كەڭ ئادەم بولۇپ، ھايات ۋاقتىدا نېفىت چەككىلەش تېخنىكىسىنى ئۇرۇق – تۇغقان، قوشنا – قولۇملىرى ۋە باشقا مەھەللىلىك ئابدۇرېھىم ھاجى ۋە مامۇت بوياق قاتارلىق كىشىلەرگە پىششىق ئۆگىتىپ قويغاچقا، ئۇلارمۇ

نېفىت چەككىلەپ سېتىپ، خېلى ھاللىنىپ قالغان. ئىسلاھات
- ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پەر-
زەنتلىرىدىن مەخەت ساۋۇت بىلەن مامۇت ساۋۇتلار دادىسى بىر
ئۆمۈر نېفىت بىلەن ھەپىشلىپ تېپىپ قويغان پۇللىرىنى خې-
مىرتۇرۇچ قىلىش ئارقىلىق تىجارەتكە كىرىشىپ، ھازىر چوڭ
قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىرىگە ئايلىنىپ، يۇرتىنىكى كاتتا بايلاردىن
بولۇپ قالغان)، ئۇستۇن ئاتۇش، يېڭىسار ۋە كۇچا قاتارلىق
جايلاردا ئۇلار خىزمەت شارائىتى ناچار بولۇش، نېفىت چارلاش
لىنىيىسى ئۇزۇن بولۇش ۋە بوران - چاپقۇن ھەم كەلكۈن
ئاپىتىگە ئوخشاش تەبىئىي ئاپەتلەر كۆپ يۈز بېرىشتەك قىيىنچى-
لىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، نۇرغۇن ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى
سەرپ قىلىپ، خېلى كۆپ چارلاش قۇدۇقلىرىنى قېزىپ باققان
بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تېخنىكا قالاق ۋە ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر
كەمچىل بولغاچقا، بىرەرمۇ قۇدۇقتىن نېفىت چىقمىدى. مۇشۇن-
داق ھالقىلىق پەيتتە سوۋېت تەرەپ كېلىشىمگە ئاساسەن جۇڭگو
تەرەپكە نېفىت چارلاشقا ئائىت بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپ-
لاپ بېرىش ۋە تېخنىكا تايانچلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىش قاتارلىق
ۋەزىپىلەرنى تاماملاپ بولۇپ، شېرىكچىلىك ۋاقتى توشقاچقا،
1954 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى جۇڭگو - سوۋېت نېفىت
ھەسسىدارلىق شىركىتى ئەمەلدىن قېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق
مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆپ قىسمى دۆلىتىگە قايتىپ كېتىپ، ئاز
بىر قىسمىلا مەسلىھەتچىلىككە قېپقالدى. گەرچە سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ دوستانە ياردىمى بىلەن ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى
پەيدىنپەي ئەسلىگە كېلىپ، 1 - بەش يىللىق پىلان ئوڭۇشلۇق
يولغا قويۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەزى
مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ نېفىت چارلاش



خىزمىتىدە تېخنىكا كۈچى، ئەسۋاب - ئۈسكۈنە ۋە مالىيە كۈچى
يېتىشمەسلىكتە نورمالسىز ھالەت شەكىللەندى. جۇڭگو تەرەپ
باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، كەسكىن تەدبىر
قوللىنىپ ئالدى بىلەن 1955 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئېنېرگىيە مىنىستىرلىكىگە قاراش-
لىق شىنجاڭ نېفىت شىركىتىنى قۇردى. ئاندىن پارتىيە مەركە-
زىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىغا
ئاساسەن نېفىت چارلاش سېپىنى تارايتىپ، كۈچنى مەركەزلەش-
تۈرۈپ شىمالىي شىنجاڭنى چارلاش ئۈچۈن، تارىم ئويمانلىقىدى-
كى ئاساسىي كۈچنى شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىنى
چارلاشقا يۆتكەپ، ئاز بىر قىسىم نېفىت چارلاش ئەترەتلىرىنىلا
بۇ يەردە قالدۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ يولغا قويدى. تارىم ئويمان-
لىقىدا نېفىت چارلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان نەچچە يۈز خادىم تاكى
1957 - يىلىغىچە بولغان بىر نەچچە يىل جەريانىدا تۈرلۈك
قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بىر قاتار ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىش-
لەپ كۇچا ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا نېفىت - گاز ئالامەتلىرى-
نى بايقاپ، يۇقىرىنى ئىشەنچلىك ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىن
ئەتتى. بۇ ئارىلىقتا، يەنى 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 -
كۈنى جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى قاراماي 1 - نومۇرلۇق چارلاش
قۇدۇقىدىن سانائەت قىممىتىگە ئىگە نېفىت - تەبىئىي گاز ئېتى-
لىپ چىقىپ، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن
دېرەك بەردى. 1956 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگە كەلگەندە
گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق شىنجاڭ نېفىت شىركىتى-
نىڭ نامى نېفىت مىنىستىرلىكى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى دەپ
ئۆزگەرتىلدى. 1958 - يىلى كىرىشى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت
بويىچە داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرى-

لەش» ھەرىكىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى «جۇڭغار ئويمانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، تارىم ئويمانلىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگە كەلگەندە ئاقسۇدا تارىم نېفىت - كان ئىشلىرى ئىدارىسىنى قۇردى. ئاندىن ئاساسىي كۈچنى يەنە جۇڭغار ئويمانلىقىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، تارىم ئويمانلىقىدا نېفىت چارلاشقا قاراتتى. نەتىجىدە كۇچا ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئۈچكىلىك چارلاش 1 - قۇدۇقى قېزىلىپ، 1958 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى 468 مېتىر چوڭقۇرلۇققا يېتىپ بارغاندا، سانائەت قىممىتىگە ئىگە نېفىت - تەبىئىي گاز ئېتىلىپ چىقىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تارىخىدا ئېچىلغان تۇنجى نېفىتلىك - ئۈچكىلىك نېفىتلىكنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى نامايان قىلدى. بۇ نېفىتلىك كۇچا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 130 كىلومېتىر كېلىدىغان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تىك چوققىلىق جىلغىلارغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 2000 مېتىرچە ئېگىز بولغاچقا، تەبىئىي شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ يەردىكى ھەر مىللەت نېفىت ئىشچىلىرى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقى ئاستىدا 1959 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ بىر تەرەپتىن نېفىتلىكنى چارلاش - ئۆزلەشتۈرۈش خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن نېفىتلىك قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ باردى. 1964 - يىلى 9 - ئايغا كەلگەندە ئىلگىرىكى تارىم نېفىت چارلاش قوماندانلىق شتابى ئاساسىدا كۇچادا جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇش بىلەن تەڭ ئۈچكىلىك نېفىت كان رايونىمۇ تەسىس قىلىنىپ، يۇقىرىقى ئورۇننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ تېز تەرەق-



قىي قىلىپ، قۇدۇق بۇرغىلاش، نېفىت سىناش، نېفىت ئېلىش، نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش، توشۇش، سېتىش ۋە ئارقا سەپ - تۇرمۇش مۇلازىمىتى قاتارلىق كەسىپ تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل بىر نېفىتلىككە ئايلاندى. گەرچە بۇ نېفىتلىكنىڭ كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن شۇ مەزگىللەرگە كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ، قېزىلغان ئومۇمىي قۇدۇق سانى 284 كە يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقى 270 كە، يىللىق خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن 50 ~ 60 مىڭ توننىغا، مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغان 1971 - يىلى 86 مىڭ توننىغا، ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى سانى 2000 غا يېتىپ، ئەينى يىللاردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېنزىن، سالياركا ۋە كىرسىن قاتارلىق نېفىت مەھسۇلاتلىرىغا بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، بۇ جاينىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا زور تۈرتكىلىك رول ئويناپلا قالماي، بەلكى چېگرا رايوننى قوغداپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئەمما، 1974 - يىلدىن كېيىن نېفىت تەركىبىدە سۇ مىقدارى ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كېتىش ۋە يەر قاتلىمىنىڭ بېسىمى تۆۋەنلەپ كېتىشكە ئوخشاش ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ نېفىتلىكنىڭ نېفىت مەھسۇلات مىقدارى يىلمۇ - يىل ئازلاپ، 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغىچە بولغان 20 نەچچە يىل ئىچىدە جەمئىي 1 مىليون 60 مىڭ توننا نېفىت ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئېلىمىز بويىچە نېفىت تۈگىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغان تۇنجى نېفىتلىك بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۈچكىلىك نېفىت كان رايونىمۇ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان-

دىن كېيىن تەبىئىي ھالدا ئەمەلدىن قالدى. نېفىت ئايرىش
زاۋۇتىنىڭ ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى، يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن
تۇرۇبا ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلەر كېيىنچە باشقا نېفىتلىكلەرگە
يۆتكەپ ئاپىرىپ ئىشلىتىلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇت-
لەق كۆپ قىسمى يەنىلا جەنۇبىي شىنجاڭدا قېلىپ، نېفىت چار-
لاش بىرلەشمە جەڭلىرىگە قاتناشتى. ئاز بىر قىسمى شىمالىي
شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش
قوماندانلىق شتابىمۇ يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن
1975 - يىلى 4 - ئايلاردا گوما ناھىيىسى تەۋەسىگە كۆچۈپ
كېلىپ، گوما ۋە قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا نېفىت چارلاش
جېڭىنى قانات يايدۇردى. بىر مەزگىللىك جاپالىق تىرىشىش
نەتىجىسىدە 1977 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تارىم ئويمانلى-
قىنىڭ غەربىي جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان قاغىلىق ناھىيىسى
تەۋەسىدە قېزىلغان كۆكيار 1 - نومۇرلۇق چارلاش قۇدۇقىدىن
ئۇشتۇمتۇت غايەت زور يۇقىرى بېسىملىق نېفىت - تەبىئىي گاز
ئېتىلىپ چىقىپ، ئەسىرلەر بويى غەپلەت ئۇيقۇدا ياتقان 560
مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلى-
قى — تارىم ئويمانلىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، كۆكيار نېفىت-
لىكىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ چاغدا
جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش قوماندانلىق شتابى دەرھال كۆك-
يار نېفىتلىكىگە كۆچۈپ كېلىپ، قۇدۇق فونتانىنى بېسىپ،
خەۋپتىن قۇتقۇزۇش بىرلەشمە جېڭىگە قوماندانلىق قىلدى. نەتى-
جىدە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ
مەدەت بېرىشى، نەچچە مىڭ نېفىت ئىشچىسى ۋە 10 مىڭغا يېقىن
يەرلىك ئارمىيە - خەلقنىڭ بىر ئاي كېچە - كۈندۈز جاپا -
مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق 6 - ئاينىڭ 16



- كۈنى قۇدۇق فونتانى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بېسىلىپ، زور
خەۋپنىڭ ئالدى ئېلىندى. 1979 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە
جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش قوماندانلىق شتابى ھازىرقى
پوسكام نېفىت بازىسىغا كۆچۈپ كېلىپ، 20 نەچچە يىللىق
تەرەققىيات ئارقىلىق گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان بۇ قاقاس چۆللۈكنى
جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە ئەڭ گۈزەل بىر زامانىۋى نېفىت
- خىمىيە سانائىتى شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، ئەينى چاغدا
ئۆچكىلىكتە بار بولغان بۇرغا ستانوكلىرىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قۇ-
دۇق قېزىش ئىقتىدارى ئاساسەن دېگۈدەك 1200 مېتىرلا بولغان-
لىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر قاتلىمى مۇرەككەپ، تېخنىكا قالاق،
ئەسۋاب - ئۈسكۈنە ۋە مەبلەغ كەمچىل بولۇش، شۇنداقلا بۇرغىلا-
ش ھادىسىسى كۆپ يۈز بېرىشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، جەنۇبىي
شىنجاڭ تەۋەسىدە ئىلگىرى چارلاش ئارقىلىق نېفىت - گاز
بارلىقى ئىسپاتلانغان خېلى كۆپ جايلاردا نېفىت قاتلىمىغا يەتكۈچە
چوڭقۇر قېزىش مۇمكىن بولمىغاچقا، پەقەت تۈزۈلمىسى ئاددىي،
نېفىت قاتلىمى تېيىز بولغان ئۆچكىلىكتىلا يېنىك تىپلىق بۇرغا
ستانوكلىرى بىلەن ئاران 450 مېتىر ئەتراپىدىلا قېزىپ نېفىت
ئېلىنغان. لېكىن، نەچچە ئەۋلاد ھەر مىللەت نېفىت ئىشچىلىرى-
نىڭ 50 نەچچە يىل مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشى،
ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، دۆ-
لەت ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشى ۋە پەن - تېخنىكا
سەۋىيىسىنىڭ كۈنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، بۈ-
گۈنگە كەلگەندە، بۇ نېفىتلىكنىڭ ئەتراپى بۇرۇنقى ئاساستا يەنىمۇ
ئىلگىرىلىگەن ھالدا چارلاپ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، نەچچە مىڭ دانە
چوڭقۇر نېفىت قۇدۇقلىرى قېزىلدى ۋە داۋاملىق قېزىلىۋاتىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۇچا ناھىيىسى ئەتراپىدا غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى چارلاپ ـ ئۆزلەشتۈرگەن نېفىت ـ گازلىقلاردىن باشقا تارىم نېفىتلىك شىركىتىگە قاراشلىق شىمالىي تارىم، جەنۇبىي تارىم، ئوتتۇرا تارىم، دۆڭقوتان، جەنۇبىي بۇگۇر، ياقا، خادا ۋە قاراسۇ قاتارلىق ئون نەچچە يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت ـ گازلىقلار قۇرۇلۇپ، 2005 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بۇ شىركەتنىڭ يىللىق نېفىت ـ گاز سۇندۇرۇلما مەھسۇلات مىقدارى تۇنجى قېتىم 10 مىليون توننىلىق چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئېلىمىز بويىچە مەھسۇلات مىقدارى 10 مىليون توننىدىن ئاشىدىغان 5 ـ چوڭ نېفىت ـ گازلىققا ئايلاندى.

(ئاپتور: «جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» نىڭ پېنسىيىگە چىققان مۇخبىرى)



# چىڭ ۋەنچىڭنىڭ خوتەنگە ھاكىم بولۇپ كېلىشى

مۇھەممەت ئابدۇللا ھاجى[1]

1914 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چىڭ ۋەنچىڭنى خوتەننىڭ ھاكىملىقىغا بەلگىلەپتۇ دېگەن خەۋەر خوتەنگە يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ بەزى ئەمەلدارلار يەكەنگىچە ئالدىغا بارغان. چىڭ ۋەنچىڭ خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن بارلىق ئەمەلدارلارنى ۋە خەلقنى يىغىپ چوڭ يىغىن ئاچقان، يىغىندا ئالدى بىلەن سۇن جۇڭشەننىڭ سۈرىتىنى ئېسىپ تەزىم قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت شېئىرىنى ئوقۇغان. بۇ پائالىيەت تۈگىگەندىن كېيىن سۆزگە چىقىپ جۇڭگودا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، سۇن جۇڭشەن زۇڭتۇڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭخۇا مىنگو دېگەن يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ پروگراممىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، يېڭى قائىدە ـ نىزاملارنى جاكارلىغان. بۇ يىغىن خوتەندە تۇنجى خەلق يىغىنى ھېسابلانغان. چىڭ ۋەنچىڭ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، خەلقنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى، يۇرتنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىغا، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغانلىقىنى سۆزلىگەن. بۇنى ئاڭلىغان خەلق ئىنتايىن خۇشال بولغان. چىڭ ۋەنچىڭ يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن بەگ، مىراپ، يۈز بېشى قاتارلىق ئەمەلدارلارنى ئېلىپ قېلىپ

يىغىن ئاچقان. ئۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقرالارنى
قاتتىق تىزگىنلەپ بېسىم ئارقىلىق باشقۇرغانلىقىنى، ھازىرقى
ھۆكۈمەتنىڭ بولسا خەلقنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ، پۇقرا-
لار بىلەن ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدا ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىدى-
غانلىقىنى، ئەمەلدارلار خەلقنى ئاسراش ۋە ئۇلارنى خوجايىنلار
بىلەن ئوخشاش كۆرۈشى لازىملىقىنى سۆزلەپ يېڭى تاپشۇرۇقلار-
نى بەرگەن. شەھەر، يېزىلاردا يېڭى ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلى-
غان. خوتەن ناھىيىسىدىكى تۆت مىڭ بەگلىكنى 8 چۇ (رايون)
گە ئۆزگەرتىپ مىڭ بېگى دېگەن نامنى «چۇجاڭ» (رايون باشلى-
قى) غا ئۆزگەرتكەن. شەھەر ئىچى ۋە بىرنەچچە كەنت قوشۇلۇپ
بىر رايون بولغان. توساللا مىڭ بەگلىكىنى «شاڭ توساللا»
(يۇقىرى توساللا)، «شيا توساللا» (تۆۋەن توساللا) دەپ ئىككى
رايون قىلغان. بورزان مىڭى، سۇپا مىڭى قاتارلىق جايلارنىمۇ
«شاڭ بورزان، شيا بورزان»، «شاڭ سۇپا، شيا سۇپا» دەپ
ئىككىدىن رايونغا ئايرىغان. تاغدىكى چارۋىچىلىق رايونىغا ئىككى
كەنتنى قوشۇپ بىر رايون قىلغان. تەۋەككۇل، ئىسلام ئاۋاتنى
بىر رايون قىلغان. مانا مۇشۇنداق ئايرىش ئارقىلىق جەمئىي 10
رايون تەسىس قىلىپ ھەر بىر رايونغا رايون باشلىقى بەلگىلى-
گەن. بۇ چۇ (رايون) دېگەن نام 1959 - يىلى خەلق گۇڭشېسى
قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالغان.
چىڭ ۋەنچىڭ ئالدى بىلەن ئامانلىق ساقلاش خىزمىتىنى
ياخشى ئىشلەشنى تاپشۇرغان ھەم: «پۇقرالارنىڭ خاتىرجەم تۇر-
مۇش كەچۈرۈشىنى قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرىمەن» دەپ قەسەم بەر-
گەن. رايون باشلىقلىرىغا ئامانلىق ساقلاش دائىرىسى، ئۇسۇللى-
رىنى چۈشەندۈرۈپ: «يۇرت ئىچىدىكى ئوغرى، بۇلاڭچى، لۈك-
چەك، يانچۇقچى، قىمارۋاز، نەشىكەش، پاھىشۋاز، مۇتىھەم ۋە



باشقا يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلارنى تىزىملاپ ماڭا تاپشۇ-
رۇپ بېرىسىلەر» دەپ پەرمان قىلغان. يەنە بۇ خىزمەتنى ياخشى،
پۇختا، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەشنى، ھەرگىزمۇ مەسئۇلىيەت-
سىزلىك قىلماسلىقنى تاپىلىغان. چىڭ ۋەنچىڭ يەنە ئۆزى ئىگى-
لىگەن بەزى ئەھۋاللارغا ئاساسەن مۇنداق دەپ سۆزلىگەن: «چىڭ
سۇلالىسى ھاكىمىيىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان پەيتتە خوتەنگە شي
×× ئامبال بولۇپ كېلىپ خوتەن ۋەزىيىتىنى ناھايىتى قالايمى-
قانلاشتۇرۇۋېتىپ، پۇلنى كۆپلەپ تېپىپ، ئۆز يېنىنى توملاشنىڭ
غېمىدە ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تاشلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن بۇلاڭ-
چى، ئوغرى، قىمارۋاز، لۈكچەك، مۇتىھەم ساختىپەزلەر كۆپى-
يىپ ۋە پاششاپلار بىلەن بىرلىشىپ، پۇقرالارنىڭ مال - مۈلۈك-
لىرىنى بۇلاش، ئوغرىلاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنى قاتتىق
قاخشاتقان. خەلققە خاتىرجەملىك بەرمىگەن. مەن بۇ ئەھۋاللارنى
ياخشى بىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان
خوتەن ۋەزىيىتىنى تۈزىتىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. يۇقىرىقىدەك
يامان ئادەملەرگە قاتتىق قوللۇق قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئىشلارنى
ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بارلىق ئەمەلدارلارنىڭ تولۇق
ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن.»

## (1) چىڭ ۋەنچىڭنىڭ تۇنجى قەدەمدە خوتەن - ئاق-سۇ يولىدا قاراقچىلارنى يوقىتىشى

باي نەزەر، توختى نەزەر ئىسىملىك قارا نىيەت ئوغرىلار بىر
قىسىم بۇلاڭچى، ئوغرىلارنى تەشكىللەپ خوتەن، ئاقسۇ يولىدىكى
قۇشلاشنىڭ ئايىغىغا ماكانلىشىپ، يولدىن ئۆتكەن سودىگەرلەرنى
بۇلاپ، ئۇلارنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، يامبۇ ۋە باشقا مۈلۈكلىرىنى

ئېلىۋېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۆلتۈرۈپ قۇمغا كۆمۈۋەتكەن. بۇنداق بۇلاڭچىلىق خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ھېچقانداق چارە قىلمايلا قالماستىن زادىلا كارى بولمىغان. چىڭ ۋەنچىڭ ئۇلارغا: «چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دەۋرىدە قىلغان جىنايەتلىرىڭلارنى بىز كەچۈرۈم قىلايلى، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ توۋا قىلساڭلار «سىلەرگە مۇۋاپىق خىزمەت بېرىمىز» دېگەن مەزمۇندىكى خەتنى يېزىپ، سەككىز كىشىنى قاراقچىلار بىلەن سۆزلىشىشكە كىرگۈزگەن. لېكىن بۇ جاڭگال پادىشاھى بولۇۋالغان قاراقچىلار خەتنى يىرتىۋېتىپ: «چىڭ دارىن دېگەندىن قورقمايمىز» دەپ ئاغزىغا كەلگەنلىكى يامان سۆزلەر بىلەن ھاقارەت قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا بۇ يولدا ماڭىدىغان ئادەملەر ئازلاپ كەتكەنلىكتىن بۇ قاراقچىلار تېخىمۇ غالجىرلىشىپ تەۋەككۈل، ئىسلام ئاۋات يېزىلىرىنىڭ تۆۋەن كەنتلىرىگە بېرىپ پۇقرالارنىڭ ئاشلىق، قوي، كالا قاتارلىق چارۋىلىرىنى ۋە بارلىق تەئەللۇقاتلىرىنى بۇلاپ - تالاپ جاڭگالغا كىرىپ كەتكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چىڭ ۋەنچىڭ قاتتىق غەزەپلىنىپ، شۇ جايدىكى ھەربىي باشلىق ھاجى تۆڭلۈك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر بۆلۈك قوراللىق قوشۇن كىرگۈزۈپ ئۇلارنى تۇتۇپ چىققان. بەزىلىرى توغراقلىقتا كىرىۋېلىپ قېچىپ كەتكەن. چىڭ ۋەنچىڭ ئۇلارنى بىر نەچچە كۈن سوراق قىلغاندىن كېيىن باي نەزەر بىلەن توختى نەزەرگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەن ۋە قەپەسكە سېلىپ ئۆلتۈرگەن، كاللىسىنى كېسىپ تۆمۈر دەرۋازىغا ئېسىپ قويغان. قىسمەن ئەگەشكۈچىلەرنى تۆۋەنامە يازدۇرۇپ كەچۈرۈم قىلغان. بۇ ھەقتە خەلق قوشاقچىلىرى مۇنداق قوشاق توقۇغان:

ھاي باي نەزەر، توختى نەزەر تۇتۇلماسمىز دېگەنمۇ؟



قاراپ باقماي جاھانغا مۇنداق پوقنى يېگەنمۇ؟

ئاقسۇ يولىدا كارۋاننى، توغراقلىقتا سويدۇڭمۇ؟
زالىم قانخور قاراقچى ئاق يامبۇغا تويدۇڭمۇ؟

## (2) چىڭ ۋەنچىڭنىڭ جازالاش ئۇسۇللىرى

چىڭ ۋەنچىڭ ئاغزىدا جۇڭخۇا مىنگو يېڭى ھۆكۈمىتىنى ناھايىتى مەدھىيىلەپ ماختىسىمۇ ئەمەلىيەتتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرى بويىچە ئىش كۆرگەن. جۇڭخۇا مىنگو ئىسمى بار جىسمى يوق ھالەتتە بولۇپ، بايراملاردا سۇن جۇڭشەننىڭ سۈرىتىگە تەزىم قىلىپ، دۆلەت شېئىرى ئوقۇشتىن باشقا ئىشلارنى بۇرۇنقى ئەمەلدارلارغا ئوخشاش قىلىۋەرگەن. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ سوراق قائىدە - تۈزۈملىرىنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتمىگەن. يەنى، قىزىل تاۋار يۆگەلگەن جوزا ئۈستىدە خانقۇ، قىزىل قەلەم، جوزىغا ئۇرىدىغان تاختا قاتارلىق نەرسىلەر بولغان. ئىككى تەرەپتە 60 تىن 120 بەنشاڭ (دورغا) جاللاتتەك قىزىل كىيىم، ھەيۋەتلىك قالپاق كىيىپ تۇرغان ۋە چىڭ ۋەنچىڭ جوزا ئالدىغا كېلىشتىن بۇرۇن سوراق قىلىنىدىغانلارنىڭ تۇماقلىرىنى ئالدىغا تاشلاپ يۈكۈندۈرۈپ قويغان. چىڭ ۋەنچىڭ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشى بىلەن 120 بەنشاڭ (دورغا) ئۈنلۈك ئاۋازدا «ھۇۋەي» دەپ توۋلىغان. بۇ خىل ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشتىن ئەسلىدىنلا قورقۇپ تۇرغان بىچارىلەر ھەتتا ھوشىدىن كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئادەمنى سولاپ ئۆلتۈرىدىغان قەپەز، تۆمۈر تاقاق، دۇمبىسىگە ئۇرىدىغان زەي قامچا، ئوشۇقىغا ئۇرىدىغان كىچىك چوماق، يوتىسىغا ئۇرىدىغان شاپال-

داق، ئالىقانغا ئۇرىدىغان ئۈچ قىرلىق تاياق، پەيلىرىنى قىرقىيدىغان ئۇستىرا، ئەسۋاب، يۈزىگە داغ سالىدىغان يىڭنە ۋە رەڭلەرنى تاشلىسا، بۇ جازا قوراللىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتكەن. ئوغرى ۋە جىنايىتى ئېغىر بولغانلارغا بىر يىللىقتىن ئۈچ يىللىققىچە تۆمۈر تاقاق سالغان. بۇ ناھايىتى قېيىن جازا دەپ سانالغان. ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلارنى قەپەسكە سېلىپ قاتتىق قىيناپ ئۆلتۈرگەن. بەزى جىنايەتچىلەرنىڭ دۈمبىسىگە زەي قامچا بىلەن ئۇرسا، ئاققان قان يەرنى قىپقىزىل بويىۋەتكەن. يەنە بەزى جىنايەتچىلەرنىڭ يوتىسىغا شاپىلداق بىلەن 500 دىن 1000 غىچە ئۇرغان. ئۇلار پۇتىنى يۆتكىيەلمەس ھالەتكە چۈشۈپ بىرنەچچە ئاي ئورۇن تۇتۇپ ياتقان. يەنە بەزىلەرنىڭ ئالىقىنىغا ئۇرۇپ قوللىرىنى ئىششىتىۋەتكەن. ئوغرىلارغا چېتىلىپ قالغانلارنىڭ پېشانىسىگە ۋە ئىككى مەڭزىگە خەنزۇچە «زېي» ئۇيغۇرچە «ئوغرى» دېگەن خەتنى يىڭنە بىلەن چېكىپ يېزىپ قويغان. بۇنى ھەرقانچە سوپۇنلاپ يۇسىمۇ ئۆمۈر بويى چىقمىغان. يۈزىگە داغ سېلىنغان ئوغرىلار يۈزىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرەلمەي ئاياللاردەك يۆگەپ يۈرگەن. چىڭ ۋەنچىڭنىڭ بۇنداق قاتتىق تەن جازالىرى خوتەندە زىلزىلە پەيدا قىلىپ خەلقنى قاتتىق قورقىتىۋەتكەن. خېلى يۈرەكلىك كىشىلەرنىڭمۇ يۈرىكىنى ئېزىۋەتكەن.

### (3) چىڭ ۋەنچىڭنىڭ ئامانلىق ساقلاش چارىسى

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، چىڭ ۋەنچىڭ ئوغرى بىلەن چېتىشلىقى بار پاشىشاپ بەگلەرنىڭ ئوشۇقىغا 1000 نى ئۇرۇپ ئوشۇقىنى چېقىۋەتكەندىن كېيىن يەنە پېشانىسىگە داغ



سالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن كەڭرى بىر جاي تەييارلاپ قانداق جىنايەتچى بولمىسۇن ھەممىسىنى قاتتىق جازالاپ بولغاندىن كېيىن بوينىدىن باغلاپ قويغان ھەم ئالدىغا بىر دوسكا قويۇپ ئۇنىڭغا جىنايەتچىنىڭ بارلىق جىنايەتلىرىنى يېزىپ قويغان. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، تاماشىچىلار ۋە كۆرگەن - بىلگەن، دوست دۈشمەنلىرى ئوقۇپ ئىبرەت ئالغان. بۇ جاي «ئىبرەت جاي» دەپ ئاتالغان. بەزى يۈز ئابرويى بار كىشىلەر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويسا ئىبرەت جايغا باغلىنىشتىن قېچىپ پارا بېرىپ گۇندىخانىغا كىرىۋالغان. ئۇلارنىڭ بوينىدا زەنجىر بولۇپ سوغۇق سۇ بىلەن زاغرا بەرگەن ھەم كېچە - كۈندۈز داق يەردە ياتقان. ئاستىغا سالىدىغان ھەرقانداق نەرسە بېرىش مەنئى قىلىنغان. ئەگەر ئۇلار تاھارەتكە بارماقچى بولسا بوينىدىكى زەنجىرنى بىر ئادەم تۇتۇپ خۇددى ئىتنى يېتىلىگەندەك ئاپىرىپ ئەكەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبرەت جايدا يېتىشتىن ھەرقانداق ئادەم قاتتىق قورققان. چىڭ ۋەنچىڭنىڭ ئالدىغا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ قالغان ئوغرىلارغا بولسا، پېيىنى قىرقىپ ئۆمۈرلۈك مېيىپ قىلىۋەتكەن. زاڭ مال بىلەن تۇتۇلۇپ قالغان ئوغرىلارنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، يۇرت مەھەللە، قوۋمى جامائەتلەرگىچە يامۇلغا ئەكىرىپ سولاپ قويغان. بۇلارغا ئوغرىنى نازارەت قىلمىغان، پاش قىلمىغان، قانات ئاستىغا ئالغان، جىنايىتىنى يوشۇرغان دېگەن جىنايەتلەرنى ئارتىپ، تۇۋىنامە يازدۇرۇپ ئاندىن قويۇپ بەرگەن. بەزى يۈز بېشى، ئونبېشى، ساقچى دېگەنلەردىن ئوغرىلار بىلەن قوشۇپ جازالانغىنى نۇرغۇن بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن نازارەتچىلىك ھەممە جايدا ئىنتايىن كۈچەيگەن. ئەگەر بىرەر ئائىلىدە ئامراق بالىلىرىدىن بىرسى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئاتا - ئانىسى ئۆزى بېرىپ مەلۇم قىلماقتىن باشقا ئامال بولمىغان.

كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە يۈز خاتىرە قىلىدىغان، قانات ئاستىغا ئالىدىغان ئىشلىرىنى جىنايەت ھېسابلاپ جازا قوللىنىۋەرگەن. بولۇپمۇ شەھەر ئىچىنىڭ نازارەتچىلىكى قاتتىق كۈچەيتىلىپ ھەربىر كوچىغا كوچا باشلىقى ۋە ئامانلىق ساقچىلىرىنى بېكىتكەن. ساقچىلار خۇپتەندىن تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي جىڭ قېقىپ كوچا ئايلانغان. مەھەللە ئادەملىرى ئۆز مەھەللىلىرىدە ئوغرى، قىمارۋاز، بەڭگى، پاھىشۋاز، ساختىپەز، لۈكچەكلەرنى سەزگەن ھامان دەرھال ساگەي[1]شاڭيۇغا مەلۇم قىلغان. ئۇ بۇ خىل كىشىلەرگە ئالدىن تەربىيە بېرىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغان ياكى بۇ كىشىلەرنى مەھەللىدە تۇرغۇزمىغان. شەھەر، يېزا قىشلاقلاردا مەخپىي ئەھۋال ئىگىلەيدىغان قولاقلار كۆپ بولۇپ كۈندىلىك چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى چىڭ ۋەنچىڭغا يەتكۈزۈلۈپ تۇرغان. چىڭ ۋەنچىڭمۇ بۈگۈنكى ئىشنى ھەرگىز ئەتىگە قويماي ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ يىل ئىچىدە دېھقانلار پالتا، كەتمەن قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كاك ۋە ئورۇقلۇق ئاشلىقلىرىنى ئېتىزلىقتا تاشلاپ قويۇپ ئەتىسى كەلسە ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا تۇرىدىغان، كىشىلەر ئۆيلىرىگە قۇلۇپ سالمايدىغان، ئۆيگە ئوغرى كىرمەيدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن.

چىڭ ۋەنچىڭ بارلىق يېزا كەنتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تېخىمۇ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۇرت ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ مۇنداق جاكارلىغان: «يىلدا بىر نۆۋەت ئۆز زىممىسىگە كەلگەن غەللىنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىپ، بىر يىلدا سەككىز كۈن ھاشارغا ئىشلەپ تۇرغان پۇقرا ئۇخلىسا ئويغاتماسلىق لازىم. بەگلەر ئۆزلىرىنىڭ بەگلىك ھەيۋىسىنى يوقىتىپ،

① تەكشۈرگۈچى شاڭيۇ.



«مەن پۇقرالارنىڭ چاكىرى» دەپ كەمتەرلىك بىلەن ئىش باشقۇرۇشى، پۇقرالارنى ھەقسىز ئىشقا سالماسلىقى، تۈرلۈك ئىشلاردا قەتئىي پارا ئالماسلىقى، خىيانەت قىلماسلىقى، پۇقرالارنى خالىغانچە ئۇرماسلىقى، باغلىماسلىقى لازىم. يامۇلدىن كەلگەن سىپىلىقلارنى ئۆزى چاغلاپ يۈز بېشىلارغا تارقاتماسلىقى، خەلق مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكى لازىم. يۇرتتا بۇزۇق، ئوغرى، قىمارۋاز، مۇتىھەم، پاھىشۋاز، ساختىپەز، ئاۋاب، نەشىكەش قاتارلىق يامان كىشىلەر سېزىلگەن ھامان تەربىيە بېرىپ تۈزۈتۈش، بولمىغاندا دەرھال ماڭا تىزىملاپ بېرىشىڭلار لازىم. ئەگەر بەگلەر تەربىيە بېرىپ تۈزۈتەلمەي، ئۇلار يەنە قايتا جىنايەت بىلەن ئالدىمغا كىرىپ قالسا بەگلەر بىلەن قوشۇپ جازالايمەن. بەگلەر، رايون باشلىقلىرى بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ ئالدىمغا كېلىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئەگەر مېنىڭ يوليورۇقلىرىمغا ئەمەل قىلماي ئالدىمغا كېلىپ قالساڭلار، پۇقرالاردىن 10 ھەسسە ئارتۇق جازالايمەن. قەتئىي يۈز خاتىرە قىلمايمەن. جازانى ئىبرەتكە لايىق بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار». شۇنىڭدىن كېيىن خوتەندە تېخىمۇ ياخشى تەرتىپ - ئىنتىزام بارلىققا كەلگەن.

## (4) غەللە - پاراق، باج ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش

چىڭ ۋەنچىڭ خوتەنگە كېلىشتىن ئىلگىرى غەللە - پاراق تاپشۇرۇش ئىشلىرى ناھايىتى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بولۇپ، غەللە ئاشلىقنى ساڭغا تاپشۇرۇش مۆھلىتى بىر ئاي قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. بۇ بىر ئاي ئىچىدە يامۇلنىڭ جاللاتتەك رەھىمسىز، زالىم دورغا بەگلىرى غەللە سۈيلەپ يېزىمۇ - يېزا بارسا

ھەرگىزمۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا قارىمىغان. دېھقانلارنى باغلاپ، ئېـ
سىپ ئۇرۇپ، جازانىخورلاردىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر قىلىپ،
ئۆمۈرلۈك قەرزدار قىلىپ قويغان. بەزى دېھقانلار زېمىن ـ
تەئەللۇقاتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. دېھقانلار ئۆيلىرىدە پاكىزلاپ
ئېلىپ كىرگەن بۇغدايلارنى ياراتماي، شۇ يەردە غەلۋىر تۇتۇپ
تۇرغان ئۆز ئادەملىرىگە قايتىدىن غەلۋىردىن ئۆتكۈزگۈزۈپ،
غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈش ھەققى ئالغان. بەزى غەلۋىرچىلەر قايتا
غەلۋىردىن ئۆتكۈزمەي بەلگە قويۇپ بەرسە ساڭچىلار ئېلىۋەر-
گەن. ئۇلار ئۆزئارا شېرىك بولغاچقا پايدىنى تەڭ ئالغان. ئەسلىـ
دە دېھقان بىر خوغا 10 چارەك بۇغداي قويسا ساڭچى خونى
بىرنەچچە قېتىم چايقاپ قويسا، بۇغداي تۆۋەن چۈشۈپ چىڭدىلىپ
ئازلاپ قالغان. بۇنى كۆرگەن ساڭچى دېھقاننى يەنە بوزەك قىلىپ
ئۈچ چارەك بۇغداي قۇيغۇزۇپ ئاندىن خونى تولدۇرغان. بۇ خىل
ئۇسۇل بىلەن ئارتۇق ئېلىنغان ئاشلىق ھاكىم، بۆلۈم باشلىقى
قاتارلىق ئەمەلدارلارغا ئاپىرىپ بېرىلگەن. بۇ ئەھۋاللارنى تەكشۈ-
رۈپ بىلگەن چىڭ ۋەنچىڭ غەللە تاپشۇرۇش مۆھلىتى ‹بىر ئاي›
دېگەن قائىدىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ «11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن
باشلاپ 5 ئاي ۋاقىت ئىچىدە تۆلەپ تۈگەتسە بولىدۇ» دەپ بۇيرۇق
چۈشۈرگەن. «خوغا قاچىلايدىغان بۇغداينى ھەرگىزمۇ چايقاشقا،
سىلكىشكە بولمايدۇ، بۇغداينى قۇيغان پېتى ئالىدۇ» دەپ بېكىتـ
كەن. يەنە ساڭدىكى غەلۋىرچىلەرنى ھايداپ چىقىرىش بىلەن
«دېھقانلار ئۆزلىرى پاكىزلەپ كىرگەن ئاشلىقنى ئۆز پېتى،
ھەرگىزمۇ ساقلىتىپ قويماي ئېلىش كېرەك» دەپ بۇيرۇق قىلـ
غان. ئۇنىڭدىن باشقا، دورغىلار غەللە سۈيلەپ بېرىشقا بولمايـ
دۇ، رايون باشلىقلىرى ھەيدەكچىلىك قىلىپ قويسىلا بولىدۇ
دېگەن. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارغا بولۇۋاتقان ئېغىرچىلىقلار خېلى



تۈگەپ غەللە تاپشۇرۇش ئاسانلاشقان. بۇنىڭدىن دېھقانلار ئىنتاـ
يىن خۇشال بولغان.

بۇلاردىن باشقا باجگىرلارنى تەكشۈرۈپ باجنى يۇقىرىنىڭ
ئۆلچىمىدىن ئارتۇق ئالغانلارنى جازالاپ، جەرىمانە ئالغان پۇللار-
نى قايتۇرغان. ئۆلچەمدىن ئارتۇق باج ئېلىش، جەرىمانە ئېلىش،
دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇش، قىيناش قاتارلىق قىلمىشـ
لارنى قەتئىي توسقان. دېھقانلار ئۆزى ئىشلەپچىقارغان نەرسىلەر-
دىن باج ئالماسلىق، قاسساپ مال ئالسا مال باھاسىغا قاراپ 3%
باج ئېلىش، ناۋاي، ئاشپەز، باققال قاتارلىق ئۇششاق تىجارەتچىـ
لەردىن باج ئالماسلىقنى جاكارلىغان.

## (5) چىڭ ۋەنچىڭنىڭ نەسىردىن موللامغا ئۆلۈم جاـ زاسى بېرىشى

چىڭ ۋەنچىڭ ھەر جەھەتتىن ئۆزىنى ئاممىغا ياخشى كۆرسىـ
تىشكە قاتتىق تىرىشقان. ئەھلى ـ ئىلىملەرنى، دىنىي زاتلارنى
ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، ئۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈپ سىلىق مۇئامىلە
قىلغان. چىڭ ۋەنچىڭ خوتەنگە كېلىشتىن بۇرۇن خوتەندە نەسىر-
دىن موللام دېگەن بىر مەككار، ساختىپەز موللا بولۇپ، ئۇ
ئۆزىنىڭ ئالدامچىلىق ئۇسۇلى بىلەن داڭق چىقىرىپ ئاڭسىز
خەلقنى ئالداپ كۆپلىگەن بايلىققا ئېرىشكەن. ئۇ ماللىرىنى ئوغـ
رى ئالغان كىشىلەرگە ئوغرىنى تېپىپ بېرىش، ئۆچى بارلارنىڭ
ئۆچىنى ئېلىپ بېرىش، ئەر ـ خوتۇنلارنى ئۆچ ـ ئامراق قىـ
لىش، بەزى كېسەللەرنى رەتنامە ئوقۇپ ساقايتىش، بەزىلەرگە
جادۇ ـ ئەپسۇن ئوقۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقى ھەقـ
قىدە داۋراڭ سالغانلىقتىن، «نەسىردىن موللام بىر ئايەت ئوقۇپ

«سۇپ» دېسە، قانداق كىشىنى ئۆلتۈرگۈسى كەلسە ئۆلتۈرەلەيدىكەن» دېگەن گەپ تارقالغان. بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغان چىلىك ۋەنچىلىك نەسرىدىن موللامنى چاقىرتىپ بىرنەچچە كۈن قېشىدا تۇرغۇزغان ۋە ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلىپ ئەھۋال ئىگىلىگەن. چىلىك ۋەنچىلىك ئۇنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىش ئۈچۈن: «ئوغرىلارنى ئايەت ئوقۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ناھايىتى توغرا. بۇنداق ئوغرىلارغا ھەرگىز رەھىم قىلماسلىق كېرەك. سېنىڭ بۇ ئۇسۇلۇڭ ياخشىكەن، مەن قوللايمەن» دېگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن مەھكىمە شەرئى ئاخۇنلىرىنى چاقىرتىپ: «ئايەت ئوقۇپ ئوغرىنى ئۆلتۈرگىلى بولامدۇ؟» دەپ سورىغان. ئاخۇنلار «بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن چىلىك ۋەنچىلىك نەسرىدىن موللام قېشىغا كېلىپ: «ئايەت ئوقۇپ قانچە ئوغرىنى ئۆلتۈردۈڭ؟» دەپ سورىغان. موللا ئىختىيارسىز «12 ئوغرىنى ئۆلتۈردۈم، ئۇلار ئوغرىلىغان مالنى تاشلىغىلى ئۇنىمىغانلىقتىن شەكلە[①] بىلەن ئۆلتۈردۈم» دېگەن. چىلىك ۋەنچىلىك ئۇنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرىلىقىنى ئېيتىپ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ قويغان. ئاندىن يەنە: «گۇندىخانىدا بىرنەچچە ئوغرى بار، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئوغرى ناھايىتى يامان. بۇ ئوغرىلارنى شەكلە بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، خەلق ئارام ئالسۇن» دەپ ئىككى ئوغرىغا شەكلە يېگۈزگەن. لېكىن بۇ ئىككى ئوغرى ئۆلمىگەن. نەسرىدىن موللىنى چىلىك ۋەنچىلىك 3 ئاي سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشقا قىستىغان. موللا ھېچ ئامال قىلالماي سەڭگىيا دېگەن زەھەرنى شەكلە ئىچىگە سېلىپ بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان. ئۇنىڭغا چىرايلىق گەپلەر قىلىپ ئىقرار قىلدۇرغاندىن كېيىن ھۆججەت قىلغۇزۇپ قولىنى قويدۇرغان. ئاندىن بۇ ئېنىقلانغان

① شەكلە — زەھەرلىك دورا (كۆچلۈك ئەمەس)



ماتېرىيالنى يۇقىرىغا يوللىغاندىن كېيىن ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە تەستىق كەلگەن.

چىلىك ۋەنچىلىك خوتەن تەۋەسىدىكى مەككار ئالدامچى، ساختىپەز، چىراقچى، شىشخالچى، رەمبال، داخان (پىرخۇن) قاتارلىقلارنى يىغىپ يامۇلغا سولاپ كۈندە سوراق قىلىپ ئىقرار قىلدۇرغان. بولۇپمۇ مىزاك موللامنىڭ بىرنەچچە ئاياللارغا جادۇ - ئەپسۇن ئوقۇغانلىقى، شۇ ئارقىلىق بەزى ئاياللارنىڭ يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى، بەزىلەردىن «ئۆچ - ئامراق» قىلىمەن دەپ پۇل ئالغانلىقى، يەنە بەزىلەردىن رەتنامە ئوقۇپ ساقايتىمەن دەپ پۇل ۋە باشقا نەرسىلەر ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلدۇرغان. يەنە توختى يۈسۈپ شىشخالچى، نىياز موللا چىراغچى، قاسىم پىرخون قاتارلىقلارنىڭ غىجەك، شىشخال، چىراغلىرىنى بوينىغا ئېسىپ شەھەر ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلغان. مىزاك موللامنىڭ ئوشۇقىغا 1000 نى ئۇردۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇلارنى تۇرغۇزۇپ قويۇپ كۆز ئالدىدا نەسرىدىن موللامنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ئىبرەت قىلغان ۋە بارلىق جىنايەتچىلەرنىڭ بوينىدىن زەنجىر بىلەن باغلاپ ئىبرەت جايىدا تۇرغۇزغان. مەھكىمە شەرئى ئاخۇنلىرىدىن «رەتنامە ۋە خەتمە ئوقۇش كىتابتا بارمۇ» دەپ سورىغاندا، ئاخۇنلار «بار» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن «ئۇنداق بولسا رەتنامە، خەتمە ئوقۇيدىغانلار مەھكىمە شەرئىدىن خەت ئېلىپ ئوقۇسۇن» دەپ يارلىق قىلغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىنلا زەيدۇن بوۋام دېگەن كىشىنى چاقىرتىپ مۇنداق تاپىلىغان: «خوتەندە دىنىي كەسپتىكى ئۈچ خىل كىشىلەر بار، ئۇلارغا سىزنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدىم، ئۇلارنى ياخشى باشقۇرۇڭ. بىرىنچى خىلدىكىلەر ئىشان، ھەزرەت، خوجىلار بولۇپ ئۇلارنى خەلق ھىمايە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خەلق

ئىچىدىكى ئىناۋىتى يۇقىرى، شۇڭا ئۇلارنى باشقۇرۇشتا خەلق ئۇلارنى قانداق ھۆرمەت قىلسا سىزمۇ شۇنداق ھۆرمەت قىلىپ باشقۇرۇڭ. يەنە ئۇلارنىڭ قاتارىدا ۋائىز، مەدداھ، خەتمە ئوقۇيدىغانلارمۇ بار. ئىككىنچى خىلدىكىلەر تىلەمچىلەر، ئۇلار ئاتلىق، ئېشەكلىك، پىيادە يۇرتمۇ - يۇرت، يېزىمۇ - يېزا بېرىپ تىلەمچىلىك قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا قىزىل كۆز، ساختىپەز، ئوغرىلار بار. بۇلار تىلەمچىلىكنى باھانە قىلىپ پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى ئوبدان كۆرۈۋېلىپ ئاندىن ئوغرىلىق قىلغان. بۇنداقلاردىن نەچچىسى مېنىڭ ئالدىمغا چۈشتى. لېكىن بۇلاردىن بەزىلىرى يۇۋاش، بۇلارنى پەرقلىق ھالدا دىققەت بىلەن باشقۇرۇپ نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىڭ. ئۈچىنچى خىلدىكى كىشىلەر مېيىپ، ئاجىز يېتىم - يېسىرلار بولۇپ، بۇلارغا قاتتىق مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈپ، رەھىمدىللىك بىلەن باشقۇرۇڭ. ئۇلارنى ئاسراڭ، ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى يامۇلدىن بېرىدۇ. تەمىناتنى ياخشى ئادەمگە تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىڭ. بەزى ئىگە - چاقىسىز يېتىم بالىلارنى ماڭا مەلۇم قىلىسىڭىز ئۇلارنى خەنزۇچە مەكتەپكە بېرىپ تەربىيىلەيمىز. بۇ بىر كەسىپتىكى ئۈچ خىل كىشىلەرنى ياخشى باشقۇرماي بىرەر مەسىلە تۇغۇلسا، مەن سىزنى قاتتىق جازالايمەن» دېگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ پىرىخون، شىشىخالچىلار تەرەپ - تەرەپلەرگە قېچىپ كېتىپ، چىڭ ۋەنچىڭ خوتەندىن كەتكەنگە قەدەر كېلەلمىگەن.

## (6) چىڭ ۋەنچىڭنىڭ مەككار دوختۇر مۇھەممەتخاننى جازالىشى



خوتەن ناھىيە شۇما كەنتىدىن ئېلى پاڭ دېگەن كىشى سودا - سېتىق ئۈچۈن بازارغا كىرگەن ۋە كېسىلىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىككى مېتىر ئاق خەسىگە مەن تېۋىپ، دوختۇر دېگەن خەتنى يېزىپ دۇكان ئېچىپ ئولتۇرغان مۇھەممەتخاننىڭ ئالدىغا بارغان. مۇھەممەتخان ئېلى پاڭنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ نېمە كېسىلى بارلىقىنى سورىغان. ئۇ باشقا كېسىلى يوقلۇقىنى، قۇلىقى ئاڭلىمايدىغانلىقىنى، قۇلىقىنى داۋالاپ قويۇشنى ئېيتقان. مۇھەممەتخان «قۇلىقىڭىزنى يېرىم سائەتتە ساقايتىمەن» دېگەن. ئېلى پاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، قۇلاق ساقىيىدىغانلا بولسا نېمە دېسە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مۇھەممەتخان 30 سەر ياچەن بېرىشنى، ئاندىن قۇلاق ئېچىشنى باشلايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئېلى پاڭ «15 سەر بېرەي» دېگەن ۋە ئاخىرى تالاش - تارتىش قىلىش ئارقىلىق 25 سەر بېرىدىغان بولغان. مۇھەممەتخان ئاق پاختىغا 2~3 خىل قۇتىدىن ياغ تېمىتقان ۋە ئېلى پاڭنىڭ قۇلىقىغا مەھكەم تىقىپ ئىككى قولى بىلەن قۇلاق تۆشۈكىنى مەھكەم ئېتىۋېلىشنى ھەم ناماز شامغا ئەزان چىقىش بىلەن تەڭ ئىككى قولىنى تەڭ قۇلاقتىن ئېلىۋېتىشنى، شۇ چاغدا قۇلاق پۈتۈنلەي ئېچىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئېلى پاڭ قۇلىقىنى مەھكەم تۇتۇپ بىر مەسچىت ئالدىغا بېرىپ ئەزاننى كۈتۈپ ئولتۇرغان. ئەزان چىقىشى بىلەن قولىنى تەڭلا قۇلىقىدىن ئېلىپ قېشىدا تۇرغان بىر كىشىدىن گەپ سورىغان. لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلىيالمىغان. ئۇ دەرھال مۇھەممەتخاننىڭ دۇكىنىغا كەلگەندە مۇھەممەتخان ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەن. ئۇ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ يىغلاپ - قاخشاپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن. خوتۇن بالىلىرى ۋە قولۇم - قوشنىلىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ دوختۇرنى ھەر بازار كۈنى

بازارمۇ بازار يۈرۈپ ئىزدەشنى ئېيتقان. ئىككى ئايدىن كېيىن
بۇ ساختىپەز دوختۇرنى كونا شەھەردىكى دورىگەرلەر يېنىدىن
تاپقان ۋە قولىقىنىڭ ساقايمىغانلىقىنى، شۇڭا پۇلنى قايتۇرۇپ
بېرىشنى ئېيتقان. لېكىن مۇھەممەتخان ئۇنى تونۇمايدىغانلىقىنى
ئېيتىپ تېنىۋالغان. ئېلى پاك يىغلاپ تۇرۇپ ھېچبولمىغاندا
پۇلنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ بېرىشنى ئېيتىپ يالۋۇرغان. لېكىن
مۇھەممەتخان ئۇنى ھاقارەتلەپ ئۇرۇپ قوغلىۋەتكەن. نېمە قىلى-
شىنى بىلمىگەن ئېلى پاك يەنە يىغلاپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەن.
قوشنىلىرى ئۇنىڭغا يېڭى شەھەردىكى ھۆسىيىن بەگكە ئەھۋال
ئېيتىپ بېقىشنى ئېيتقان. ئۇ ھۆسىيىن بەگكە بولغان ئەھۋاللار-
نى دەپ ئۆز ھالىنى ئېيتقان. ھۆسىيىن بەگ ئۇنىڭغا چىڭ
ۋەنچىڭغا ئەرز تۇتۇشنى تاپىلىغان. لېكىن يەنە ئىچى ئاغرىپ
«ئەرز تۇتسىڭىز 10 سەر پۇل كېتىدۇ. شۇڭا ئەرز تۇتماي چىڭ
دارىن كوچىغا چىققاندا بېشىڭىزدىكى تەلپىكىڭىزنى ئالدىڭىزغا
قويۇپ يولدا ئولتۇرۇۋالسىز، دورغىلار قېشىڭىزغا كېلىپ ھەي-
ۋە قىلىپ ئورنىڭدىن تۇر دەپ قورقىتىدۇ. لېكىن قورقماي
ئولتۇرۇۋەرسىڭىز چىڭ دارىن گەپ سورايدۇ. ئاندىن سىزنىڭ
پۇلىڭىزنى ئېلىپ بېرىدۇ» دەپ يول كۆرسەتكەن. دېگەندەك ئېلى
پاك چىڭ ۋەنچىڭنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋالغان. چىڭ ۋەنچىڭ ئادەم
بۇيرۇپ مۇھەممەتخاننى ئەكەلدۈرگەن ۋە ئۇنىڭدىن: «بۇ كىشى-
نىڭ 25 سەر پۇلىنى نېمە ئۈچۈن ئالداپ ئېلىۋالدىڭ» دەپ
سورىغان. ئۇ: «مەن بۇ ئادەمنى كۆرمىدىم، ئۇنىڭ پۇلىنى
ئالغىنىم يوق، مەن دېگەن ئىناۋەتلىك دوختۇر. ئۇ ماڭا تۆھمەت
چاپلاۋاتىدۇ» دېگەن. چىڭ دارىن ئېلى پاكتىن: «گۇۋاھچى بار-
مۇ» دەپ سورىغان. ئېلى پاك «يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن.
ئۇنداق بولسا بۇ ئىشنى مەھكىمە شەرئى بىر تەرەپ قىلسۇن



دەپ ئادەم قوشۇپ ئەۋەتكەن. مەھكىمە شەرئى ئاخۇنلىرى گۇۋاھ-
چى يوقلۇقىنى ئۇققاندىن كېيىن تېنىۋالغۇچى «قەسەم ئىچىدۇ»
دەپ مۇھەممەتخانغا قەسەم ئىچكۈزۈپ قويۇۋەتمەكچى بولغان.
بۇنى كۆرگەن ئېلى پاك بۇنداق بىر تەرەپ قىلىشقا زادىلا قوشۇل-
مىغان. بۇنى ئاڭلىغان چىڭ ۋەنچىڭ ئالاھىدە سوراق قىلىپ،
ھەر ئىككىسىگە سەپسېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئېلى پاكقا
غەزەپلىنىپ، نېمە ئۈچۈن شەرىئەت ئاخۇنلىرىنىڭ ھۆكۈم چىقى-
رىشىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورىغان ۋە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا
مۇھەممەتخانغا قاراپ پۇلنىڭ مۇھەممەتخاندا ئىكەنلىكىنى جەزم-
لەشتۈرگەن. ئاندىن مۇھەمماتخانغا قاراپ: «قەسەم ئىچىپ بېرە-
لەمسەن» دەپ سورىغان. ئۇ: «قەسەم ئىچىپ بېرەلەيمەن، بۇ
ماڭا چاپلانغان بەدنام» دېگەن. چىڭ ۋەنچىڭ «ئۇنداق بولسا مەن
ساڭا شۇنداق قەسەم بېرەيكى، پۇلنى ئالداپ ئېلىۋالغانلىقىڭنى
قىياپىتىڭدىن بىلىپ بولدۇم. سېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەي-
مەن. بۇ قېرى بىچارە ئادەمنى ئالداپ پۇلىنى ئېلىۋېلىپ يەنە
تانامسەن؟ يېزىدىكى دېھقانلار ساڭا ئوخشاش ھىيلىگەر، مەككار
ئەمەس. ئەگەر يەنە يالغان سۆزلەيدىغان بولساڭ تاياق ئاستىدا
ئۆلىسەن، ھوشۇڭنى تاپ» دېگەن. قورقۇپ كەتكەن مۇھەممەت-
خان ئىقرار قىلغان. چىڭ ۋەنچىڭ ئېلى پاكنىڭ 25 سەر پۇلىنى
ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن مەھكىمە شەرئى ئاخۇنلىرىنى، بارلىق
سودىگەرلەرنى ۋە يۇرت كاتتىلىرىنى يامۇلغا يىغىپ مۇنداق دې-
گەن: «مەن بۇگۈنگە قەدەر ئالدىمغا كەلگەن ھەق - تەلەپ دەۋا
- دەستۇرلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئەت قانۇنىدا ھەق - ناھەق
ئىش بولمايدۇ دەپ قاتتىق ئىشىنىپ مەھكىمە شەرئىنىڭ بىر
تەرەپ قىلىشىغا ئەۋەتكەن ئىدىم. لېكىن ھازىرقى ئەمەلىي ئەھ-
ۋالدىن قارىغاندا بۇلار ياخشى ئىشلىيەلمىگەن. مۇھەممەتخاننىڭ

ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ باقماي، ئۇنىڭ قەسىمدـ
گە ئىشىنىپ، بىر گۇناھسىز دېھقانغا ئۇۋال قىلغىلى تاس قالـ
دى. سوراق ئىشلىرىمۇ بىر پاراسەت ئىلمى بولۇشى كېرەك.
مەھكىمە شەرئىنى مۇسۇلمانلار ناھايىتى ھىمايە قىلىدۇ. ھۆكۈـ
مەتمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇ چاققىچە مەھكىمە شەرئىنىڭ بىر
تەرەپ قىلىشىغا رازى بولمىغانلارنى مەن جازالىغان ئىدىم. ئېلى
پاك ۋەقەسىدىن قارىغاندا مەسىلە ئاز ئەمەسكەن. ئەگەر مەھكىمە
شەرئىنىڭ ھۆكمى بويىچە بولسا ئېلى پاك جازالىنىشى كېرەك،
ھازىر ھەممە ئەھۋال ئايدىڭلاشتى. بۇندىن كېيىن بۇنداق ئەھۋال
كۆرۈلسە خاتا دوكلات قىلغان ئاخۇنلارنىمۇ جازالايمەن. مەن
خوتەنگە كەلگەندىن بۇيان خەلقنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئامادـ
لىق ساقلاش ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ كەلگەن بولسامۇ، لېكىن
قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغان بۆرىلەر تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن
پۇقرانى ئالداپ، قاقتى ـ سوقتى قىلىپ كەلدى. بۇلار ئوچۇق
ـ ئاشكارە بۇلاڭچىلاردۇر. قانداقتۇر ئۆزلىرىنى «دوختۇر» دەپ
ئاتاپ، قارا ئۇژمىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە ھەر تۇرلۇك ئوت ـ چۆپلەرـ
دە ياسىغاندىن دورا ياساپ سېتىپ، پۇقرالارنىڭ پۇلىنى بۇلاپ
ئېلىۋالدى. بۇ ئىشلارنى مەن زادىلا بىلمەيمەن. مانا ئەمدى بۇ
ئەھۋاللار ئاشكارىلاندى. مۇھەممەتخاندىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئالـ
دامچى قولغا چۈشتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا پۇقرالارغا بولغان
زىيان ئاز ئەمەس. شۇڭا مۇشۇ ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ
قىلىش توغرىسىدا پىكىر بەرسەڭلار، مەسلىھەت كۆرسەتسەڭلار.
ھەممە تېۋىپلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتەي دېسەم بۇلارنىڭ ئىچىدە
تېبابەتچىلىك ئىلمى يۇقىرى، تەجرىبىسى مول، پاك ـ دىيانەتـ
لىك تېۋىپلارمۇ بار ئىكەن. خەلق ئۇلارغا موھتاج. شۇڭا سىلەر
قايتقاندىن كېيىن راست تېۋىپلار بىلەن يالغان تېۋىپلارنى ئايرىپ



چىقساڭلار. راست تېۋىپلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، لاياقەتلىك بولـ
غانلارنى ئەنگە ئېلىپ ساقلىق ساقلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرسام،
يالغان تېۋىپلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ جازالاشقا تېگىشلىكلەرنى
جازالاپ، پۇقرالىق قىلىشقا بۇيرۇسام» . ئەمەلدارلار بۇ يىغىنـ
دىن قايتقاندىن كېيىن راست ـ يالغان تېۋىپلارنى ئېنىقلاپ چىڭ
ۋەنچىڭغا تۆۋەندىكى كىشىلەرنى مۇنداق تونۇشتۇرغان:
1. ئەللامە بوزرۇكۋار ئەۋلادىدىن ئەخمەت ھاجىم ئەۋلادتىن
ـ ئەۋلادقا تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن دىيانەتلىك
كىشى.
2. سۇلتان ئابدۇرەشىتخان دەۋرىدە «لوقمانى سانى» دەپ
داڭق چىقارغان موللا ئېلىمشا ئاخۇنۇم ئەۋلادىدىن بولغان ھېكىمـ
شا ئاخۇنۇمنىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەت نىياز ھاجىم ۋە يۇسۇپ
ئاخۇنۇملار. بولۇپمۇ يۇسۇپ ئاخۇنۇم شىمالىي شىنجاڭ، تۇرپان،
قۇمۇل، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا كېسەل داۋالاپ شۆھرەت
قازانغان. پاك دىيانەتلىك، خەلقپەرۋەر زات.
3. قەشقەرلىق مۇھەممەت ھاجىم ئۇزۇندىن بۇيان خوتەندە
كېسەل داۋالاپ كەلگەن. بۇ كىشىنى خەلق ئىنتايىن ھۆرمەت
قىلىدۇ، تەقۋادار كىشى.
4. چاۋا ئايمىقىدىن ئەخمەتتوختى ئاخۇنۇم ئۇزۇندىن بۇيان
تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن تەجرىبىلىك تېۋىپ.
5. دۆلەت يار ھاجىم ئىزچىل مەجۇنات دورىلارنى پىششىقـ
لاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. يالغان، سۈپەتسىز
دورىلار ياساشنى نومۇس بىلگەن. شۇڭا خەلق ئارىسىدا يۇقىرى
ئىناۋەتكە ئېرىشكەن.
6. زەيدۇن بوۋام ئۇزۇندىن بۇيان تېۋىپلىق قىلىپ كەلگەن
بولۇپ كېسەللەرنى تونۇش جەھەتتە تەجرىبىسى مول، بۇ زاتنىمۇ

خەلق ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ.

7. توختىشا ئاخۇنۇم ئىلمىي تېبابەتتە كامىل. دورىسىنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى. شۇنىڭدىن كېيىن چىڭ ۋەنچىڭ «يەتتە كىشىدىن باشقىلارنىڭ تومۇر تۇتۇپ تېۋىپلىق قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. خالىغانچە دۇكان ئېچىپ دورا ياساشقا، سېتىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئەگەر خىلاپلىق قىلىنسا ئوغرى قاتارىدا جازالايمەن. بۇنىڭغا زەيدۇن بوۋام مەسئۇل بولىدۇ»، دەپ ھۆكۈم چىقارغان. مەككار ساختىپەز مۇھەممەتخاننىڭ يوتىسىغا مىڭ تاياق ئۇرۇپ ئىككى ئاي زەنجىر بىلەن ئىبرەت جايىدا باغلاپ قويغان. شۇنىڭدىن تارتىپ چىڭ ۋەنچىڭ خوتەندىن كەتكۈچە يەتتە كىشىدىن باشقا ھېچكىم تېۋىپلىق قىلمىغان.

## (7) چىڭ ۋەنچىڭنىڭ راخمان موللا باشچىلىقىدىكى ئىسيانىنى تىنجىتىشى

چىڭ ۋەنچىڭ خوتەن ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزىلارنى بىر تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، قارىقاش تەۋەسىدىكى يېزىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن بارغان. ئۇ 1908 - يىللىرى پەن ×× دېگەن ئامبالنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېچىلغان بوز يەرلەرنى كۆرۈپ بۇ جايلاردىكى تۇپراقنىڭ ياخشىلىقىدىن خۇش بولۇپ يەنە بوز يەر ئېچىش قارارىغا كەلگەن. ئەسلىدىكى بوز يەرلەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى «لەمپە مازار» دېگەن جايدىن بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن 3000 ھاشارچى بەلگىلەپ ماڭدۇرغان. بارلىق مىڭ بەگلىرىمۇ كەپە تىكلەپ شۇ يەردە تۇرغان. يامۇلنىڭ دورغىلىرى ئەمگەك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن قاتتىق ھەيدەكچىلىك قىلغان. ھەرقايسى بەگلەرگە ۋەزىپە چۈشۈرۈپ يەر ئايرىپ بەرگەن. چىڭ ۋەنچىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئەمگەككە قاتناشقان. باياۋاندىكى ئېغىر



ئەمگەك، ئاچلىق ۋە سوغۇق ئازابىغا دورغىلارنىڭ ئۇرۇشى، تىللاشلىرى قوشۇلۇپ خەلقنى زادىلا ئارام ئالدۇرماي ئىنتايىن قىينىغان. بۇنىڭغا چىدىمىغان بەزى كىشىلەر قېچىپ كېتىپ، بۇ بىپايان چۆللەردە ئېزىپ ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئەنە شۇنداق پەيتتە ھاشارچىلار ئىچىدىكى راخمان موللا دېگەن: «چۈشۈمدە ماڭا لەمپە مازار غوجامدىن بېشارەت بولدى، ھازىر چىڭ دارىننى ئۆلتۈرۈپ، خوتەن شەھىرىنى قولۇڭغا ئال، سېنى پادىشاھ قىلىمەن دېدى. ماڭا ئەگەشكۈچىلەر كەينىمدىن مېڭىڭلار. خوتەن شەھىرىنى قولىمىزغا ئالىمىز. چىڭ دارىننى ئۆلتۈرىمىز» دېگەن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھاشارچىلار راخمان موللىغا ئەگەشكەن ۋە ئاق بايراق ياساپ شۇ بايراقتا خەت يېزىپ كۆتۈرۈپ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى دورغا، ئەمەلدارلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن. «چىڭ دارىننى تۇتىمىز» دەپ ماڭغاندا ئالدىن خەۋەر تاپقان چىڭ ۋەنچىڭ يېڭى ئېرىق يولى بىلەن قېچىپ شەھەرگە كېلىۋالغان. راخمان موللا بارلىق ھاشارچىلارنى ئارقىسىغا سېلىپ قارىقاشقا چىقىپ، قارىقاش بەگلىك ئوردىنى بېسىۋېلىپ پەرۋاسىز تۇرغان. چىڭ ۋەنچىڭ ئىلچىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەربىي باشلىق ھاجى تۇڭلىڭ بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، راخمان موللىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە مەخپىي ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلار قارىقاشقا بېرىپ راخمان موللىنىڭ قابىلىيەتسىز ۋە ئاڭسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى، ھاشارچىلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئادەم توپلىيالماي نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغانلىقىنى، قېشىدا قالغان ئازغىنە كىشىلەرنىڭمۇ قولىدا كالتەكتىن باشقا قورال يوقلۇقىنى ئىگىلەپ، چىڭ ۋەنچىڭ بىلەن ھاجى تۇڭلىڭغا مەلۇم قىلغان. ئۇلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ قارىقاشقا 400 ئاتلىق قوراللىق قوشۇن ئەۋەتكەن. قوشۇن يولغا چىقىش ئالدىدا چىڭ ۋەنچىڭ:

«پۇقرالار ئاڭسىز، هاكىمىيەت دېگەننى چۈشەنمەيدۇ. سىلەر ئۇلار توپلانغان جايغا بېرىپ مىلتىقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىڭلار. قان تۆكۈلىدىغان، ئادەم ئۆلىدىغان ئىش بولمىسۇن، ئەگەر ئۇلار سىلەرگە هۇجۇم قىلسا بىرەر ئادەمنى ئېتىپ ئىبرەت قىلساڭلارمۇ كېرەك يوق. قاچسا ئارقىدىن قوغلىماڭلار. ئامال قىلىپ تىرىك تۇتۇپ باغلاپ ئېلىپ كېلىڭلار» دېگەن. ئۇلار قارىقاش بەگلىك ئوردا ئالدىغا بېرىپ پاك - پۇك مىلتىق ئېتىش بىلەن ئىسيانچىلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. ئۇلار راخمان موللا قاتارلىق 57 نەپەر هاشارچىنى تۇتۇپ باغلاپ ئىلچىغا ئېلىپ كەلگەن. بۇلارنى گۇندىخانىغا سولاپ كۈندە سوراققا تارتقان. ئىككى ئايدىن ئارتۇق سوراققا تارتىش جەريانىدا بۇلارنىڭ هەممىسى هاشارچىلاردىن ئىكەنلىكى، بىرەرمۇ يات ئادەم يوقلۇقى هەم ئۇلارنىڭ هېچقانداق بىر كىشى بىلەن ئالاقىلاشمىغانلىقى ئېنىقلانغان. چىڭ ۋەنچىڭ راخمان موللىنى سوراققا تارتقاندا، راخمان موللا ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى دەپ: «لەمپە مازار غوجام ماڭا مەدەت بېرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ بۇ ئىشنى قىلسام هېچقانداق مەدەت بولماي ئەكسىچە گۇندىخانىغا سولاندىم. هېچقانداق ئادەم بىلەن مەسلىهەتلەشمىدىم هەم ئالاقىلاشمىدىم، مېنى هەرقانچە قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزمۇ جاۋابىم مۇشۇ. ئىشنىڭ هەقىقىتىمۇ مۇشۇ» دەپ جاۋاب بېرىپ هېچكىمنى چېتىشتۈرمىگەن. ئاخىرى بۇ ئەنزە يۇقىرىغا يوللىنىپ تەستىق بويىچە 57 هاشارچىدىن 47 نەپىرى قويۇپ بېرىلگەن. 10 نەپەر كىشىنىڭ هەممىسىگە 15 يىللىقتىن 5 يىللىققىچە قاماق جازاسى هۆكۈم قىلىنغان. راخمان موللىغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن.

چىڭ ۋەنچىڭ رەخمان موللا ۋەقەسى توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا هەر خىل هەر ياڭزا سۆز - چۆچەكلەرنىڭ بولۇشىدىن



ساقلىنىش ئۈچۈن بارلىق بەگ ۋە ئەمەلدارلارنى يىغىپ يىغىن ئاچقان. يىغىندا مەهكىمە شەرئىدىن ئىككى ئاخۇن، يامۇلدىن ئىككى كىشى، سودىگەرلەردىن بىر كىشى، دېهقانلاردىن بىر كىشى بولۇپ جەمئىي ئالتە كىشى ئىلچى، قارىقاش، گۇما، لوپ، چىرا، كېرىيىلەرگىچە بېرىپ خەلقنى يىغىپ چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى بىلەن جۇڭخۇا مىنگو هۆكۈمىتىنىڭ ئالاهىدىلىكىنى، پەرقىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن تولۇق تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش، بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى دەۋرىدە رەخمان موللا ئىسيانىدەك ئىسيان كۆتۈرۈلسە، قاتناشقۇچىلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشتىن سىرت نۇرغۇن كىشىلەرنى چېتىلدۇرۇپ خانىۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىدەك ئەهۋاللارنى سۆزلەش بىلەن، جۇڭخۇا مىنگو هۆكۈمىتىنىڭ يەنىلا پۇقراغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى، قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئوق چىقارمىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئادەمگە قارىتىپ ئوق چىقارماسلىقنى تەشەببۇس قىلغانلىقىنى، هاشارچىلارغا زۇلۇم سالغان 2 نەپەر دورغىنى ئىسيانچىلارنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ توغرىلىقىنى، يەنە يېڭى هۆكۈمەت 10 نەپەر دورغىغا هۆكۈم ئېلان قىلغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق جۇڭخۇا مىنگو هۆكۈمىتىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىنى ئىسپاتلاش ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ كۈچ قۇۋۋىتىنى چۈشەندۈرۈش شۇنداقلا تىنچ ۋەزىيەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى، تىنچلىق بولمىسا خەلق بېشىغا بالايى - ئاپەت ياغىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، خەلققە نىسبەتەن تەربىيىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بىر قاتار ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. 6 نەپەر كىشى بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ هەممە يېزا قىشلاقلارغىچە بېرىپ 2 ئاي تەشۋىقات ئېلىپ بارغان.

چىڭ ۋەنچىڭ «قارىقاش بەگلىكىنىڭ دائىرىسى ناهايىتى

كەڭ، باشقۇرۇش قولايسىز، ناھىيە تەسىس قىلىش زۆرۈر» دەپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە دوكلات يوللىغان، ئۆلكە تەستىقلاپ قاراقاشنى ناھىيە قىلغان ۋە ھاكىم كېلىپ ئورۇنلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلكىدىن «بوز يەر ئاچمىز دەپ ھاشار سېلىنمىسۇن» دېگەن بۇيرۇق كەلگەن. چىڭ ۋەنچىڭنىڭ داۋاملىق بوز يەر ئېچىش ئارزۇسى رەت قىلىنغان.

1914 - يىلى تۆمۈر دەرۋازىدىن ئوردا كۆل بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوت كېتىپ نۇرغۇن ئۆي، مال - مۈلۈك كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان. 1915 - يىلى چېچەك، قىزىل قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ نۇرغۇن نارسىدە بوۋاقلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئۆلۈپ كەتكەن. 1916 - يىللىرى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ، ئىلچى دەرياسىنىمۇ بېسىپ كەتكەن ۋە بۇ سۇ ئارال، شامال باغ قاتارلىق جايلارنى پاراكەندە قىلىشتىن تاشقىرى سۇ دەرۋازىسى بىلەن ئېقىپ شورلاق ئارا كەنت، قوشكۆل، يىلپىلاق كەنتلىرىنى ۋەيران قىلىپ خەلقنىڭ گۈزەل باغلىرى، ئالىي ئۆي - ئىمارەتلىرىنى ئېقىتىپ كەتكەن. چىڭ ۋەنچىڭ بۇ ئاپەتلەرگە قارىتا كۆپ چارە - تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ كۆپ ئۈنۈمى بولمىغان. شۇڭا بۇ خىل ئاپەتلەردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن بۇتخانا سالدۇرۇپ، بۇتتىن مەدەت تىلىمەكچى بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئىلچى دەريا بويىغا بىر بۇتخانا سېلىپ «يۇي ۋاڭ مياۋ» دەپ ئاتىغان. ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر بۇتخانا سېلىپ «خوشاڭ مياۋ» دەپ ئاتىغان، قىزىل، چېچەك ئاپىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شورۋاغقا بىر بۇتخانا سېلىپ بۇنى «ياڭ نياڭ مياۋ» دەپ ئاتىغان. بۇ بۇتخانىلارغا قارايدىغانلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن ئاقتاش كەنتىدىن 200 مو يەر بېرىلگەن. چىڭ ۋەنچىڭ بۇ بۇتلارغا ئىنتايىن چوقۇنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە



مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە ئۆزىنى خەلققە تېخىمۇ ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن كونا شەھەردە بىر ھېيتكاھ مەسچىت بىنا قىلىشنى پىلانلىغان. مەھكىمە شەرقىدىن ئىككى ئاخۇن، يامۇلدىن ئىككى بەگنى خوتەن ناھىيەسى تەۋەسىدىن ئىئانە يىغىش، ياغاچ، ئاشلىق قاتارلىق لازىملىق نەرسىلەرنى يىغىشقا مەسئۇل قىلىپ قەشقەر ھېيتكاھىدىن قېلىشمايدىغان بىر ھېيتكاھ جامە سالدۇرغان. بۇ جامەدە 1918 - يىللاردىن تارتىپ ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ كەلگەن. لېكىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى قالايمىقانچىلىقىدا چېقىۋېتىلگەن. ھازىر ھېيتكاھ جامەسى بولمىسىمۇ «ھېيتكاھ دەرۋازىسى» دېگەن نام ساقلىنىپ كەلمەكتە. چىڭ ۋەنچىڭ يەنە تايتاق بازىرىنى بىنا قىلغاندا بىر مەسچىت ۋە بىر مەدرىسە سالدۇرغان. يېڭى شەھەر سېپىلى ئىچىدە ئىككى يۈز ئادەم سىغىدىغان بىر مەسچىت سالدۇرۇپ پۈتۈن مۇسۇلمان پۇقرالارنى خۇشال قىلىۋەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا سېپىل ئىچىدە بىر ئالىي قورۇلۇش ياساپ «چىڭ ۋەنچىڭنىڭ 80 ياخشى ئىشى» دەپ تاشقا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئويۇپ «مەڭگۈ تېشى» دەپ نام بەرگەن. ئەنە شۇ ئىشلار سەۋەبىدىن، قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ نامى بۇگۈنگە قەدەر ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئەمەلدارلارنىڭ ھېچقانداق ياخشى نامى بولمايلا قالماستىن، خەلق ئۇلارنى خىيانەتچى، بۇلاڭچىلار دەپ ئاتىغان.

## (8) چىڭ ۋەنچىڭنىڭ بازار باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشى

خوتەندە 1914 - يىللارغىچە ئۆتكەن ئامبال، ھۆكۈمدارلار-

نىڭ بازار باھاسى بىلەن كارى بولمىغانلىقتىن باھا تولىمۇ قالايمىقان بولغان. ھايانكەشلىك، ساختىپەزلىك، بىسىمدارلىق ئەۋج ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، باھا ئايمۇ - ئاي ئۆسۈپ تۇرغان. چىڭ ۋەنچىڭ كەلگەندىن كېيىن بۇ خىل قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، ئىستېمالچىلارنى، بولۇپمۇ دېھقانلارنى زىياندىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باھانى مۇقىملاشتۇرغان. ئالدى بىلەن بارلىق تىجارەتچىلەرنى يامۇلغا يىغىپ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە قىلىدىغان تىجارىتىگە باھا قويۇپ بەرگەن. ئالتۇن - كۈمۈش، جاۋاھىراتلار، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى ساتىدىغان سەرراپ ۋە زەرگەرلەردىن باھانى ئۆستۈرمەسلىك توغرىسىدا تىل خەت ئېلىپ مۇقىم باھا بېكىتىپ بەرگەن. ئاشلىق ئېلىپ ساتقۇچى، بىسىمدار، رەۋەندىلەردىنمۇ يۇقىرىقىدەك تىل خەت ئېلىپ جازانىخورلارنى، بىدىكلەرنى قەتئىي چەكلىگەن. ئۇ ۋاقىتلاردا تىللا سوم، كۈمۈش يامبۇ، تەڭگە تىيىن، داچەن دەيدىغان پۇللار خەجلەنگەن بولۇپ بىر يامبۇنىڭ ۋەزنى 50 سەر كۈمۈشكە تەڭ بولغان. 10 سەرلىك يامبۇلارمۇ بار بولغان. بىر تەڭگە بىر سەر كۈمۈش 5 مىسقال بولۇپ 2 مىسقاللىق تەڭگىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «خاپيىو» — قەشقەر تىزىسى دەپ ئاتىلىدىغان قەغەز پۇل بولۇپ، بۇنى پەقەت جەنۇبىي شىنجاڭدىلا ئىشلەتكەن، شىمالىي شىنجاڭدا ئىشلىتىلمىگەن. «لىڭپيىو» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل ئۈرۈمچى تىزىسى شىمالىي شىنجاڭدىلا ئىشلىتىلگەن. قەشقەر تىزىسى دېگەن قەغەز پۇل كۈمۈش پۇلدىن يۇقىرى تۇرغان.

چىڭ ۋەنچىڭ چەت ئەلدىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ كېلىنگەن گەزمال، چەرچىن ماللارنىڭمۇ باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، مۇقىم باھا بەلگىلەپ بەرگەن ھەم ئۇلارنىڭمۇ تىلىدىن



ھۆججەت ئالغان. بارلىق ناۋاي، ئاشپەز، قاسساپ قاتارلىق تىجارەتچىلەرگىمۇ باھا تۇرغۇزۇپ بېرىپ نان ۋە تاماقنىڭ باھا ئۆلچىمىنى بېكىتىپ بەرگەن. قاسساپلارغا جىڭ - تارازىلارنى توغرا تۇتۇش، كام قىلماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ مۇقىم باھا بەلگىلەپ بەرگەن. ئەگەر قايسى تىجارەتچى باھا ئۆستۈرۈۋالسا ياكى جىڭ تارازىدا كام بەرسە شۇنىڭغا دەرھال تەدبىر قوللىنىپ نەرسە كېرەكلىرىنى، نانلىرىنى، جىڭ تارازىلىرىنى بويىنىغا ئېسىپ سازايى قىلغان. ئېغىرراقلىرىنى 500 زەي قامچا ئۇرۇش بىلەن جازالىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭ ۋەنچىڭ خوتەندە تۇرغان 8 يىل ئىچىدە باھا مۇقىم بولۇپ ئۆستۈرۈۋېلىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن.

## (9) چىڭ ۋەنچىڭنىڭ خەنزۇچە مەكتەپكە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، خەنزۇ تىل يېزىقىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلىشى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دەۋرىدە خوتەندە ئىككى سىنىپلىق بىر خەنزۇچە مەكتەپ بولۇپ، خەنزۇچە تىل يېزىقنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇيغۇر بالىلار قوبۇل قىلىنغان. لېكىن ئۇيغۇرلار بالىلىرىنى خەنزۇچە مەكتەپكە بېرىشكە ئۇنىمىغاندا ئامباللار بەگلەرگە بالا ۋەزىپىسى چۈشۈرگەن. پۇل تېپىشنى كۆزلىگەن بەگلەر دائىم تىزىملىككە بايلارنىڭ بالىلىرىنى يېزىپ بەرگەن، بايلار بولسا بالىلىرىنى ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن بەگلەرگە نۇرغۇن پۇل بەرگەن. ئۇلار ئۆزلىرى يىغىۋالىدىغان بايلىقنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن يۇرتتىكى چوڭ - كىچىك بەگ، ئەمەلدار، پۇقرالارغىچە ئومۇمىيۈزلۈك پۇل، ئاشلىق ۋەزىپىسى چۈشۈرۈپ،

يېغىلغان ئاشلىق، پۇللارغا كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى سېتىۋې-
لىپ مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەن.
چىڭ ۋەنچىڭ خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن سېپىل ئىچىگە بىر
مەكتەپ سالدۇرۇپ «گاۋجى شۆتاڭ» دەپ ئاتىغان. تۆت سىنىپ
تەسىس قىلىپ بالا قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. لېكىن
پۇقرالار بۇرۇنقىدەكلا بالىلىرىنى قاچۇرۇپ خەنزۇچە مەكتەپكە
بەرمىگەن. چىڭ ۋەنچىڭ بۇنىڭ سەۋەبى چىڭ سۇلالىسى ھاكىمد-
يىتى قۇرغان خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان ئۇيغۇر بالىلارنىڭ
تەربىيىلىنىشى ياخشى بولمىغانلىقتىن ھاراقكەش، كەپسىز، ھۇ-
رۇن، جوداكەش، لۇكچەك، قىمارۋاز، نەشىكەش، ئاتا ـ ئاند-
سىغا گەپ ياندۇرىدىغان، سوقۇشقاق ئەدەپسىز بولۇپ يېتىشىپ،
ئاتا ـ ئانىغا بالايى ـ ئاپەت كەلتۈرگەنلىكىدىن بولغانلىقىنى
بىلىپ، بارلىق خەلقنى يىغىپ چوڭ يىغىن ئاچقان. يىغىندا:
«ئۇيغۇر بالىلارنىڭ خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇشى ناھايىتى زۆرۈر.
مەن ئاۋۋالقى ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ چىقتىم، سىلەر بالىلىرىڭلار-
نىڭ يامان بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ بەرمەيدىكەنسىلەر. ئۇ
چاغلاردىكى تەربىيىلەش بىلەن ھازىرقى تەربىيىلەش ئوخشىماي-
دۇ. جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى بالىلىرىڭلارنى ناھايىتى ياخشى
تەربىيىلەيدۇ، ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ كىرگۈزىدۇ، قائىدە ـ قا-
نۇنلارمۇ ئوخشىمايدۇ. بالىلىرىڭلار ياخشى ئوقۇپ چىقسا قابىلد-
يەتلىك ئادەم بولىدۇ. ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ھۆكۈمەت خادد-
مى، بۆلۈم باشلىقى، رايون باشلىقى، ھاكىم بولۇشى مۇمكىن.
مەن بۇ بالىلارنىڭ ياخشى ئوقۇپ يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىغا
كاپالەتلىك قىلىمەن. ھەربىر سىنىپقا بىردىن دىنىي مۇئەللىم
بەلگىلەيمەن. خەنزۇ مۇئەللىملەر بىلەن ئوخشاش مائاش بېرىلد-
دۇ» دەپ سۆزلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن 300 دەك بالا قوبۇل



قىلىنغان. دىگەندەك بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يارامىلىق ئادەم بولۇپ
ھۆكۈمەت خادىمى، بۆلۈم باشلىقى، رايون باشلىقى، ھاكىم ھەتتا
ۋالى قاتارلىق ئەمەللەردە بولغان.

## (10) چىڭ ۋەنچىڭنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن بازار بەرپا قىلىشى

1913 ـ يىللىرى قارىقاش دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيى بوراد-
چى دەرياسىدىن تېشىپ چىقىپ شاخلىق يېزىسىدىن قۇم چاقارغد-
چە بولغان دەريا بويىدىكى گۈزەل كەنتلەرنى پاراكەندە قىلىۋەتد-
كەن. چىڭ ۋەنچىڭ بۇ جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تايىتاق كەنتد-
نى «كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراش ئېھتىمالى بار جاي ئىكەن» دەپ
قاراپ، بۇ يەردە بازار بەرپا قىلىشنى قارار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن
بۇ ئىشقا يۇسۇپ بەگنى مەسئۇل قىلىپ بارلىق خەلقتىن ئىئانە
پۇل، ياغاچ، ئاشلىق يىغقان. ياغاچچى، تامچىلارنىمۇ ھەربىر
يېزىلارغا چۇشۇرگەن. بەش ئاي ئىشلەش ئارقىلىق بۇ يەرگە
مەسچىت، مەدرىسە ۋە ئىككى تەرەپكە قاتار كەتكەن ئىمارەتلەر
سېلىنىپ كاتتا بازارغا ئايلانغان. بۇ بازارنى دۈشەنبە كۈنى قد-
زىيدىغان قىلىپ، ئەسلىدىكى دۈشەنبە بازارنى سەيشەنبە بازارغا
ئۆزگەرتكەن. خوتەن بويىچە بارلىق تىجارەتچىلەر دۈشەنبە كۈنى
دۈشەنبە بازارغا، سەيشەنبە كۈنى سەيشەنبە بازارغا بېرىشقا مەج-
بۇر بولغان، بارمىغانلار جازالانغان، بۇ بازارلاردىن باج ئېلىنمد-
غان. دۈشەنبە بازاردا يەنە بەگلىك ئوردا سېلىنغان. بۇ يەر
ھازىرمۇ «دۈشەنبە بازار» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.
بۇ كۈنلەردە يورۇڭقاش دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ، غەربىي
قاشتىن تېشىپ كېتىپ دەريا بويىدىكى نۇرغۇن باغلارنى، ئۆيلەر-

نى ۋەيران قىلىۋەتكەن. چىلىق ۋەنچىلىق بۇ جايغا ھاشار بەلگىلەپ
ئىشلەي دېسە، يۇقىرىدىن ھاشار سېلىنمىسۇن، دېگەن ئۇقتۇ-
رۇش بولغاچقا، بۇ يەردىمۇ بىر بازار بەرپا قىلماقچى بولغان.
10 بەگلىككە بىردىن 10 كەپە ياسىتىپ، 1000 ئەمگەك كۆچىنى
مۇشۇ يەردە مۇقىم تۇرغۇزغان. بۇ ئەمگەكچىلەر دەريا مۇھاپىزىتى
بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۇزۇنغىچە تۇرغان ھەمدە بۇ يەرگە تىجارەت-
چىلەرنىڭ كېلىپ تىجارەت قىلىشى بۇيرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن
دەريا بويى بازارغا ئايلانغان. بازاردا باج ئېلىش مەنئى قىلىنغان.
بۇ بازارنى چارشەنبە كۈنى قىزىيدىغان قىلىپ بېكىتىپ «چارشەن-
بە بازار» دەپ ئاتىغان. چىلىق ۋەنچىلىق ھەر ھەپتىدە بازار كۈنى
چىقىپ، بۇ بازارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرغان. 1000 ئەمگەك
كۆچى مۇقىملاشقاندىن كېيىن كەلكۈن ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىن-
غان. يەنە بۇ بازارغا نۇرغۇن ئويۇنچى، سېھىرگەر، نەغمە –
ناۋاچى، داڭلىق ئۇسۇلچىلارنى يىغىپ ئۇلارغا ئالىي مۇكاپات
بېرىپ بۇ بازارنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرغان. شۇنداق قىلىپ بۇ
بازار چارشەنبە كۈنىدىن باشقا كۈنلەردىمۇ دەريا سەيلىسى قىزىي-
دىغان بازارغا ئايلانغان. بۇ خىل ئادەت تاكى 1939 – يىللىرىغى-
چە داۋاملاشقان.

## (11) چىلىق ۋەنچىڭنىڭ شورباغدا باغ بىنا قىلىشى ۋە كارخانا قۇرۇشى

چىلىق ۋەنچىلىق شورباغدا 100 مودىن ئارتۇق يەردە بىر باغ
بىنا قىلغان. بۇ باغقا ئەنجۇردىن تارتىپ جىگدىگىچە بارلىق
مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ يېتىشتۈرگەن. ئەتراپىغا رەتلىك
ئورمان سېلىنغان. باغ ئىچىگە بىر كۆل كولىتىپ، ئەتراپىغا



گۈل – گىياھ تېرىپ گۈزەللەشتۈرگەندىن باشقا، كۆلنىڭ ئىچىد-
دە لەنخۇا گۈلى ئۆستۈرگەن. يوللىرى ئىنتايىن رەتلىك بولۇپ،
ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان. بۇ باغنىڭ شەرق
تەرىپىگە ھايۋاناتلار باغچىسى ياساپ ھەر خىل ھايۋانلارنى ئەكەل-
دۈرگەن. يەنى بۆرە، ئەسىرو، سۇلەيسۇن، مۇلۇن، مايمۇن،
قۇلان، ياۋا قوتاز، ياۋا تۆگە، بۇغا، كىيىك، ياۋا خېچىر،
ئېشەك، نەچچە خىل توشقان، تۆت مۈڭگۈزلۈك قوچقار، داۋغان
ۋە ھەر خىل قۇش، قارچىغا، شۇڭقار، لاچىن، قۇرغۇي، نەچچە
خىل غاز، ئۈق، نەچچە خىل ئۆردەك، شاتۇتى، تاۋۇس، نەچچە
خىل قۇشقاچ، تورغاي، قىرغاۋۇل، ھاڭغىت، كەكلىك، ئولا،
بۆدىنە، مۆشۈكياپىلاق، ئىت قاتارلىق ھايۋانلارنى قويۇپ كۆر-
گەزمە قىلغان. بۇ خىل كۆرگەزمىدىن كىرگەن نۇرغۇن پۇل
چىلىق ۋەنچىڭنىڭ شەخسىي ھېسابىغا كىرگەن.
باغنىڭ شىمالىي تەرىپىدە چىلىق ۋەنچىلىق تۆت كارخانا قۇرۇپ
400 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئىشلەتكەن. بىرىنچى كارخانىدا 100
خالۋاپ گىلەم توقۇغان. توقۇلغان گىلەملەر باشقا جايلاردا سېتىل-
لىپ پۇلى چىلىق ۋەنچىڭغا تاپشۇرۇلغان. ئىككىنچى كارخانىدا
100 كىشى ئۈجمە قوۋزىقىدا خام قەغەز ياسىغان. ئۈچىنچى
كارخانىدا 65 نەپەر شايىچى ھۈنەرۋەنلەر شايى – ئەتلەس، بەقە-
سەم ۋە باشقا ئالىي رەختلەرنى ئىشلەپچىقارغان. تۆتىنچى كارخا-
نىدا 150 بۆزچى خام، چەكمەن ئىشلەپچىقارغان. بۇ خام، گى-
لەم، قەغەزلەرنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرۇپ
ساتقان. ئەتلەس، بەقەسەملەر قەشقەر، يەكەنلەردە سېتىلغان.
ئۇنىڭدىن باشقا ھەر يىلى 1000 چارەك پىلە سېتىۋېلىپ 35
قازاندا مەشۇت تارتىلغان. بۇنى خوتەندە سېتىشتىن باشقا ھىن-
دىستانغا ماڭدۇرغان. يەنە 40 مو يەرگە ئوسما تېرىپ نىل رەڭ

ئىشلەپ ساتقان. 30 يەردە شېكەر قوناق تېرىپ سۈيىنى قىيام قىلىپ ھەر خىل مۇراببالارنى ئىشلەپچىقارغان. 40 مو يەرگە ئۈجمە تېرىپ كۆچەتلەرنى دېھقانلارغا سېتىپ بەرگەن.

چىڭ ۋەنچىڭدىن بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلار ھەل قىلالمىغان پولات ھاجى بىلەن ئىسمائىل خان غوجىنىڭ يايلاق داۋاسىنى پاراسەت بىلەن ھەل قىلىپ ھەر ئىككى تەرەپنى رازى قىلىش بىلەن 500 يامبۇ خىزمەت ھەققى ئالغان. قارىقاشنىڭ ياۋا يېزىسىدىكى تۈگمەن كەمچىل بولۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، تۆت تاش تۈگمەن چۆرۈتۈپ، بۇ تۈگمەننى ئۆزى 5000 سەر يارچەنگە سېتىۋېلىپ، دېھقانلارنىڭ ئۇن تارتىشىدىن كىرگەن كىرىمنى يانچۇقىغا سالغان. لاسكۇيدا 10 تاش تۈگمەن چۆرۈتۈپ بۇنىمۇ 2500 سەر كۈمۈشكە سېتىۋالغان.

چىڭ ۋەنچىڭ خوتەنگە كەلگەندىن تارتىپ كەتكەنگە قەدەر قەتئىي پارا ئالمىغان، قول ئاستىدىكىلەرگىمۇ پارا ئالدۇرمىغان. لېكىن ئۆزىگە بايلىق توپلاشتا ئۆتكەنكى ھەرقانداق ئەمەلدارلاردىن ئېشىپ كەتكەن. چىڭ ۋەنچىڭنىڭ بايلىق توپلاش ئۇسۇلىنىڭ يەنە بىرى مۇنداق بولغان: ئۇ ھەر يىلدا بىر نۆۋەت بەزىدە ئىككى نۆۋەت ئىلچى، قارىقاش، لوپ قاتارلىق جايلاردا بارلىق ئەمەلدار ۋە بايلارنى ئۆتكەنكى ئەجدادلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىگە چاقىرغان. بۇنىڭغا كېلىدىغان ئادەم 1000 دىن ئارتۇق بولۇپ بۇلارنىڭ ئالدى 100 سەردىن، كەينى 10 سەرگىچە سوۋغا ئېلىپ كەلگەن. زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنغانلار ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ئىناۋىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان. شۇڭا بۇ زىياپەتكە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىشقان. بۇ ئۇسۇل بىلەن چىڭ ۋەنچىڭغا قىلىنغان سوۋغا 10 مىڭ سەر كۈمۈشتىن ئاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭ ۋەنچىڭ خوتەندە غەللە ۋە باج، سوراق پۇلى قاتارلىقلارنى باشقا ئامباللاردەك ئۆستۈرمىگەن. چىڭ ۋەنچىڭ ئۇستىلىق بىلەن پۇقرانى قاقشاتماي نۇرغۇنلىغان بايلىقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. 1916 - يىللىرى قەشقەردىكى زالىم ھۆكۈمران ماپۇشىڭ ئۆزىنىڭ نەپسى ئۈچۈن خوتەنگە ئورۇنسىز سېلىق سالغان. بۇ ۋەزىپىنى چىڭ ۋەنچىڭ دېھقانلاردىن ئالماي تىجارەتچىلەردىن ئېلىپ بەرگەن.

---

① مەرھۇم مۇھەممەت ئابدۇللا ھاجى 1907 - يىلى خوتەن شەھەر ئوردا كۆلبېشى مەھەللىسىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق چاغلىرىدا خوتەندىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن تەلىم ئېلىپ، ئىلىم - مەرىپەتلىك بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ھاياتىدا خوتەندە بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەرگە شاھىت بولۇپ، بۇ ھەقتە قىممەتلىك تارىخىي خاتىرىلەرنى قالدۇرغان ۋە بىر قىسىم ماقالىلىرىنى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» قاتارلىق كىتابلاردا ئېلان قىلدۇرغان. ئاپتور ھايات چېغىدا خوتەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى تارىخ - مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئەزاسى بولغان. ئۇ 1996 - يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

顾　　问：赛尔杰
编委会主任：艾力肯·乌守尔·艾里
编委会委员：艾力肯·乌守尔·艾里
司马义·伊布拉音
阿里木·朱马什
艾合买提江·艾山
托合提·阿尤甫
迪拉热·哈米提
艾景顺
主　　审：艾力肯·乌守尔·艾里

主　　编：艾力肯·乌守尔·艾里
责任编辑：马合木提·买买提
编　　辑：贾孜拉
校　　对：马合木提·买买提

新疆文史资料选辑(维吾尔文)(49)
政协新疆维吾尔自治区委员会文史资料和学习委员会编
乌鲁木齐市南湖北路135号　邮编：830063

乌鲁木齐新协印务有限公司
乌鲁木齐市新华北路47号　邮编：830002

字数：190千字　开本：大32开　印张：10.94印张
印数：1～1 000册
2008年2月印刷

新疆维吾尔自治区内部资料准印证(2008)年第002号
(内部资料　免费交流)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

新疆维吾尔自治区新闻出版局内部资料准印证（2008）年第 002 号
（内部资料　　免费交流）